
«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرى ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرى ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物

جۇڭگو شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق مىللىي ئۇسسۇل بايرىمىدىن كۆرۈنۈش

— ئۆركەش جاپپار فوتوسى



XINJIANG CIVILIZATION•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

4

2008

新疆文化

ISSN 1008-6498

جۇڭگو شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق مىللىي ئۇسسۇل بايرىمىدىن كۆرۈنۈشلەر

— تۇركەش جاپپار فوتوسى










www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(57- يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2008- يىل 4- سان
(ئومۇمىي 292- سان)



باش مۇھەررىر:
**زۇنۇن باقى** (قوشۇمچە)
(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت
نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ
مۇئاۋىن مۇدىرى)

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**قۇربان مامۇت**
(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**رىسالەت مۇھەممەت**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

تەكلىپلىك مۇھەررىر:
**نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن**
(ئەدەبىيات ماگىستىر ئاسپىرانتى)

تەكلىپلىك گۈزەل سەنئەت
لايىھىلىگۈچى:
**بەھرام قۇربان سىنتاش**


●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق●

# بۇ ساندا

## تەبرىك سەھىپە


جۇڭگو شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق مىللىي ئۇسسۇل بايرىمى ئاياغلاشتى ... ۋاڭ يايۈن 2


## زامان تەقەززا پىكىرلەر


«يەرشارىلىشىش» ۋە بىز .................. دىلمۇراد مەھمۇد 3


## ئىسلاھات ۋە مىللىي روھ


ياپونلاردا ئىسلاھات ۋە مىللىي روھ..................... مۇھەممەت راخمان 12


## ياخشىلىق يەردە قالماس


ئۇنتۇلغان زەردار ھەققىدە يېڭى ئەسلىمە....(ئوچېرك)........نۇرمۇھەممەت توختى 21


## سەھرا سۈرەتلىرى


سەھرا بازىرىدىكى ھېكايە............(ھېكايە)....... ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى 35


## بىرىنىڭ كاساپىتى مىڭغا


«ياغلىق قاپاق» ۋە بۇلغانغان كىملىك .................. زۇلپىقار بارات ئۆزباش 40


## روھ يىلتىزى


مەدەنىيەتنىڭ گېن خەرىتىسى ...................... ھەببۇللا توختى 52


## تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر مېۋىلىرى .................. قەمەرىددىن قادىر قاتارلىقلار 65


## ئوربىتا ئىزدەش


مائارىپ دوقمۇشىدىكى خىياللار ..................... تەلئەت قادىرىي 74


## ئاتىلار سۆزى ـ ئەقىلنىڭ كۆزى


تۇردى ھاجىم تېبىبىي ھېكمەتلىرىدىن ........... توپلىغۇچى: مەتتۇرسۇن مۇھەممەت 80


مۇقاۋىنىڭ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ بەتلىرىدە: جۇڭگو شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق مىللىي ئۇسسۇل بايرىمىدىن كۆرۈنۈشلەر. ئۆركەش جاپپار فوتوسى.


**بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا رېداكتورى: قۇربان مامۇت**



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق مىللىي ئۇسسۇل بايرىمى ئاياغلاشتى

جۇڭگو شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق مىللىي ئۇسسۇل بايرىمىنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمى 2008 ـ يىل 18 ـ ئىيۇن كەچتە شىنجاڭ «خەلق» سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى،شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئەركىن ئىمىرباقى، ئەسقەت كەرىمباي قاتارلىقلار ئاياغلىشىش مۇراسىمغا قاتناشتى ھەم ئويۇن كۆردى.

ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق مىللىي ئۇسسۇل بايرىمى تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى يى ئاياغلىشىش مۇراسىمىدا سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇ نۆۋەتلىك ئۇسسۇل بايرىمى قەلبلەرنى لەرزىگە سالغان كاتتا كۆرەك بولۇپ، كىشىلەر سەنئەتنىڭ گۈزەللىكىدىن ھاياتنىڭ مەنىسى، ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ، كىشىلەرگە ئىختىيارسىز بۇ يىل 11 ـ مايدا سىچۈەن ۋېنچۈەندىكى ئېغىر يەر تەۋرەشتە قازا قىلغان تۇمەنلىگەن قېرىنداشلىرىمىزنى ئەسلەتتى؛ ئاپەت بولغان رايوندىكى خەلقنىڭ ھاياتنى قەدىرلەپ، دەۋرگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، گۈزەللىك بەرپا قىلىپ، قول تۇتۇشۇپ يۇرت ـ ماكانىنى قايتا قۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى؛ جۇڭگو خەلقىنىڭ تولۇپ تاشقان جاسارەت بىلەن ئاجايىپ يارقىن ھاياتلىق سىمفونىيىسىنى ياڭرىتىۋاتقانلىقىنى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دۇنيا خەلقىگە تېخىمۇ يارقىن، ئۇتۇقلۇق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى نامايان قىلدى. لى يى ئۇسسۇل بايرىمى تەشكىلىي ھەيئىتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭدىكى 20مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقىگە ۋاكالىتەن بۇ نۆۋەتلىك ئۇسسۇل بايرىمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشىگە زور تۆھپە قوشقان ھەر ساھە زاتلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى ھەم يېقىن كەلگۈسىدە يەنە مۇشۇنداق كاتتا كۆرەك ئۆتكۈزۈپ، دىدارلىشىشنى ئۈمىد قىلدى.

ئاياغلىشىش مۇراسىمىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دۇ چىرۇي، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كې لى قاتارلىق رەھبەرلەر «سەنئەت تۆھپە مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ئېفىئوپىيە دۆلەت تىياتىرى، سەنشى«خۇاجىن» ناخشا ـ ئۇسسۇل، تىياتىر ئۆمىكى، شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى قاتارلىق 16كوللېكتىپ ۋە «بىر سىقىم چىلان»نىڭ ئەر باش رولچىسى رېن جۈنجې قاتارلىق يەتتە كىشىگە مۇكاپات تارقىتىپ بەردى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە يەتتە كوللېكتىپ «مەدەنىيەت ئىناقلىق مۇكاپاتى» ۋە سەككىز كوللېكتىپ «خەلقئارا دوستلۇق مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. يېپىلىش مۇراسىمىغا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تاشقى مەدەنىيەت ئالاقىسى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق مىللىي ئۇسسۇل بايرىمى تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ باش كاتىپى لى دۇڭبىن رىياسەتچىلىك قىلدى.

جۇڭگو شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق مىللىي ئۇسسۇل بايرىمىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەنى ئاخبارات ئىشخانىسى ئورتاق باشقۇرغان بولۇپ، 11كۈن داۋاملىشىپ 45مەيدان ئويۇن قويۇلدى: شۇنىڭ بىلەن بىللە، «مىللىي ئۇسسۇل سەنئەت مۇنبىرى»ۋە «مەدەنىيەت ـ سەنئەت كۆرگەزمىسى»ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايىدىكى تەخمىنەن 50مىڭ ھەر مىللەت تاماشىبىن ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىچە، جەلپكار ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە مەدەنىيەت سېھرىي كۈچىدىن مەركەزلىك ھوزۇرلاندى.

ئاياغلىشىش مۇراسىمىدا تەكلىپ بويىچە ئۇسسۇل بايرىمى باھالاش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىنى ئۈستىگە ئالغان ئۇسسۇل ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەردىن جيا زوگۇاڭ، بەي شۇشاڭ قاتارلىق 11كىشى بىرلىكتە «جۇڭگو شىنجاڭ مىللىي ئۇسسۇل بايرىمى خىتابنامىسى»تەييارلىدى. «خىتابنامە»دە «ئۇسسۇل بايرىمى»غا يۈكسەك باھا بېرىلدى ھەم دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇل سەنئىتىنى قوغداش، ۋارىسلىق قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش ۋە جۇڭگو شىنجاڭ خەلقئارالىق مىللىي ئۇسسۇل بايرىمىنى داۋاملىق ياخشى ئۆتكۈزۈشكە بولغان ئەڭ سەممىي ھېسسىيات ۋە قىزغىن ئۈمىد ئىپادىلەندى.

ئاياغلىشىش مۇراسىمىدىن كېيىن شىنجاڭ ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى ۋە خوتەن ۋىلايىتى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئارتىسلىرى، فرانسىيە پولىنېزىيە ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى، گرېتسىيە «دوراستروتۇ» تىياتىرى، ئېفىئوپىيە دۆلەت تىياتىرىنىڭ ئارتىسلىرى بىلەن بىللە تاماشىبىنلارغا «يىپەك يولىدىكى بۇلاق»، «يايلاقتىكى چارۋىچىلار ناخشىسى»، «قارلىق تاغ بۈركۈتى»، «دولان»دىن ئىبارەت تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپقان چوڭ تىپتىكى ئۇسسۇل كونسېرتى ــ «يېڭى ئۇسسۇل ماكانى»نى تەقدىم قىلدى. ئارتىسلارنىڭ سەرخىل نومۇرلىرى تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ــ ۋاڭ يايۇن

(M2)«شىنجاڭ گېزىتى»مۇخبىرى



# «يەرشارىلىشىش» ۋە بىز

دىلمۇراد مەھمۇد

ئىنسانىيەتنىڭ بىر مەنبەدىن ئاپىرىدە بولغانلىقى ئىلىم-پەن ۋە ھەر خىل دىن مەنبەلىرى تەرىپىدىن ئورتاق ھالدا ئېتىراپ قىلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئىنسانىيەتنىڭ قايتىدىن شۇ بىر مەنبە، يەنى بىردەكلىككە قايتىدىغان ياكى قايتمايدىغانلىقى مەسىلىسى بولسا بۈگۈنكى دۇنيا ئىلىم ساھەسىدە تالاش-تارتىش قوزغاۋاتقان دىققەت مەركىزىدىكى بىر قىزىق نۇقتا. «يەرشارىلىشىش» دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى، بىرلا قاراشتا ئىنسانىيەتنىڭ شۇ خىل بىردەكلىككە قاراپ مېڭىش جەريانىنىڭ باشلانغانلىقىدىن سىگنال بەرگەندەك كۆرۈنىدۇ. دېمەسمۇ، ئوخشىشىپ كېتىۋاتىمىز. بۈگۈن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىن غەرب دۇنياسىغا بېرىپ-كېلىۋاتقانلار ئۆز ئەللىرىدە يېقىنقىياقى پەيدا بولۇۋاتقان يېڭى يۈزلىنىشلەرنىڭ ئەسلىدە غەربلىكلەردىن كەلگەنلىكىنى بىردەك چوڭقۇر ھېس قىلماي قالمايدۇ. بۇلتۇر ئەنگلىيىدە بىر يىل ئىلىم زىيارىتىدە بوپكەلگەن پېقىرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. دېمەك، غەربلىكلەر بىزگە ئەمەس، بىز غەربلىكلەرگە ئوخشىشىپ كېتىۋاتىمىز. لېكىن غەربلىك ئالىملارنىڭ «يەرشارىلىشىش»نى چىرايلىق سۈپەتلىشىچە: «يەرشارىلىشىش دۆلەتلەردىن ھالقىغان سىياسىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يۈكسىلىشى، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى، ھەممە شۇلارنىڭ نەتىجىسىدە دۇنيا مىقياسىدىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆز-ئارا كەڭ دائىرىدە ئارىلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ.»[1] بىز بۇ ئىزاھتىن گويا پۈتكۈل شەرق ۋە غەرب باراۋەرلىك ئاساسىدا بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقاندەك بىر مەنزىرىنى كۆرگەندەك بولىمىز. ھالبۇكى، مەسىلە راستىلا شۇنداق ئاددىيمۇ؟

«يەرشارىلىشىش» جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق ۋە شۇنداقلا دىنشۇناسلىق ساھەسىدىكى مەخسۇس بىر ئاتالغۇ سۈپىتىدە 1970-يىللارنىڭ ئاخىرى، 1980-يىللارنىڭ باشلىرى تىلغا ئېلىنىشقا باشلىغانىدى. ھالبۇكى، بۇ ئىبارىنىڭ مەخسۇس تەتقىقات دائىرىسىگە كىرىشى ۋە جاھان بويلاپ تارىلىشى 1989-يىلى بېرلىن تېمى ئۆرۈلگەندىن كېيىنلا ۋۇجۇدقا كەلدى. ئۇنىڭدىن خېلى بۇرۇن، يەنى «يەرشارىلىشىش» ئاتالغۇسى دۇنياغا كېلىشىنىڭ ئالدىدا «يەرشارى كەنتى» دېگەن ئاتالغۇ ئوتتۇرىغا چىققانىدى. بۇ نامنى ئەڭ دەسلەپ ۋىندخام لېۋىس «ئامېرىكا ۋە ئالەم ئادىمى»(1948) ناملىق كىتابىدا تىلغا ئالغان بولۇپ، بۇ ئاتالغۇ ئەستىدىكى ئىدىيە ئاساسەن ئېلېكترونلۇق تاراتما (مېدىيە) ۋاستىلىرىنىڭ ئىنسانىيەت ئالاقىسىدىكى ماكان ۋە زامان چەكلىمىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، كىشىلەرنىڭ يەرشارى مىقياسىدا ئۆز-ئارا باغلىنىش ئىمكانىيىتى يارىتىدىغانلىقى، شۇ مەنىدىن ئالغاندا پۈتكۈل يەرشارى ئېلېكترونلۇق تاراتما ۋاستىلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە بىر كەنتكە ئوخشاش ھالەتكە كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ھالبۇكى، بۇ ھالەت بۈگۈن «يەرشارىلىشىش» ھادىسىسىنىڭ بىر نەتىجىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنماقتا. بۇلارنى

زامان تەقەززا پىكىرلەر

www.uyghurkitap.com

«خەلقئارالىشىش» دەيدىغان يەنە بىر ئاتالغۇ بىلەنمۇ ئاجرىتىش كېرەك. ««خەلقئارالىشىش»دېمەك خەلقئارالىق سودا، مۇناسىۋەت، شەرتنامە ۋەھاكازالارنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ.»[2]

«يەرشارىلىشىش» بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئەڭ زور يۈزلىنىشىنىڭ بىرى بولۇشىنىڭ ئۈستىگە قاتتىق مۇنازىرە ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بىر ھادىسىدۇر. بۇ ھادىسىنى تەنقىد قىلغۇچىلارنىڭ قارىشىچە، ئۇ، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەر خەلقلىرىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىۋاتقان جەريان بولۇپ، ناھايىتى ئاز پايدا ياراتقانىنىڭ ئۈستىگە غايەت زور ۋەيرانچىلىق پەيدا قىلماقتا. مەسىلەن، بېنگال، ھىندونېزىيە ۋە ئافرىقىدىكى نۇرغۇن دۆلەتنىڭ بۈگۈنكى رېئاللىقى بۇ نۇقتىنى مەلۇم ياقتىن دەلىللەيدۇ. شۇڭا غەربتە دۇنيا سودا تەشكىلاتى، دۇنيا بانكىسى قاتارلىق خەلقئارالىق گۇرۇھلارغا قارشى نامايىش ۋە قارشىلىقلار توختىمايۋاتىدۇ. قوللىغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە بولسا، ئۇ، دۇنيا ئىقتىسادى بىلەن بىر گەۋدىلىشىش يولىغا ماڭغان دۆلەتلەردە نامراتلىقنىڭ يەڭگىللىشى ئۈچۈن ئىجابىي رول ئوينىماقتا. جۇڭگو، ۋيېتنام، ھىندىستان،ئۇگاندا قاتارلىق دۆلەتلەر بۇنىڭ تىپىك مىساللىرىدۇر.

تۆۋەندە بىز «يەرشارىلىشىش»نىڭ نەتىجىسى ھەققىدىكى زىددىيەتلىك قاراشلارنى كۆرۈپ ئۆتەيلى. تۆۋەندە بۇ قاراشلار ئىچىدە «يەرشارىلىشىش»نىڭ دۇنيادىكى ئىقتىسادىي تەڭسىزلىكلەرنى ئاشۇرىدىغان ياكى كېمەيتىدىغانلىقى ھەققىدىكى تالاش ـ تارتىشلار ھەممىدىن كەسكىن بولماقتا. «يەرشارىلىشىش» بۇ خىل تەڭسىزلىكلەرنى ئاشۇرىۋېتىدۇ، دەپ قارىغۇچىلار مۇنداق مۆلچەرلەيدۇ:

يەرشارىلىشىش← دۇنيا ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ ئۆسۈشى← تېخىمۇ زور بولغان دۇنياۋى ئېشىنچە بايلىق← تېخىمۇ زور بولغان يەرشارى خاراكتېرلىك كىرىم تەڭسىزلىكى (لېنسكىي 1996).

يەرشارىلىشىش← كاتتىلارغا تېخىمۇ زور مەنپەئەت تېگىش← ئېشىنچە بايلىقنىڭ كاتتىلار تەرىپىدىن تېخىمۇ كۆپ نىسبەتتە ئىگىلىنىشى ← تېخىمۇ زور بولغان يەرشارى خاراكتېرلىك كىرىم تەڭسىزلىكى (ئىممانۇئېل 1972، كاستېللس 1998).

«يەرشارىلىشىش» دۇنياۋى ئىقتىسادىي كىرىم تەڭسىزلىكىنى يەڭگىللىتىدۇ،دەپ باھالىغۇچىلارنىڭ مۆلچەرلىرى بولسا تۆۋەندىكىچە:

يەرشارىلىشىش← ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرىنىڭ تېخىمۇ تېز سۈرئەتتە نامرات رايونلارغا تارقىلىشى ← تەكشى ئىقتىسادىي ئۆسۈش نىسبىتىنىڭ نامرات رايونلارغا پايدىلىق بولۇشى← يەرشارى خاراكتېرلىك كىرىم تەڭسىزلىكىنىڭ يېنىكلىشى ( دى لوڭ 1988).

يەرشارىلىشىش← سانائەتلىشىشنىڭ كېڭىيىشى ← نامرات رايونلارنىڭ سانائەتلىشىشى ← كىرىم تەڭسىزلىكىنىڭ كېمىيىشى (ئامىسدىن 2001 ، فىربائۇگخ 2003).

بۇلار پەقەت «يەرشارىلىشىش»نىڭ دۇنيا ئىقتىسادىغا بولغان تەسىرى مەسىلىسى، خالاس. دەرۋەقە، بۈگۈنكى كۈندە بىر دۆلەت، رايون ياكى يەرلىكنىڭ ئىقتىسادى ئۆزلىرى بازار تورلىرى ئارقىلىق باغلىنىپ تۇرغان يەرشارى خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي كۈچكە باغلانماي قالمايدۇ.

«يەرشارىلىشىش»نىڭ تۈپكى سەۋەبلىرى ھەققىدىكى قاراشلار تۆۋەندىكىچە: 1. زامانىۋىلىشىش (ئانتونىي گىددېنس 2000)، 2. كاپىتالىزم (ۋاللېرستەيىن1991)، 3. پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى (روسېنائۇ 2003)، 4. سىياسىي كۈچ (گىلپىن 1987). تۆۋەندە بۇلارنىڭ ئىچىدە ۋاللېرستەيىننىڭ قارىشى بىرقەدەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلمەكتە. توماس فرىدمانمۇ كەسكىن ھالدا ««يەرشارىلىشىش» دېمەك ئەركىن بازار كاپىتالىزمىنى دۇنيادىكى ھەربىر دۆلەتكە تارتىش دېمەكتۇر»[3] دەپ ئېيتىدۇ. پروفېسسور باگۋاتى جاگدىشنىڭ قارىشىچىمۇ، «يەرشارىلىشىش» كۆپىنچە ئىقتىسادىي «يەرشارىلىشىش»نى كۆرسىتىپ كەلدى. يەنى، ئۇ دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ سودا، چەت ئەللەرنىڭ بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىشى، كاپىتالنىڭ ئېقىشى، نوپۇسنىڭ كۆچۈشى ۋە پەن ـ تېخنىكىنىڭ تارقىلىشى داۋامىدا خەلقئارالىق ئىقتىساد بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىشىدۇر[4]. دۇنيا بانكىسى تەرەققىيات سىياسىتى دىرېكتورى داۋىد دوللارمۇ «يەرشارىلىشىش» ھادىسىسىنى ئەمەلىيەتتە ئىقتىسادىي بىرگەۋدىلىشىش ھادىسىسى دېگەندە تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ»[5] دەپ قارايدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئېكولوگىيە ئىقتىسادشۇناسى دالى خېرمان تېخىمۇ تەپسىلىي قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ««يەرشارىلىشىش»دېمەك، ئىقتىسادىي مەقسەتلەر بىلەن دۆلەت چېگرىلىرىنى ئۆچۈرۈش: خەلقئارالىق سودا (نىسپىي ئەۋزەللىكلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ)نىڭ رايونلار ئارا سودا (مۇتلەق ئەۋزەللىكلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ)غا ئايلىنىشىدۇر.»»[6] بۇ يەردە دۆلەتلەر ئارا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئىلگىرىكىدەك دۆلەت چېگرىلىرىنى پاسىل قىلغان مۇناسىۋەتلەر بولۇۋەرمەي، بەلكى بىر دۆلەت ئىچىدىكى رايونلار ئارا مۇناسىۋەتلەردەك ئەركىن بولۇشقا قاراپ يۈزلىنىدىغانلىقى ئالغا سۈرۈلگەن.

دېمەك، «يەرشارىلىشىش» ئەڭ ئالدى بىلەن يەنىلا ئىقتىسادنىڭ «يەرشارىلىشىشى»دۇر. يەنى «يەرشارىلىشىش»نىڭ تۈپكى يىلتىزى يەنىلا ئىقتىسادتۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ دۆلەتلەرنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن ئاكتىپ ئالاقە ئورنىتىشى ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى چىقىش قىلىدۇ. بۈگۈنكى ئىقتىسادىي

مەنپەئەت بولسا دۇنيانىڭ ئاساسلىق ئېقىمى بولغان ئەركىن بازار ئىگىلىكىگە ئەگىشىش ۋە شۇ ئاساستا باشقىلار بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزئارا مەنپەئەت ئېچىدىكى بىرگەۋدىگە ئايلىنىشنى ئاخىرقى نىشان قىلماقتا. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا «يەرشارىلىشىش» سودىلارنىڭ دۆلەتلەر چېگرىلىرىدىن ھالقىپ پۈتكۈل يەرشارى مىقياسىغا كېڭىيىشى، ھەم بۇنىڭ بىلەن خىلمۇخىل بازار ئارىسىدىكى ئۆزئارا باغلىنىشنىڭ ئېشىپ بېرىش جەريانىدۇر. بۇ جەرياندا سىياسىي،ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ساھەلىرىدىمۇ ئۆزئارا باغلىنىش تەبىئىي ھالدا كۈچىيىپ بارىدۇ. شۇنداق ئىكەن، «يەرشارىلىشىش»نىڭ ئاقىۋىتى ئىقتىسادىي بىرگەۋدىلىشىش ياكى تورلىشىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ««يەرشارىلىشىش»نى ھەرقايسى ساھەنىڭ ئاساسلىق ھالدا بازارلار ئارقىلىق جاھان بويلاپ بىرگەۋدىلىشىشى دېيىش مۇمكىن.»[7] بۇ يەردە بازارلارنىڭ، يەنى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تۈرتكىسىدە مەيدانغا كېلىدىغان نۇرغۇن ساھەنىڭ بىردەكلىشىش ۋە بىر گەۋدىلىشىش جەريانىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. يەنە بىر نۇقتىدىن ئالغاندا، ««يەرشارىلىشىش»نىڭ ئىككى خىل ئاساسلىق يۈزلىنىشى بار: بۇنىڭ بىرى، كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان يەرشارى خاراكتېرلىك باغلىنىش، يەنە بىرى، كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان يەرشارى خاراكتېرلىك ھوشيارلىق. بۇ خىل باغلىنىش ھەم ھوشيارلىق ئىنسان ھاياتىنىڭ مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەپلىرىگە ئورتاق چېتىلغان ھادىسە بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى.»[8]

ئىنسان توپلىرى ئارىسىدىكى باغلىنىش ۋە ھوشيارلىق ئۇزاق تارىختىن بېرى بوپكەلگەن ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇلار ھازىر تارىختىكى ئەڭ سەزگۈر دەۋرگە كىردى. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆتمۈشتىكى قانۇنسىز، پىلانسىز، تەڭسىز ھالدىكى مەۋجۇدلۇقىدىن بارا-بارا قانۇنلۇق، پىلانلىق ۋە باراۋەر ھالەتكە كەلمەكتە. بىراق بۇ يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس. مانا بۇ بۈگۈن يەنىلا نۇرغۇن دۆلەتنىڭ «يەرشارىلىشىش» داۋامىدا ئېغىر تالاپەتلەرگە ئۇچراۋاتقانلىقىنىڭ بىر سەۋەبى. يەنە بىر سەۋەب، ئۇلارنىڭ پەمسىزلىكىدىندۇر. بۈگۈنكى دۇنيادا دۆلەت دەرۋازىلىرىنى چىڭ تاقاپ، بېكىنىپ ياشىغانلار چوقۇم زىيان تارتىدۇ. دۆلەت دەرۋازىلىرىنى سىرتقا ئاچقانلار غەرب دۇنياسى ئەركىن بازارلىرىنىڭ قاتتىق سىنىقىغا دۇچ كەلمەي قالمايدۇ. مۇشۇ سىناقتا يەڭگەنلەر ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ۋە يۈكسىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشى شەرت. بۇ ئىختىساس ئىگىلىرى تەرەققىي تاپقان غەربنىڭ ئەڭ ئىلغار پەن-تېخنىكىسى بىلەن قوراللىنىش بىلەن بىرگە، يەنە ئۆز توپى ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. مەيلى قانداق بولسۇن، غەربنىڭ سودا، ئىقتىساد ۋە باشقا جەھەتتىكى تەجرىبىلىرى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ تەنقىدىي ھالدا ئۆگىنىشى، قوبۇل قىلىشى ۋە تولۇقلىشىغا ئەرزىيدۇ ھەم ئۆزۈندىن بۇيان شۇنداق بوپكەلدى. توماس فرېدمان شۇ پاكىتلار ئاساسىدا «يەرشارىلىشىش» ھادىسىسىنى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ شەرھلەيدۇ: بىرىنچى باسقۇچ، يەنى«يەرشارىلىشىش 1.0 ». 16-ئەسىردە يېڭى دېڭىز يوللىرى ئېچىلغاندىن كېيىن باشلانغان بولۇپ، بۇ، ياۋروپانىڭ 300يىل جەريانىدىكى سودا خاراكتېرلىك كېڭىيىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچ- «يەرشارىلىشىش 2.0 ». كاپىتالىزمنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى 200 يىللىق تەرەققىياتىدۇر. «يەرشارىلىشىش 3.0 » بولسا دەل بېرلىن تېمى ئۆرۈلگەندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن يېڭى يۈزلىنىشتۇر. ئۇ«سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى» مەزگىلىدىكى شەرق-غەرب بۆلۈنۈشىنىڭ ئەركىن كاپىتالىزمنىڭ كېڭىيىشىنى توسۇپ قويغانلىقى ۋە 1989-يىلىدىن كېيىن بولسا پۈتۈنلەي يېڭى بىر «يەرشارىلىشىش» باسقۇچىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ[9] . دېمەك، بۈگۈن «يەرشارىلىشىش» ئومۇمەن 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا باشلانغان ھادىسە دەپ قارىلىۋاتقان بولسىمۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش تىپتىكى ھادىسىلەرنىڭ خېلى ئەسىرلەر ئىلگىرىلا مەيدانغا كەلگەنلىكى مەلۇمدۇر. بىراق، ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ۋە «سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى» مەزگىللىرىدە «يەرشارىلىشىش» ھادىسىسى پەسكويغا چۈشۈپ قالغانىدى. يەنى ۋەيرانچىلىق ۋە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش يەرشارى مىقياسىدا ئىقتىسادىي بىر گەۋدىلىشىشنى توسۇپ قويىدى. روشەنكى، توماس فرېدمان ئوتتۇرىغا قويغان بۇ «يەرشارىلىشىش» ھادىسىسىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى دەل يىپەك يوللىرىنىڭ ئورنىنى يېڭى دېڭىز يوللىرى ئالغان مەزگىلدە باشلانغان. بۇ ئەمەلىيەتتە غەربنىڭ شەرققە قاراپ كېڭىيىشىنىڭ باشلىنىشىدۇر. ئاخىرقى يۈزلىنىش بولسا غەرب ئەركىن بازار كاپىتالىزمىنىڭ شىددەت بىلەن كېڭىيىشىنى ئاساسلىق بەلگە قىلغان.

دەرۋەقە 14-ئەسىردىن بۇرۇن شەرق-غەرب ئارىسىدا ئىقتىسادىي جەھەتتە زور پەرق مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ياۋروپا غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى 1000 يىلغا يېقىن قاراڭغۇ دەۋرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقاندا شەرق، جۈملىدىن ئىسلام ۋە بۇددىزم دۇنياسى تارىختىكى ئەڭ زور سەلتەنەتلىرىدىن بەھرىلىنىۋاتاتتى. يەنى بۇ دەۋرلەردىكى شەرق دۇنياسى غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدە ئاجايىپ سىرلىق پاراسەت، سەلتەنەت ۋە باياشاتلىقنىڭ ماكانى ئىدى. ناۋادا بىز شۇ چاغلارغا نىسبەتەن «يەرشارىلىشىش» دېگەن ئۇقۇمنى تەتبىقلىيالساق، ئۇ ئەلۋەتتە شەرقنىڭ غەربنى يېتەكلىشى ئاستىدىكى «يەرشارىلىشىش» بولۇپ چىقىدۇ.

www.uyghurkitap.com

دېمىسمۇ، جۇڭگونىڭ سەلتەنەتلىك تاڭ سۇلالىسى، ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرى، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ئاسىيادا قۇرغان سەلتەنەتلىك دۆلەتلىرى دۇنيا تارىخىغا ئۆچمەس نەقىش بولۇپ چېكىلدى. ھالبۇكى، شۇنىڭدىن كېيىن ياۋروپانىڭ ئويغىنىشى بىلەن شەرقنىڭ چۆكۈشى تەڭلا يۈز بەردى. بۇنىڭ بىلەن توماس فرىدمان ئوتتۇرىغا قويغان «يەرشارىلىشىش»، يەنى غەرب كاپىتالىزمىنىڭ تۇنجى تەسىرى شەرق ئەللىرىگە يېيىلىشقا باشلىدى. شۇغىنىسى، بۇ جەرياندىكى ئىقتىسادىي ئالاقە ۋە رىقابەت دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق قاتنىشى قولاي بولغانلارغىلا نېسىپ بولدى. لېكىن شۇ شارائىتقا ئىگە بولغان شەرقلىقلەر ئىچىدە كۈچەيگەن غەربكە دادىل يۈزلىنىپ، ئۇلار بىلەن روبىرو رىقابەتكە قاتنىشىشقا جۈرئەت قىلالايدىغانلار بەكلا ئاز چىقتى. شەرقلىقلەر بۇخىل ئالاقە ۋە رىقابەتتە پاسسىپ بولغانسېرى تېخىمۇ كەينىدە قالدى. مىسالەن، شەرق-غەرب ئالاقىسىدە نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ئەڭ زور رول ئويناپ كەلگەن يىپەك يوللىرى قۇم بارخانلىرى ئاستىدا قالغاندىن تارتىپ، ياۋرو-ئاسىيا ئۆتكىلىدە ياشاپ كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا قوۋملىرىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق شەرق ۋە يىراق غەرب بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرى تارىختىكى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈشكە باشلىدى. يىراق شەرق ئەللىرىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولالمىدى. «جۇڭگو جەمئىيىتى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى(1127 - 1279)دىن بۇيان ناھايىتى ئاستا تەرەققىي قىلغان ھەم دۇنياغا ناھايىتى ئاز تۆھپە قوشقانىدى.»[10] روشەنكى، جۇڭگو جەمئىيىتى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە غەرب بىلەن كەڭ دائىرىلىك ھەم ئۈنۈملۈك مۇناسىۋەت ئورنىتىش ۋە رىقابەتتە بولۇشتىن مەھرۇم بوپكەلگەن. شۇڭا غەربتە سانائەت ئىنقىلابى باشلانغان چاغدا جۇڭگو ئاللىبۇرۇن تارىختىكى سەلتەنىتىدىن ئايرىلىپ بولغانىدى. تارىختىكى بۈيۈك چىن ۋە ماچىن ھەم ئۇيغۇرلار ماركوپولودىن كېيىن تا 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە غەربلىكلەرنىڭ خاتىرىسىدىن ئۆچتى. مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆتۈشمە يولى بوپكەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بېكىنمىچىلىك دەۋرى شۇنىڭ بىلەن باشلاندى. شۇڭا بىزجۇڭگودىكى «يەرشارىلىشىش» ھادىسىسى ھەققىدە پىكىر قىلماقچى بولساق، توماس فرىدمان ئوتتۇرىغا قويغان «يەرشارىلىشىش»نىڭ 2- باسقۇچىدىن باشلاپ سۆز ئېچىشىمىز مۇمكىن. 1- باسقۇچتا يىراق شەرقلىقلەر غەرب بىلەن بولغان ئارىلىقنىڭ ئۇزاق بولۇشى ھەمدە ئۆزلىرىدىكى بېكىنمىچىلىك تۈپەيلىدىن غەربنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىمىغان بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار يىپەك يوللىرىنىڭ خارابلىشىشى ۋە ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرىنىڭ قولدىن كېتىشى بىلەن ئوخشاش تەقدىرگە دۇچار بولدى.

تاشقى مەدەنىيەتلەرنىڭ غىدىقلاشلىرىدىن خالىي مەۋجۇد بوپكەلگەن چىڭ ھۆكۈمىتى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندىلا ئاندىن تەرەققىي تاپقان غەربتىن ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئاساسەن ئۆزىگىلا تايىنىپ ياشاپ كەلگەن جۇڭگولۇقلار ئاخىرى تەرەققىي تاپقان غەربنىڭ ئارقىسىدا قالغانلىقىنى تەن ئالماي ئامالى بولمىدى. غەربتىن ئۆگىنىش ھەرىكىتى شۇنىڭ بىلەن باشلىنىپ كەتتى. مېيجى يىللىرى «غەرب ئىلىملىرى قورال،شەرق ئىلىملىرى جەۋھەر» دېگەن پرىنسىپ بويىچە ئىش تۇتۇپ يۈكسەك ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن ياپونىيە شۇ چاغدا جۇڭگونىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسى بوپقالدى. چىڭ ھۆكۈمىتىمۇ شۇ ئاساستا «غەرب فۇنكسىيىلىرىگە ئىگە بولغان جۇڭگو گەۋدىسى»نى قۇرماقچى بولغانىدى. لېكىن بۇ تېگى تەۋرەپ قالغان سۇلالىنىڭ ئارمانىغا توشلۇق دەرمانى بولمىدى. ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان يىغىلىپ تىنىپ كەتكەن، ئەشەددىي فېئودال ھوقۇقچىلىقنى بەلگە قىلغان ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىي قالاقلىق تەرەققىياتقا پۇرسەت بەرمىدى. بىز شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھالىغا بىر قاراپ باقايلى. سەيياھ زىيالىي نوشىرۋان يائۇشېۋ بۇ ھەقتە مۇنداق قۇرلارنى قالدۇرغان: «ئالتە شەھەرنىڭ تىرىكچىلىك ئۇسۇلى ھەر جەھەتتىن مەركىزىي ئاسىياغا ئوخشايدۇ. پەقەت مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى روسىيە ھىمايىسىگە ئېلىنغاندىن كېيىن تۆمۈريوللار ياسىلىپ، زامانىۋى قوراللار بار بولدى. تىجارەت، زىرائەت ۋە مائارىپى بىر ئىزغا چۈشۈشكە باشلىدى. ئالتە شەھەردە بولسا پۈتۈن ئىش نۇھ زامانىدىكى پېتىچە قالدى. يارغۇنچاق بىلەن ئۇن تارتىش، لامپا ئورنىغا جىنچىراغ يېقىش، ساماۋار ئورنىغا قۇم چۆگۈن ئىشلىتىش، كوچىلاردا يالاڭ ئاياغ، يالاڭ تۆش، كالتە يەڭ پېتى يۈرۈش، قىزلىرىنى يات مىللەتلەرگە بېرىش، ئىشسىزلىق ، ھورۇنلۇق سەۋەبىدىن موھتاجلىقتا قېلىپ دەرۋىشلىك، دىۋانىلىككە بېرىلىش، تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەتكە جان-جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان سۈپەتلەر بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ... ئەگەر بۇ يەرلەرگە تۆمۈر يول سېلىنغان بولسا مەدەنىيەت، زىرائەت، تىجارەت ۋە سانائەت تەرەققىي قىلغان، خەلق ئىقتىسادى كۆتۈرۈلگەن بولاتتى. لېكىن مۇتەئەسسىپ چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنداق ئىشلارنى بىلمەيدۇ. ئىككىنچىدىن، پۇل يېتىشمەيدۇ، پۇللار تېگىشلىك ئورۇنغا خەجلەنمەيدۇ. شەھەر ئەتراپىغا سېپىل، قەلئە، قورغانلار سالدۇرىدۇ. بۇنىڭ مۇھىتىنى بۇلغاشتىن باشقا ھېچقانداق پايدىسى بولمىسا كېرەك.»[11] دېمەك، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار دۇنيا يېڭىلىقلىرىنى بىلىش، قوبۇل قىلىش ۋە يۈكسىلىش ئىمكانىيىتىگە باشتىن-ئاخىر ئېرىشەلمىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى مىنگو ھۆكۈمىتى غەربنىڭ سانائەت مەدەنىيىتىنى «جۇڭگوچە يەرلىكلەشتۈرۈش»نى

تەشەببۇس قىلدى ۋە دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلاردا بۇنىڭ دەسلەپكى ئۈنۈمىنى كۆردى. ھالبۇكى، بۇ دەۋردە مىللەتارىستلار قولىدا قالغان ئۇيغۇرلار يەنىلا دۇنيادىن خەۋەرسىز ھالدا قېلىۋەردى. مەسىلەن، «ياڭ زېڭشىن سىرتتىن ئىقتىساد ۋە زىيالىيلار تەسىرىنىڭ ئۆز تېررىتورىيىسى ئىچىگە سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئالاھىدە كۈچىدى. شۇڭا ئۇ ئۆلكىلىك خامچوت فوندىنىڭ ئۆلكىلەر ئارا يول قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىشىنى رەت قىلدى ھەمدە بۇ ھەقتىكى شەخسىي تىرىشچانلىقلارغىمۇ توسقۇنلۇق قىلدى. پوچتا خەتلىرىنى تەكشۈردى، تېلېگرافنى قاتتىق كونترول ئاستىدا ساقلىدى. (شىنجاڭدا تۇنجى تېلېگراف لىنىيىسى 1890-يىللاردا تەمىر قىلىنغان.) (ئىچكىرى) جۇڭگو ۋە سوۋېت تېررىتورىيىسىدىن كەلگەن گېزىت ۋە باشقا نەشرىيات بۇيۇملىرىنى شىنجاڭنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇشقا تىرىشتى. كونسېرۋاتىپ مۇسۇلمانلارنىڭ جەدىت(يېڭىچە) مەكتەپلەرنى تاقىشىغا يول قويدى. 1927-يىلى، ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاياغلىشىشقا ئاز قالغاندا، شىنجاڭدا قۇرۇلۇش ۋە ئالاقە ۋاستىلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ يىللىق خامچوتنىڭ ئاران 0.13 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، ئارمىيىگە بولسا 72 پىرسەنتتىن ئارتۇق مەبلەغ كەتكەن.»[12] جەدىتىزم— ئەمەلىيەتتە يەنە شۇ غەربلىكلەرنىڭ ئىلغار ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن يەرلىك مائارىپنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ بىر يارقىن ئۈلگىسى ئىدى. بۇ ئېقىم شىڭ شىسەي دەۋرىگە كەلگەندە سەل-پەل ئەركىنلىككە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن دىنىي كونسېرۋاتىپ كۈچلەرنىڭ داۋاملىق قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. بۇ مەزگىلدىكى ئەڭ زور پاجىئە بولسا شىڭ شىسەينىڭ ئىلغار زىيالىيلارنى قىرغىن قىلىشى بولۇپ، «مۆلچەرلەشلەرگە قارىغاندا شىڭ شىسەينىڭ شۇ چاغدىكى تازىلىشىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەر 50—100 مىڭ ئەتراپىدا بولغان.»[13] ھەممىمىزگە مەلۇمكى، زىيالىيلار خەلققە جاھان يېڭىلىقلىرىنى ئەڭ دەسلەپ ھەم ئەڭ ئۈنۈملۈك ھالدا يەتكۈزۈپ بېرگۈچىلەردۇر. ئۇلارنىڭ بۇ تەرەپتىكى رولى جاھانكەزدى سودىگەرلەردىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشىدۇ. چۈنكى خەلق ئەڭ ئالدى بىلەن زىيالىيلارنى باشلامچى ئورنىدا كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە زىيالىيلار بىۋاستە ئادەم تەربىيىلىگۈچىلەردۇر. ئۇلار ئىلغارلىقنى يەتكۈزىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاڭ ئۆسىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش، ئىقتىساد، مەدەنىيەت يۈكسىلىدۇ. ھالبۇكى، شۇ چاغدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم سودىگەر ئەنئەنىۋى ئېلىم-سېتىمدىن باشقىنى قىلالمىغان. بىز ئاكا-ئۇكا مۇساباييېفلارنى بۇ قاتاردا كۆرمەيمىز. چۈنكى ئۇلار بۇ ئەنئەنىنى ئۆزگىچە بۇزۇپ تاشلىيالىغانلار ئىدى. ئۇلار كېيىنكى رىقابەت ۋە تەرەققىياتنىڭ يۈزلىنىشىنى ئالدىن كۆرەلىگەن. دېمەككى، شۇ چاغدىكى يەرشارى خاراكتېرلىك يۈزلىنىشنى توغرا

مۆلچەرلىيەلىگەن، غەربنىڭ كۈچىيىشىدىكى سىرنى، يەنى نۆۋەتتىكى ئەڭ ئىشەنچلىك مەۋجۇدلۇق ۋە تەرەققىياتنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە كۈچى، جۈملىدىن پەن-تېخنىكا ۋە ئىقتىسادقا باغلىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلالىغان. ھالبۇكى، شۇ چاغدا بىزدە شۇنداق كىشىلەر بەكمۇ ئاز چىقتى. بۇ ئەلۋەتتە يەنە ئىقتىسادىي كۈچنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئاجىزلىقىدىن بولغان. زىيالىيلار مەكتەپلەرنى ئېچىپ ئاقارتىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشتا ئىقتىسادىي بېسىملارنى يەڭگەن بولسىمۇ، سىياسىي بېسىملارنى يېڭىشتە ئاجىز كەلگەن. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مىللەتارىستلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھالى مەنچىڭ دەۋرىدىكىدىن كۆپ پەرقلەنمىدى. ھالبۇكى، جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 28 يىل ئىچىدىمۇ دۆلەت دەرۋازىلىرىنى مەھكەم تاقاش، ۋاقىتنى ئاساسەن ئايىغى ئۈزۈلمەس سىياسىي ھەرىكەتلەرگە ئاجرىتىش نەتىجىسىدە جۇڭگو خەلقىنىڭ دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىشى ۋە غەربنىڭ ئىلغار پەن-تېخنىكىلىرىنى قوبۇل قىلىشى ئاساسەن ئىشقا ئاشمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالايىئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا ھەرقايسى خەلقنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئەنئەنىۋى بايلىقلىرى زور دەرىجىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. شۇڭا توماس فرىدمان ئوتتۇرىغا قويغان «يەرشارىلىشىش1.0» ئۇيغۇرلارغا ئاساسەن تەسىر كۆرسىتەلمىگەن بولسا، «يەرشارىلىشىش 2.0 »نىڭ تەسىرىمۇ ناھايىتى چەكلىك بولغان دېيىشكە بولىدۇ.

جۇڭگودا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن بۇيان غەرب مەدەنىيىتىنى «جۇڭگوچە ئالاھىدىلىك»كە ئىگە قىلىپ قوبۇل قىلىشقا چاقىرىق قىلىندى. بۇ بۇرۇلۇش توماس فرىدمان ئوتتۇرىغا قويغان «يەرشارىلىشىش»نىڭ 2-باسقۇچىنىڭ ئايىغىغا ئۇلىشىپ مەيدانغا كەلدى، دېيىشكە بولىدۇ. جۇڭگو ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ باش لايىھەلىگۈچىسى دېڭ شياۋپىڭ ئەپەندى 1950-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان «ئاق مۈشۈك، قارا مۈشۈك، چاشقان تۇتالىسىلا ياخشى مۈشۈك» دېگەن دانا سۆزى ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا قاتتىق تەنقىد قىلىنىپ، ئارىدىن 20 نەچچە يىل ئۆتكەندە (مەسئۇل مۇھەررىردىن) دەل شۇ دەۋرنىڭ تىپىك سىياسىي خاراكتېرى بوپقالدى. دېمەك، بىز بۇرۇن ناچار دەپ ئەيىبلىگەن، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئىلغار ئۇنۇمگە ئىگە بولغان غەربنىڭ نەرسىلىرى جۇڭگوغا كەلكۈندەك كىرىشكە باشلىدى. جۇڭگو زېمىنى-شۇنىڭدىن تارتىپ ھەقىقىي رەۋىشتە «يەرشارىلىشىش» قەدىمىنى باستى. غەربلىكلەر جۇڭگونى، جۇڭگولۇقلار غەربنى تارىختىكى ئەڭ چوڭقۇر سەۋىيىدە چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. جۇڭگونىڭ 1980-يىللاردىن كېيىنكى ئۇشبۇ يېڭى ئىقتىسادىي يۈزلىنىشى

«يەرشارىلىشىش»نىڭ بىر تىپىك ئۈلگىسىنى ياراتتى دېيىش تامامەن مۇمكىن.

تەبىئىيكى، تالاي كىشى يۇقىرىقى پاكىتلار ئاساسىدا «يەرشارىلىشىش» ھادىسىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە غەربلىشىش ھادىسىسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. بۇمۇ مەلۇم مەنىدىن توغرا. لېكىن بۇ شەرقلىقلەرنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنى يوقىتىپ، غەربلىكلەرگە ئوخشاش بوپكېتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەمدۇ ـ يوق؟ ئىقتىساد ۋە پەن ـ تېخنىكا جەھەتتە ئارقىدا قالغانلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ باشقىلارغا بېقىندى بوپقېلىش ئېھتىماللىقى ئەلۋەتتە بار. دېنىس گولېت بۇ خىل ئېھتىماللىق ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشى تەرەققىياتنى ئىشلارنى بېجىرىشتىكى‹زامانىۋى›يول دەپ بىلىدۇ. زامانىۋى ئۇلتۇراقلىشىش شەكىللىرى كىشىلەرنى، خىزمەتلەرنى ھەم مۇلازىمەتلەرنى شەھەرلەرگە مەركەزلەشتۈرۈۋاتقان بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ تەرەققىياتنى شەھەرلىشىش بىلەن باغلاپ چۈشىنىشى تەبىئىيدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بايلىق يارىتىشنىڭ زامانىۋى قېلىپى پەن ـ تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلغاچقا، سانائەتلىشىش تەرەققىيات بىلەن مەنىداش سۆز بوپقالدى. يەنە كېلىپ غەرب دۇنياسى ئەڭ باشتا سانائەتلەشكەن بولغاچقا، كىشىلەر يەنە تەبىئىيلا سانائەتلىشىشنى پوزىتسىيە ۋە قىممەت قاراشلىرىنىڭ غەربلىشىشى بىلەن باغلاپ چۈشىنىدىغان بولدى.»[14] بۇ يەردە سانائەتلىشىشنىڭ كېڭىيىشىنى «يەرشارىلىشىش»نىڭ بىر مۇقەررەر نەتىجىسى دەپ بىلىشىمىز مۇمكىن. شۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، سانائەتلىشىش تەرەققىياتىنىڭ بىر تەركىبى سۈپىتىدە ئىنسانىيەتكە ئورتاق بېيىلسا تامامەن بولىدىغان نەرسە. ئۇ ھەممىگە پايدا يەتكۈزەلەيدۇ. ھالبۇكى، پوزىتسىيە ۋە قىممەت قاراشلار بولسا بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان مەدەنىيىتىنىڭ يادرولۇق قىسمىدۇر. ئۇنىڭ بىر مىللەتتىن يەنە بىر مىللەتكە يېيىلىشى ئالدىنقىلارغا مەلۇم مەنپەئەتلەرنى يەتكۈزسىمۇ، كېيىنكىلەرنى ئاخىرقى ھېسابتا مەدەنىيەت ۋە كىملىك كرىزىسىگە مۇپتىلا قىلىشى مۇمكىن. دېمەك، «يەرشارىلىشىش» بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا خۇددى ئىلىم ـ پەنگە ئوخشاش ئىككى بىسلىق پىچاققا ئوخشايدۇ. كۆپ ھالدا ئەنئەنىۋى ياكى قاتمال تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە ئادىتى تۈپەيلىدىن بۇ قوش بىسلىق پىچاقنىڭ بىسى خالىمىغان تەرەپكە كېتىپ قېلىشى مۇمكىن. مانا بۇ نېمىشقا شەرقتىكى نۇرغۇن ئەلنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەتلىرىنىڭ غەرب مەدەنىيىتى تەرىپىدىن شاللىنىۋاتقانلىقىنىڭ بىر مۇھىم سەۋەبى. دەرۋەقە، سانائەتلىشىش دېيىلى ياكى ئىلغار ئىقتىسادىي تۈزۈلمە دېيىلى، ئۇلار غەربنىڭ پوزىتسىيە ۋە قىممەت قاراشلىرى بىلەن بىر كاتېگورىيىگە تەۋە ئەمەس. ھالبۇكى، ئالدىنقىسىنى قوبۇل قىلىش «يەرشارىلىشىش»تىن دېرەك بەرسە، كېيىنكىسىنى قوبۇل قىلىش ھەقىقىي يوسۇندىكى غەربلىشىشتىن دېرەك بېرىدۇ. نۆۋەتتە بۇ ئىككى خىل ھادىسە تەڭ يۈز بېرىۋاتقاچقا نۇرغۇن كىشىنىڭ «يەرشارىلىشىش»نى غەربلىشىش بىلەن باراۋەر دەپ بىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. «غەرب ئېكسپورت قىلىۋاتقان سانائەت مەدەنىيىتى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ پەقەت بىر تۈرلۈك ئالاھىدە تەرىپىدۇر. ئۇنى قوبۇل قىلىش پۈتكۈل غەرب مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ» [15] دەيدۇ فرانسۇز تارىخچىسى فېرناند برائۇدېل. يۇقىرىقى تەتقىقاتچىلار دەۋاتقان «سانائەت مەدەنىيىتى» ئەمەلىيەتتە غەربنىڭ ماددىي، يەنى ئىقتىساد ۋە پەن ـ تېخنىكىنى مەركەز قىلغان مەدەنىيىتىدۇر. لېكىن مەسىلە شۇكى، بۇ مەدەنىيەتلەر شەرق ئەللىرىگە ئۆزى يالغۇز كەلمەيدۇ.

بىز تۆۋەندە غەرب تاۋار ماركىلىرىنىڭ شەرقلىقلەر تۇرمۇشىدا تۇتۇۋاتقان ئورنىغا قاراپ باقايلى. مەلۇم بولۇشىچە، نۆۋەتتىكى جۇڭگولۇق باللار ئارىسىدا مودا بولۇۋاتقان 12 ئەڭ چوڭ ماركىنىڭ ھەممىسى غەربنىڭ ئىكەن. بىرىنچى ئورۇندىكىسى «نايك» بولۇپ، ئۇنىڭغا «سوني» بىلەن «ئادىداس» ئۇلاشقان. «نوكىئا»نىڭ جۇڭگودا نۆۋەتتە 900 خىلدىن ئارتۇق مودېلى سېتىلماقتا، ئامېرىكىدا بولسا ئاران 80 خىلى بار. [16] مانا بۇ غەرب ئىقتىسادىنىڭ شەرققە كېڭىيىشى، يەنى ئىقتىسادىي «يەرشارىلىشىش»تۇر. ھالبۇكى، بۇ شۇ يەردىلا توختاپ قالمايدۇ. خۇددى جەمئىيەتشۇناس مارسېل ۋان دام ئېيتقاندەك، بۇنداق تېخنىكا تەرەققىياتى چوڭقۇر دەرىجىدىكى مەدەنىيەت ئۆزگىرىشلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ[17]. شۇڭا غەربنىڭ ئىلغار پەن ـ تېخنىكىسى ئارقىلىق روياپقا چىققان يۇقىرىقى ماركىلارغا مۇخلىس بولغانلارنىڭ شۇ ماركىلار ئارقىسىدىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى، ھەتتا ئۇلارنى قوبۇل قىلىشى ئېھتىمالغا يېقىن. مىسالەن، كورىيىنىڭ يۈكسەك ئىقتىسادى ۋە يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىسى پەقەت ئىلغار ئېلېكتر سايمانلىرىنى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئەكىرىش بىلەنلا قالماي يەنە كورىيىنىڭ كىيىنىش، يۈرۈش ـ تۇرۇش، دۇنيا قاراشلىرىنىمۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭدۈرۈشكە باشلىدى. ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى بۇ خىل جەريانىنى تېخىمۇ تېزلەتمەكتە. بىز ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى جۇڭگولۇقلارنى ئەسلەپ باقايلى. 1980 ـ يىللاردىكى شاڭخەيدە%70 دىن كۆپرەك ئادەم ھەر چارشەنبە كۈنى چوقۇم ئامېرىكا تېلېۋىزىيە فىلمى «رازۋېدچىك خۇنتېر»نى كۆرەتتى.«جۇڭگو ئەڭ ئاخىرقى قورغان»، دەيدۇ شاڭخەينى خەنزۇچە بولمىغان بارلىق تېلېۋىزىيە فىلمى بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن بەش يىللىق توختام ئىمزالىغان ئامېرىكا

لولمور تېلېۋىزىيە فىلىملىرى شىركىتىنىڭ دىرېكتورى مايكول سولومېن:«بۇنىڭغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، لېكىن بىز بۇ كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتمەكچىمىز.» [18] دەرۋەقە، 1980 ـ يىللاردا ئومۇملىشىشقا باشلىغان تېلېۋىزور ۋە يېڭى ئەسىر كىرىشى بىلەن يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن ئىنتېرنېت بىزنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىمىزدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالمىدى دەپ ئېيتالمايمىز. چۈنكى، «تېلېۋىزىيە ئەدەبىياتقا ئوخشاش چوڭقۇر قاتلاملىق قىممەت قاراشلىرىنى تارقىتىدۇ. تىل ۋە ئوبرازنى ۋاسىتە قىلغان بۇ كۆڭۈل ئېچىش يۈزەكى ئالاقىلەر ئارقىلىق چوڭقۇر قىممەت ساھەسىگە سىڭىپ كىرىپ، مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى ئالاھىدىلىكىگە تەسىر كۆرسەتمەكتە.»[19] شۇڭا بىز نېمە ئۈچۈن ياش باللىرىمىزنىڭ چىنتۆمۈر باتۇر ۋە مەختۇمسۇلانى ئەمەس بەلكى قارمەلىكە ۋە يەتتە پاپىنى، ئوغۇزخاننى ئەمەس، ئۆمۈچۈك پالۋاننى، ئالىپ ئەرتۇڭانى ئەمەس، گلادىئاتورنى، ئايتولدىنى ئەمەس، ئەقىللىق يىشيۇنى... بەكرەك تونۇيدىغانلىقى ياكى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ھەيران قالمىساقمۇ بولىدۇ. ئۇنداقتا، يېمەك ـ ئىچمەك ئىستېماللىرىچۇ؟ ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچى قانچىلىك بولىدۇ؟ دەرۋەقە، «ماكدونالد»تا، «كېنتاكىي»دا چۈشلۈك تاماقلىنىش ياكى «ۋولمارت»تا، «كەررېفور»دا كىيىم سېتىۋېلىشمۇ يالغۇز ئىقتىسادىي قارارلاردىنلا دېرەك بەرمەيدۇ، ئۇلارمۇ يەنە مەلۇم مەنا سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەتتىكى قارارلاردۇر. بۇ مەدەنىيەت تەركىبلىرىنىڭ ئەجابىي تەرەپلىرىمۇ بار، ئەلۋەتتە. مىسالەن، گوئودمان ئېيتقاندەك، ماكدونالدلىشىش ئادەتتە ھالدا يالغۇز مەلۇم بىر ئالاھىدە رېستوران زەنجىرىنىڭ يېيىلىشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇ ماھىيەتتە «ماكدونالد» غەلىبىلىك ھالدا خېرىدارلارغا تونۇشتۇرالىغان ئۇنۇم، ھېساب، ئالدىن مۆلچەر ھەمدە باشقۇرۇش جەريانلىرىنىڭ يېيىلىشىدۇر[20]. بۇ مىساللار «يەرشارىلىشىش»نىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەپلىرىنى، يەنى ئىقتىسادىي«يەرشارىلىشىش»تىن مەنىۋى (مەدەنىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي) «يەرشارىلىشىش»قىچە بولغان جەرياننى يېشىپ بېرىشكە يېتەرلىك. دېمەك، ھەرقانداق بىر غەرب تاۋار ماركىسىنىڭ شەرقلىقلەردە مودا بولۇشى پەقەت ماددىي تاللاشتىنلا ئىبارەت بولمايدۇ. بەلكى شۇ يۈزەكى مودىلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىۋاتقان ھەم ئىستېمال قىلىنىۋاتقان يەنە بىر نەرسە شۇلارغا مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت تەركىبلىرىدۇر. لېكىن مۇشۇ جەرياندا قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ ئىقتىسادى گۈللەنگەن تەقدىردىمۇ، باشقا ساھەلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا، بۇنىڭ ئاقىۋىتى يەنىلا كۆڭۈلسىز بولىدۇ. چۈنكى، مەدەنىيەت،ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي جەھەتلەردە خاسلىقى يوقالغان ياكى ئاجىزلاشقانلارنىڭ كەلگۈسىدە ئىقتىسادىي مۇستەقىللىق ۋە گۈللىنىشنى ساقلاپ قالالىشى مۇمكىن ئەمەس. ھالبۇكى، بىز غەرب مەدەنىيىتىنىڭ پەقەت ماددىي تەرىپىنىلا قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك دېسەكمۇ خاتالاشقان بولىمىز. چۈنكى، ئاشۇ پوزىتسىيە ياكى قىممەت قاراشلىرى ئىچىدە بىز ھازىر جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان تەركىبلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن. مىسالەن، دېموكراتىيىلىشىش، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، ئىلغار تۇرمۇش، باشقۇرۇش، مائارىپ ئۇسۇللىرى ۋەھاكازالار.

ئۇنداقتا شەرقلىقلەر «يەرشارىلىشىش» ئالدىدا قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئاددىي قىلىپ ئېيتساق، غەربكە بازارلىرىنى ئاچقانلار ئۇلارنىڭ تاۋارلىرى، تېخنىكىلىرىنى سېتىۋېلىش، كىرگۈزۈش بىلەن بىللە ئۆزلىرىمۇ شۇلارغا ئوخشاش ياكى ئۇلاردىن سۈپەتلىك بولغان تاۋار ۋە تېخنىكىلارنى يارىتىشقا تىرىشىشى كېرەك. بولمىسا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان كۆپ قاتلاملىق بېقىندىلىقنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمايدۇ. شەرق دۇنياسىغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ياپونىيە بىلەن كورېيىنىڭ دەل شۇ يول ئارقىلىق غەرب بىلەن تەڭ ئورۇنغا ئۆتەلىگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. ھازىر دۇنيادا «يەرشارىلىشىش»نىڭ «دەردىنى تارتىۋاتقان»لارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دەل شۇنداق بىر ۋەزىيەتنى قولغا كەلتۈرەلمەيۋاتقانلاردۇر. بۇ دۆلەتلەر ئومۇمەن ئەزەلدىن نامرات بولۇپ، دۆلەت ئەربابلىرى بىر بولسا قابىلىيەتسىز، بىر بولسا ناچار ياكى ئۆز نەپسىنىلا ئويلايدىغانلاردۇر. ئىقتىسادىي «يەرشارىلىشىش»، يەنى دۆلەت دەرۋازىلىرىنى تەرەققىي تاپقان غەربكە كەڭ ئېچىۋېتىش ئۇلارنىڭ خەلقىنى پەقەت غەرب دۇنياسىنىڭ ئەرزان ئەمگەك كۈچلىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويماقتا. مىسالەن، بېنگالنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭ بىر تىپىك مىسالى. كۈنىگە 20 سائەتلەپ «نايىك» ماركىلىق قىممەتلىك ھەم داڭلىق ئاياغلارنى تىكىدىغان بېنگاللىق ئاياللارنىڭ بىر كۈنلۈك ئىش ھەققى يېرىم دوللارغا يەتمەيدۇ. «يەرشارىلىشىش»قا ئاكتىپ ماسلىشىۋاتقانلار ئىچىدە جۇڭگو ۋە ھىندىستاننى تىپىك مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇ ئىككى دۆلەت ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى ئىچىدە ئەسلىي خېلىلا نامرات بولسىمۇ، لېكىن غەربكە بازىرىنى ئېچىش داۋامىدا ئۆز ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈشكە، يەنى غەربنىڭكى بىلەن رىقابەتلىشەلەيدىغان پەن ـ تېخنىكا ۋە مەھسۇلاتلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. گەرچە بۇ دۆلەتلەردە غەرب ۋە غەرب ماللىرىغا چوقۇنۇش خېلى ئېغىر بولسىمۇ، يەرلىك كارخانىلار كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان سۈپىتى بىلەن بۇ رىقابەتتە يەنىلا پۇت تىرەپ تۇرۇپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئەللەردە غەربنىڭ تاۋارلىرىغا بولغان بېقىندىلىق ئاساسەن كۆرۈلمىدى. «2008 ـ يىللىق ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا جۇڭگونىڭ تۆت كارخانىسى ــ جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىشى، جۇڭگو بانكىسى، جۇڭگو

www.uyghurkitap.com

قۇرۇلۇش بانكىسى، جۇڭگو سودا ـ سانائەت بانكىسى دۇنيادىكى 100 داڭلىق ماركا ئىچىگە كىرگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىشى ‹كوكاكولا›دىن قالسىلا 5 ـ ئورۇندا تۇرغان. جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىش سۈرئىتى دۇنيادىكى بارلىق كارخانا ئىچىدە ئەڭ تېز بولغان.»[21] ھىندىستان بولسا ئۆزىگە خاس بولغان كىنوچىلىق ۋە يۇمشاق دېتال سانائىتى بىلەن «يەرشارىلىشىش»نىڭ قاينىمىدا ئۆز مەۋجۇدلۇقى ۋە يوشۇرۇن كۈچىنى جۇڭگوغا ئوخشاش نامايان قىلىپ بارماقتا. ھالبۇكى، تەرەققىي قىلىۋاتقان نۇرغۇن دۆلەتتە ئىش يەنە باشقىچە. «بىز ئافرىقىلىقلار پەقەت مەدەنىيەت خېرىدارلىرى بوپقېلىشنى خالىمايمىز» دەپ شىكايەت قىلىدۇ سىنېگالنىڭ سابىق رەئىس جۇمھۇرى لېئوپول سېڭخور[22]. ئىقتىسادىي مۇستەقىللىق ۋە كۈچ ـ قۇدرەتنى بەرپا قىلالمىغان ياكى ساقلىيالمىغان ئەھۋالدا باشقىلارنىڭ مەدەنىيەت خېرىدارىغا ئايلىنىپ قالماي نېمە بولىدۇ؟ بۇ پەقەت بىھۇدە تېپىرلاش، خالاس. ب د ت ۋە نۇرغۇن دۆلەت ھەر يىلى ئافرىقىغا توختىماي ياردەم قىلىپ تۇرىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھالى يەنىلا شۇ. بۇ يەردىكى تۈپكى سەۋەب شۇكى، ئافرىقىدىكى نۇرغۇن ئەلنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولغان تۈزۈك بىر ئىقتىسادىي ئاساسى ۋە تەشكىللەش كۈچى يوق. شۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ غەربنىڭ «يەرشارىلىشىش»تىن ئىبارەت ئىقتىسادتىن باشلانغان سىڭىپ كىرىش ئىنقىلابىدا چوقۇمكى بېقىندى ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقى ئېنىق. دۇنياغا نەزەر سالىدىغان بولساق، مەدەنىيەت ۋە سىياسىي جەھەتتە مەركىزىي ۋە مۇھىم ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچە ئىقتىسادتا ئۈتۈپ چىقىۋاتقانلار ئىكەنلىكى مەلۇم. شۇڭا ئۆزىگە خاس ۋە قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە بولۇشنىڭ نېمىلەردىن دېرەك بېرىدىغانلىقى تولىمۇ روشەن.

ئامېرىكىنىڭ تېز تاماقلىرى پۈتكۈل دۇنيانى قاپلىغان، ھەرقانداق بىر دۆلەتتىن ئامېرىكىنىڭ ھامبۇرگ بولكىسىنى سېتىۋالالايدىغان بۈگۈنكى كۈندە تەرەققىي تېپىۋاتقان ئەللەر شۇ ھامبۇرگ بولكىسىنى دەپ ئۆزلىرىنىڭ نان ياكى بولكىلىرىدىن ۋاز كەچسە، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ قولىدىن بېرىدىغىنى يالغۇز ئىقتىسادىي مەنپەئەت بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇلارمۇ شۇ ھامبۇرگ بولكىسىدەك بولكىلارنى ئىشلەپچىقىرالىشى ياكى ئۆز نانلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە شۇ بولكىلاردىن ياخشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالىشى ۋە ياكى ئۆز نانلىرىنىڭ كەم يەرلىرىنى باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن تولۇقلىيالىشى، داۋاملىق ئىسلاھ قىلالىشى كېرەك. ئىستېمالچىلارچۇ؟ ئۇلاردا قارىغۇلارچە غەربكە چوقۇنۇش ئىدىيىسى مەۋجۇد بولسا، ئۇ ھالدا شۇ بىر توپ خەلقنىڭ ئىقتىسادىغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. غەربكە چوقۇنۇش جۇڭگو پۇقرالىرىدا ئۇزۇندىن بېرى بوپكەلگەن، ھېلىھەم خېلى كۈچلۈك. يېقىنقى يىللاردا جۇڭگونىڭ يەرلىك شىركەتلىرى ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن دۆلەت ئىقتىسادىدا نىسبەتەن تەڭپۇڭ يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى. دېمەك، بۇ ئىككى تەرەپكە مۇناسىۋەتلىك ئىش. مىللىي كارخانىلار گۈللىنىپ قۇرۇلۇشى ھەم راۋاج تېپىشى، ئۇلارغا ئىشىنىدىغان يەرلىك ئىستېمالچىلارمۇ كۆپىيىشى كېرەك. بۇ كارخانىلار شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆز تاۋارلىرىنى باشقا دۆلەتلەرگىمۇ كېڭەيتىشنى مۇھىم نىشانلار قاتارىدا كۆرۈشى زۆرۈر. شۇندىلا مىللىي ئىقتىساد «يەرشارىلىشىش» داۋامىدا شاللىنىپ كەتمەيدۇ. مىللىي ئىقتىساد كۈچەيسە مىللىي مەدەنىيەت، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىيەتمۇ ئېتىبارغا، دىققەتكە سازاۋەر بولىدۇ ھەم قۇدرەت تاپىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە ئىقتىسادى ئاجىز ئورۇندا تۇرۇۋاتقان مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى چەت ئەللەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ باشقا ساھەلىرىمۇ تازا ئېتىبارغا ئېرىشەمەي كەلمەكتە. بۇ ھەقتە پروفېسسور دېنىس گولېت مۇنداق دەيدۇ: «ب د ت ئىندىۋىدۇئال شەخسلەر ۋە مەملىكەتلەرنىڭ ھوقۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، بىراق ئاز سانلىق مىللەتلەر ياكى ئاپتونومىيە خەلقلىرىنى قوغداش مەسئۇلىيىتىگە بولسا قەستەن ھالدا سەل قارايدۇ. ئاز سانلىقلارنى سىرتتا قالدۇرۇشنىڭ تارىخى ئۇزۇن، بۇ ھەقتە تالاش ـ تارتىش قىلىشتا قىيىنچىلىق كۆپ. بۇ ھەم نۇرغۇن ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مەسىلىنى پەيدا قىلماقتا.»[23] دېمەك، كۆپ سانلىقنىڭ ئاۋازىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ب د ت قاتارلىق ئورگانلارنىڭمۇ يەنىلا كۆپ سانلىققا ئەڭ ئاۋۋال كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئېنىق. بۇنداق شارائىت ئاستىدا ئاز سانلىقلار ئۆز پەن ـ تېخنىكىسى ۋە ئىقتىسادىغا تېخىمۇ كۆپ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە شۇ ئاساستا ئۆز كىملىكى ۋە قەدىر ـ قىممىتىنى ساقلاشقا تىرىششى ھەممىدىن بەك زۆرۈردۇر. بولمىسا ئۇلار پەقەت باشقىلارنىڭ ئېتىبار بېرىشى، ئىچ ئاغرىتىشىغا تايىنىپ مەۋجۇدلۇقىنى ساقلايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ھالبۇكى، بۇ خىل ئۇسۇلدىكى مەۋجۇدلۇقنىڭ كاپالىتى بەكمۇ ئىشەنچسىز ۋە بىچارىدۇر. شۇڭا، ئەسلىدىلا مۇشۇنداق ئەۋزەل بولمىغان ئورۇندا تۇرغانلارنىڭ «يەرشارىلىشىش»نىڭ رەھىمسىز سىناقلىرىدا تۆلىگەن ۋە يەنە تۆلەيدىغان بەدەللىرى كىشىنى چۆچۈتمەي قالمايدۇ. بۇنىڭغا قارىتا جەمئىيەتشۇناس فلورا لېۋىس خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىندىۋىدۇئاللىق دېموكراتىيە ئىجازەت بېرىدىغان بىردىنبىر ئېنىقلىمىمۇ ياكى كۆپ خىللىق قانۇنلاشتۇرۇلۇشى كېرەكمۇ؟ مىللىيلىك يوقىتىۋېتكىلى بولمايدىغان ئىنسانىي، مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىقتۇر... بۇ، جەمئىيەتتىكى بىر قانۇنلۇق رېئاللىق بولۇشى كېرەكمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، مىراس قالغان ئۇستۇنلۈكنى ئېتىراپ قىلغان ئاساستا، سان، مال ـ مۈلۈك، تارىختا تايىنىلغان قاتلاملارغا يول قويۇلۇشى كېرەكمۇ؟»[24] دەرۋەقە، «يەرشارىلىشىش» جەريانىنىڭ بىردەكلەشتۈرۈش ۋە بىرگەۋدىلەشتۈرۈش خۇسۇسىيىتى يەرلىك ئىقتىساد ۋە

مەدەنىيەتلەرنى شاللاش، ئۇلارنىڭ ئورنىغا تۇردەش ، بىردەك بولغان يەرشارى خاراكتېرلىك (ئەمەلىيەتتە غەربكە خاس) ۋارىيانتلارنى دەسسىتىش خاھىشىنى ئاشكارىلىماقتا. مانا بۇ «يەرشارىلىشىش»نىڭ يەنە بىر كۆڭۈلسىز نەتىجىسى. كەلگۈسىدە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى بار دەپ قارىلىۋاتقان ئىقتىسادشۇناس پائۇل كرۇگمان يۇقىرىقى ئامىللارنى تولۇق كۆزدە تۇتقان ھالدا ئۆز پىكرىنى مۇنداق خۇلاسە قىلىدۇ: « ‹يەرشارىلىشىش› قوبۇللاندى، لېكىن ئۇ سۆيۈلمىدى.» [25]

روشەنكى، «يەرشارىلىشىش»نىڭ ئىككى بىسلىق خاراكتېرى ئۇنى پەقەت شۇنچىلىك مۇئامىلىگە ئېرىشتۈردى، خالاس. بىراق، ئاللىبۇرۇن توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ئېقىمغا ئايلانغان بۇ دۇنياۋى يۈزلىنىش ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئىگىلەر ئۈچۈن داۋاملىق كۆپلەپ پايدا يارىتىپ بېرىدۇ. ئىقتىسادىي كۈچى ئاجىزلارنىڭ ئالدىدا بولسا ئۈچ خىل يول بار. بىرى، «يەرشارىلىشىش»قا ئاكتىپ ھەم توغرا ماسلىشىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىنى ساقلاش ۋە كۈچەيتىش؛ ئىككىنچىسى، زاماندىن قاقشاپ، خەلقئارانىڭ ياكى باشقىلارنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىنى تىلەش؛ يەنە بىرى بولسا، دۆلەت دەرۋازىلىرىنى مەھكەم تاقاپ، بېكىنمىچىلىك بىلەن ياشاش. بۇ ئۈچ يولنىڭ كېيىنكى ئىككىسى چوقۇمكى تۈيۈق يول.

## ستاتا مەنبەلىرى


[1] جورجىي رىتزېر ، تود ستىلمەن: «ماكدونالدلىشىش، ئامېرىكىلىشىش ۋە يەرشارىلىشىشنى باھالاش». ئۇلرىچ بېك. ناتان سىزنايدېر. راينېر ۋىنتېر (تەھرىرلىگەن): «يەرشارى خاراكتېرلىك ئامېرىكا؟ـ يەرشارىلىشىشنىڭ مەدەنىي نەتىجىلىرى». لىۋېرپول ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2003ـ يىل نەشرى 31ـ بەت.

[2]. [6] دالى. ئى. خېرمان: « يەرشارىلىشىشقا قارشى خەلقئارالىشىش ـ بەزى بېشارەتلەر». «ئېكولوگىيىلىك ئىقتىسادشۇناسلىق» ژۇرنىلى 31ـ سان، 1999ـ يىل نەشرى 31ـ، 37ـ بەتلەر.

[3] توماس ل. فرېدمان: « لېكسۇس ۋە زەيتۇن دەرىخى»، فاررېر ستراۋس نەشرىياتى1999 ـ يىل نەشرى 8ـ بەت.

[4] باگۋاتى جاگدىش: «يەرشارىلىشىشتىن مۇداپىئەلىنىش». ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2004ـ يىل نەشرى 5ـ بەت.

[5] دۇنيا بانكىسى گۇرۇھى تور بېكىتى

http://www1.worldbank.org/economicpolicy/globalization/dollarqa.htm

[7] ستىۋارت كلىنگ، كرىس كارتېر: « يەرشارى خاراكتېرلىك تەشكىلاتلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە تەھلىل»، جورجىي رىتزېر (تەھرىرلىگەن): «يەرشارىلىشىش ھەققىدە بلەكۋېل توپلامى»، بلەكۋېل نەشرىياتى 2007ـ يىل نەشرى 272ـ بەت.

[8] رولاند روبېرتسون، كاسلىن. ئي. ۋايت: «يەرشارىلىشىش دېگەن نېمە؟»، جورجىي رىتزېر ( تەھرىرلىگەن): « يەرشارىلىشىش ھەققىدە بلەكۋېل توپلامى»، بلەكۋېل نەشرىياتى2007ـ يىل نەشرى 64ـ بەت.

[9] توماس ل. فرېدمان: «لېكسۇس ۋە زەيتۇن دەرىخى» نيۇ-يورك، ئاڭكېر كىتابلىرى 2000 ـ يىل نەشرى 7ـ بەت.

[10] يۇ كېيىڭ: «ئامېرىكىلىشىش، غەربلىشىش، جۇڭگولىشىش: جۇڭگودىكى زامانىۋىلىشىشمۇ ياكى يەرشارىلىشىشمۇ؟»، ئۇلرىچ بېك، ناتان سىزنايدېر، راينېر ۋىنتېر (تەھرىرلىگەن): « يەرشارى خاراكتېرلىك ئامېرىكا؟ـ يەرشارىلىشىشنىڭ مەدەنىي نەتىجىلىرى»، لىۋېرپول ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2003ـ يىل نەشرى 134ـ بەت.

[11] نۇشىرۋان يائۇشېۋ: «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت»، «مىراس» ژۇرنىلى 2005ـ يىل 2ـ سان 11ـ، 12ـ بەتلەر.

[12] جېن خۇيشىڭ: «مىنگو ۋاقتىدىكى شىنجاڭنىڭ تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999ـ يىل نەشرى 172ـ، 183ـ بەتلەر.

[13] بەي جېنشېڭ، كوئىبۇچى شىنجى ( تەھرىرلىگەن): «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي قىسقىچە تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى 1992ـ يىل نەشرى 344ـ بەت.

[14] دېنىس گولېت: «ھەقىقىي ئىجتىمائىي تەرەققىيات ھەققىدە»، ئولىۋېر ف. ۋىللىيامس. جون ۋ. خوك (تەھرىرلىگەن): « ئىقتىسادىي كۆرگە ئىگە بولۇش»، ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1991ـ يىل نەشرى 4ـ بەت.

[15] جېئان فرانكوئىس بايارت: «مەدەنىي كىملىك ھەققىدە خاتا تۈيغۇلار»، چېكاگو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2005ـ يىل نەشرى 7ـ بەت.

[16] مايكول سجۇمان: «جۇڭگونىڭ ئۆرلىشى، يېڭى ئىستېمالچىلار»، «دەۋر» ژۇرنىلى 2005ـ يىل 16ـ ماي.

[17] روبېرت ۋېنت: «يەرشارىلىشىش»، پلۇتو نەشرىياتى لوندون 2000ـ يىل نەشرى 64ـ بەتتە ئېلىنغان نەقىل.

[18]، [19] جون نائىسبىت، پاترىسىئا ئابۇردېن: «2000ـ يىلىدىكى چوڭ يۈزلىنىش»، «شەرق» نەشرىياتى 1990ـ يىل نەشرى 147ـ، 148ـ بەتلەر.

[20] دوئۇگلاس.ج. گوئودمان: «يەرشارىلىشىش ۋە ئىستېمالچىلار مەدەنىيىتى»، جورجىي رىتزېر (تەھرىرلىگەن): «يەرشارىلىشىش ھەققىدە بلەكۋېل توپلامى»، بلەكۋېل نەشرىياتى 2007ـ يىل نەشرى 330ـ بەت.

[21] تور ئادرېسى:

http://www.millwardbrown.com/Sites/optimor/Media/Pdfs/en/BrandZ/BrandZ-2008-Report.pdf

[22]، [23] دېنىس گولېت: «خەلقئارا ئېتىكا ۋە ئىنسان ھەقلىرى»، «ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋە ئىنسانسۆيەرلىك بىلەن ئىدارە قىلىش»، 1992ـ يىل باھار، 17ـ توم 231ـ بەت.

[24] فلورا لېۋىس: «ھەقلەرگە قارشى ھەقلەر: شەخسلەر گۇرۇھلار بىلەن بىر گەۋدە سۈپىتىدە قارالغاندا»، «خەلقئارا بېشارەتچى مۇنبىرى»، 1990ـ يىل 2ـ ئاپرېل، 6ـ بەت.

[25] پائۇل كرۇگمان: « ھېسابلاشلار: بىر قېتىم، يەنە قايتا بىر قېتىم»، نيۇ-يورك «دەۋر» گېزىتى 2000ـ يىل 2ـ يانۋار.


---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى، ئۇيغۇر فولكلورى بويىچە ماگىستىر (M1)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ياپونلاردا ئىسلاھات ۋە مىللىي روھ

## — ياپون مىللىتىدىكى ئىسلاھات روھى ۋە مىللىي روھنىڭ ياپونىيە ئىقتىسادىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا

مۇھەممەت راخمان

بۈگۈنكى ياپونىيە تىلغا ئېلىنسىلا كىشىلەر دەرھال مۇنداق ئىككى ئىشنى ئېسىگە ئالىدۇ: بىرى، ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ جۇڭگو خەلقى،جۈملىدىن شەرقىي ئاسىيا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى خەلقلىرىگە كەلتۈرگەن چەكسىز ئازاب ــ ئوقۇبەتنى؛ يەنە بىرى، ياپونىيىنىڭ ئۆزلىرى قوزغىغان ئۇرۇش سەۋەبىدىن ئىقتىسادى ۋەيران بولۇپ، زېمىنى خارابىلىققا ئايلانغان ئېچىنىشلىق ھالىتىنى 50 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە دۇنيا بويىچە قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغانلىقى. ئەلۋەتتە، ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ، ئىنسانلارغا كەلتۈرگەن قاباھەتلىك جىنايىتىنى كىشىلەر مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ بىر تارىخ. نۆۋەتتىكى كەسكىن بازار ئىگىلىكى رىقابىتىدە كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ قىزىقىدىغىنى، تراگېدىيىلىك تارىخىي قىسمەتلەر بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە ئىقتىسادىي ۋە پەن ــ تېخنىكا تەرەققىياتىدىن ئىبارەت. شۇڭا ياپونلارنىڭ يېرىم ئەسىردە ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ھېچقانداق تارىخىي باسقۇچىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان مىسلىسىز ئىقتىسادىي ۋە پەن ــ تېخنىكا تەرەققىياتىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، زور ماددىي بايلىق، تېخنىكا ئەۋزەللىكى ياراتقانلىقى، بۇ خىل تەرەققىياتنىڭ

## ئىسلاھات ۋە مىللىي روھ

ئىچكى سىرى قاتارلىقلار كىشىلەر تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە بولسا كېرەك. ھەممىگە مەلۇمكى، ياپونىيە كان بايلىقى جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئەڭ نامرات دۆلەت. ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن تەمىنلەيدىغان خام ئەشيا ئۇنۇملۇك ئىگىدە ئېنىقلىق يوق دېيىشكە بولىدۇ. ياپونىيىنىڭ تەبىئىي شارائىتى بولسا پەقەت يېزا ئىگىلىكى بىلەن بېلىقچىلىققىلا ماس كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك جەھەتتە 3500دىن ئارتۇق چوڭ ــ كىچىك ئارالدىن تەشكىل تاپقان، بوران، كەلكۈن، يانار تاغ، يەر تەۋرەش قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر ئىنتايىن كۆپ ھەم ئېغىر يۈز بېرىدىغان دۆلەت. قاتناش ئالاقىسى جەھەتتە، ياۋروپا دۆلەتلىرى ۋە باشقا رايونلاردەك ئەۋزەل تەبىئىي قاتناش لىنىيىسى مەۋجۇد ئەمەس. جۇڭگو، روسىيە، چاۋشيەن قاتارلىق ئۈچ دۆلەت بىلەن دېڭىز ئارقىلىقلا چېگرىلىنىدۇ. دېمەك، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدىغان قاتمۇ قات قىيىنچىلىق مەۋجۇد. ئۇنداقتا، ياپونىيە قانداق قىلىپ بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك، ئىقتىسادىي كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلىنالىدى؟ بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب شۇكى، ياپون (داخې) مىللىتىدە ئۆز ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ، دادىل ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان ئىسلاھات روھى بىلەن، ئۆز مىللىتىگە تۆھپە يارىتىشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان، ئۆز مىللىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان مۇستەھكەم مىللىي روھ مەۋجۇد. ياپونلار مۇشۇ ئىككى ئەڭگۈشتەرگە تايىنىپ، ئۇرۇش خارابىلىقىغا ئايلانغان ياپونىيىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قايتىدىن

قۇرۇپلا قالماي، دۇنيا بويىچە ئىقتىسادىي جەھەتتە قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندۇرغان.

## 1. ياپون مىللىتىدىكى ئىسلاھات روھى ۋە مىللىي روھنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدىكى تارىخىي ئاساس

دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر شەيئى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەللىككە يۈزلىنىدۇ. تەرەققىيات ئۈستىدە تورۇۋاتقان ئەنە شۇ شەيئىگە شۇ شەيئى مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان جۇغراپىيىلىك جايلىشىش بىلەن تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ئەڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. جۈملىدىن ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ بارغانچە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۆزىنى تەرەققىيات پۇرستى بىلەن تەمىن ئەتكەن جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ۋە تارىخىي تەرەققىيات جەريانى بىلەن ئېنىقمۇ چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە تارىخىي تەرەققىيات ئىنسانلارنى ئوخشىمىغان ئىرق، رەڭ، پىسخىكا، مىللەت ۋە باشقا تەرەپلەرگە ئىگە قىلغان. ياۋروپانىڭ ئەتراپى چەكسىز كەتكەن دېڭىز- ئوكيانلار بىلەن ئورالغان، نورغۇن ئارال، يېرىم ئارالدىن تەشكىللەنگەن، قاتناش- ئالاقىگە نىسبەتەن قولايلىق بولغان ئوتتۇرا قىسمى ئىچكى دېڭىز بولۇپ، دېڭىز- ئوكيانلارغا قاراپ پەسلەپ بارغان قىتئەلەرنىڭ بىرى. ئەتراپى نىسبەتەن ئوچۇق بولغان بۇ خىل جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك ياۋروپادىكى كىشىلەردە ئوچۇق قۇرۇلمىلىق مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. گەرچە ياۋروپالىقلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى نىسبەتەن كېيىندە بولسىمۇ، يۇقىرىقىدەك جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك ياۋروپالىقلارنىڭ تەبىئىتىدە چەكسىز كەتكەن دېڭىز- ئوكيانلارنىڭ سىرىنى ئېچىشقا قىزىقىش، تەۋەككۈل قىلىش، ئۆزئارا ئالاقىغا ماھىر بولۇشتەك مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شۇڭا ياۋروپالىقلار تەۋەككۈل قىلىش روھىغا تايىنىپ چەكسىز كەتكەن دېڭىز- ئوكيان يوللىرىنى تېپىپلا قالماي، دۇنيانىڭ زور كۆپ قىسمىنى ئۆز مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرغان: شىمالىي ئامېرىكا، لاتىن ئامېرىكىسى، ئوكيانىيىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەنىڭ يەرلىك خەلقى ۋە مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلىش بەدىلىگە بۇ جايلارنى ياۋروپالىقلارنىڭ يېڭى ماكانىغا ئايلاندۇرالىغان؛ مەشھۇر «يىپەك يولى»نىڭ خارابلىشىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان چارۋىچىلىق، يېزا ئىگىلىكى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان قوۋملارنىڭ بۈگۈنكى قىسمەتلىك رېئاللىقىنىڭ يارىتىلىشىغا ۋاستىلىك ھالدا زور تەسىر كۆرسەتكەن؛ دۇنيادىكى تۆت قەدىمىي مەدەنىي دۆلەتنىڭ بىرى بولغان، تۆت چوڭ كەشپىياتنى ئىختىرا قىلىپ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە زور تۆھپە قوشقان جۇڭگومۇ جۇغراپىيىلىك جايلىشىشنىڭ مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن 16- ئەسىردىن ئېتىبارەن تەرەققىياتتا تەدرىجىي كەينىدە قالغان، ھەتتا پەرق چوڭلاپ كەتكەن. بۇ ھەقتە جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان داڭلىق نەزەرىيىچىسى، تارىخشۇناس، ئىقتىسادشۇناس، ئىستراتېگىيە مەسىلىلىرى ئوبزورچىسى خې شىن ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ۋە ئېكولوگىيىلىك شارائىتىدىن چۈشەندۈرۈش زۆرۈر. قەدىمكى خۇاشيا مەدەنىيىتى ئاساسلىقى خۇاڭخې، خۇەيخې، چاڭجياڭ دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرا- تۆۋەن ئېقىملىرىدا، يەنى ھازىرقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا مەيدانغا كەلگەن. بىز بۇنىڭدىن مۇنداق مەسىلىنى بايقايمىز: بۇ تۈزلەڭلىك بىر خىل يېپىق ھالەتتىكى جۇغراپىيىلىك بوشلۇققا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ شىمال ۋە غەرب تەرەپلىرىنى يەنشەن تاغ تىزمىسى، تەيخاڭ تاغ تىزمىسى، لولياڭ تاغ تىزمىسى، فۇنيۇ تاغ تىزمىسى، چىنلىڭ، ۋۇداڭ تاغلىرى ئوراپ تۇرىدۇ. جەنۇب تەرىپىنى ۋۇلىڭ، دابيې، جيۇيى، تيەنمۇ، نەنلىڭ، ۋۇشەن تاغلىرى ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ قاتمۇ قات تاغلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنى جەنۇب، شىمال، غەرب تەرەپلەردىن ئىسكەنجىگە ئالغان. شەرق تەرىپى بولسا شەرقىي دېڭىز، سېرىق دېڭىز، بوخەي دېڭىزلىرى بىلەن ئورالغان. بۇ خىل بېكىنمە ھالەتتىكى جۇغراپىيىلىك شارائىت ئۆز- ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ناتۇرال يېزا ئىگىلىك تۇرمۇشىغا ماس كېلىدۇ. ئېچىۋېتىلگەن سودا خاراكتېرلىك ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشقا ماس كەلمەيدۇ... كېيىنچە جۇڭگونىڭ جۇغراپىيىلىك دائىرىسى كېڭەيگەن بولسىمۇ،... زور كۈچ سەرپ قىلىپ ياسىغان سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئۆزىمۇ ماھىيەتتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن سىرتنىڭ مەدەنىيىتىنى ئايرىپ تۇرىدىغان ھەربىي چەمبەر رولىنى ئوينىغان.» دېمەك، بېكىنمە ھالەتتىكى جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك جۇڭگولۇقلاردا بېكىنمە مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا جۇڭگو نەچچە مىڭ يىل مابەينىدە ئاساسەن بېكىنمە ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەن. ھەقىقىي ئىسلاھات- ئېچىۋېتىش ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن.

خوش، ئۇنداقتا ياپونىيىنىڭ جۇغراپىيىلىك ھالىتى ياپون مىللىتىنىڭ تەبىئىتىگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەن؟ بىز يۇقىرىدا ياپونىيىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا پايدىسىز ئامىللارنى قەيت قىلدۇق. لېكىن يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ مۇھاكىمە يۈرگۈزگىنىمىزدە، ياپونىيىنىڭ ماھىيەتلىك ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بۇ خىل ئەۋزەللىك ئالدى بىلەن جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكتە گەۋدىلىنىدۇ. ياپونىيىنىڭ تۆت ئەتراپى پايانسىز كەتكەن دېڭىز- ئوكيانلار بىلەن ئورالغان. نىسبەتەن ئوچۇق قۇرۇلمىلىق جۇغراپىيىلىك

www.uyghurkitap.com

ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ خىل جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ياپون مىللىتىنىڭ تەبىئىتىدە ئۇچۇق مەدەنىيەت پىسخىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. جۇغراپىيىلىك مۇھىت ياپون مىللىتىنىڭ ئۆزگىچە پىسخىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن تاشقى سەۋەب دەپ قارىغىنىمىزدا، يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا پاسسىپ تەسىر كۆرسەتىدىغان قاتمۇ قات قىيىنچىلىق ياپون مىللىتىنىڭ ۋۇجۇدىدا باتۇرلۇق، تەبىئىي توسقۇنلۇقلار ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە توختاۋسىز تىرىشىشتەك داخىي روھنىڭ ھۆجەيرىلىرىنى، ھەم سىرت بىلەن ئالاقىنى كۈچەيتىش، بىكىنمىچىلىككە قارشى تۇرۇش پىسخىكىسىنى يېتىلدۈرگەن. ياپون مىللىتى جۇغراپىيىلىك مۇھىت ئاتا قىلغان ئۆزگىچە پىسخىكىسى بىلەن ئۆزىگە خاس تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى بارلىققا كەلتۈرگەندى. يەنى جۇڭگو مەدەنىيىتىنى ياپونچىلاشتۇرۇش، جۇڭگو مەدەنىيىتى ئارقىلىق ياپونىيىنى گۈللەندۈرۈشتەك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى ياراتقان. ھەممىيلەنگە مەلۇم، جۇڭگو 5000 يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمىي مەدەنىيەتلىك دۆلەت. جۇڭگودا مىلادىدىن بۇرۇنلا قۇللۇق تۈزۈم ئاغدۇرۇلغان، شۇ ۋاقىتلاردىلا ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئىلغار سىياسىي تۈزۈلمە ــ فېئوداللىق تۈزۈم تىكلەنگەن. ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن قۇدرەتلىك فېئوداللىق تۈزۈمدىكى دۆلەت قۇرۇلغان. كۇڭزى پەلسەپىسىنى ئاساس قىلغان، يۈكسەك ئىلمىيلىككە ئىگە پەلسەپىۋى پىكىر ئېقىمى بارلىققا كەلگەندى. جۇڭگو مەدەنىيىتى ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگە كۈچلۈك تەسىر كۆرستەتتى. ئەمما ياپونىيە بولسا مىلادىنىڭ باشلىرى تاش قوراللار دەۋرىدىكى ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئىدى. پەقەت مىلادى 3 ـ ئەسىرلەردىلا داخىي دېگەن بىر قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەت بۇ ئارالدا قۇرۇلۇپ، سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغانىدى. دېمەك ياپونىيە ئۇچۇق قۇرۇلمىلىق جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇش بىلەن تەڭ ئۇنىڭدا پەن ـ مەدەنىيەت، ئالاقە ئىشلىرىدا جۇڭگودىن باشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان بىرمۇ دۆلەت بولماسلىقتەك پاسسىپ جۇغراپىيىلىك ھالەتمۇ مەۋجۇد ئىدى. شۇڭا جۇڭگو ياپونىيىگە مەدەنىيەت تارقىتىدىغان بىردىنبىر مۇھىم ئامىل بوپقالغانىدى. جۇڭگو مەدەنىيىتىنى ياپونىيىگە تارقاتقانلار ئەڭ بۇرۇنقى جۇڭگولۇق كۆچمەنلەر ئىدى. مىلادىنىڭ باشلىرى جۇڭگو ۋە چاۋشيەندىكى سىنىپىي زۇلۇم ۋە ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى تۈپەيلى بىر قىسىم خەلق ياپونىيىگە ئېقىپ كىرگەن، ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن تەڭ تۆمۈر قوراللارنىمۇ بىرگە ئېلىپ كىرگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ياپونىيە تاش قوراللار دەۋرىدىن تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە قەدەم قويغان. بۇ، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ياپونىيىگە كۆرسەتكەن ئەڭ دەسلەپكى تەسىرى، ياپونىيىنىڭ دۆلەت دەرۋازىلىرىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. كېيىنچە كۇڭزى پەلسەپىسى بىر خىل دىن سۈپىتىدە ياپونىيە يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كىرگەن. داۋ دىنى، بۇددا دىنى قاتارلىق باشقا دىنىي ئەقىدىلەرمۇ كۇڭزى پەلسەپىسى بىلەن قوشۇلۇپ ياپونىيىگە كىرگەن ۋە ياپونلاردا شىنداۋ دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ياپونىيىنىڭ مىلادىنىڭ باشلىرى تېخى يېزىقىمۇ يوق ئىدى. پەن ـ مەدەنىيەتتە يېزىقنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن ياپونلار مىلادى 6 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن خەنزۇ يېزىقىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۆز يېزىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى بەرپا قىلىش، ئىقتىدارلىقلارنى تاللاپ ئىشقا قويۇش قاتارلىقلاردىمۇ جۇڭگودىن ئۈلگە ئالغان. بىراق بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇنداق ئالاھىدە ئىككى نۇقتا بار: بىرى، ياپون مىللىتىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىت تۈپەيلى ئۇچۇق مەدەنىيەت پىسخىكىسى تۈرغۇزۇلغانلىقتىن، جۇڭگوغا ئوخشاش بېكىنمە ھالەتتە ناھايىتىمۇ ئۇزۇن تۇرۇۋالمىغان، بەلكى خېلى بۇرۇنلا دۆلەت دەرۋازىلىرىنى ئېچىۋېتىشنى باشلىغان ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتىنى دادىللىق بىلەن قوبۇل قىلغان، قوبۇل قىلغاندىمۇ قارا ـ قويۇق قوبۇل قىلماي، ياپونچىلاشتۇرغان؛ يەنە بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك شۇكى، مەدەنىيەت جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان جۇڭگودىكى ئىمپېرىيىلەر ياپونىيە ھۆكۈمرانلىرى ۋە خەلقىنىڭ قەلبىدە غايەت زور خېيىم ـ خەتەر تۇيغۇسى پەيدا قىلغان. ياپونىيە شەرقىي ئاسىيادا داۋاملىق ياشاش ئۈچۈن ئىقتىسادچىل، باتۇر بولۇش كېرەكلىكىنى تەبىئىي ھالدا بايقىغان. جۇڭگونىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ يەنىلا مەدەنىيەتسىز باسقۇچتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەڭ دەسلەپتە ھېس قىلغانىدى. شۇڭا ياپونىيە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئىسلاھات ئېلىپ بارغان، دۆلەت دەرۋازىلىرىنى سىرتقا ئېچىۋەتكەن، خەلقىنىڭ قەلبىگە مىللەتچىلىك روھىنى سىڭدۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن. دېمەك ياپون مىللىتىدىكى ئىسلاھات روھى ۋە مىللىي روھنىڭ تارىخىي ئاساسىنى ياپونىيىنىڭ ئۇچۇق قۇرۇلمىلىق جۇغراپىيىلىك ھالىتى بىلەن جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ياپونىيىگە كۆرسەتكەن غايەت زور تەسىرى بارلىققا كەلتۈرگەن.

## 2. ياپونىيە ھاكىمىيىتىنىڭ خەلقنىڭ ئىسلاھات روھى بىلەن مىللىي روھنى ئويغىتىشتا قوللانغان تەدبىرلىرى ۋە ياپونىيە تارىخىدىكى بىر قانچە قېتىملىق زور ئىسلاھات

ياپون مىللىتىدىكى ئىسلاھات روھى بىلەن مىللىي روھنىڭ

كۈچلۈك بولۇشنى ياپونىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بىر قولىدا سىياسىي ئىسلاھات، بىر قولىدا دىنىي ئىسلاھاتنى تۇتقانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مىلادىنىڭ باشلىرى ياپونىيە تولىمۇ قالاق ھالەتتە ئىدى. ئەمما جۇڭگو (خەن سۇلالىسى) ئىنتايىن قۇدرەتلىك دۆلەت ئىدى. بۇ خىل رېئاللىق ياپونلاردا خېيىم-خەتەر تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ، ئۆزلىرىنى پەس كۆرۈش، تولىمۇ ئېھتىياتچان بولۇش روھىي ھالىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. شۇڭا ياپونىيە ھۆكۈمرانلىرى بىر تەرەپتىن جۇڭگو مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ ياپونىيىنى گۈللەندۈرۈش، بىر تەرەپتىن مىللەتنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىمپورت قىلىنغان مەدەنىيەتنى ياپونچىلاشتۇرۇش كېرەك دەپ قاراپ، شۇ بويىچە ئىش تۇتتى. جۇڭگودىن قوبۇل قىلغان مەدەنىيەتنىڭ مىللىي روھنى ئۇرغۇتىدىغان، ئىدېئولوگىيىنى مۇستەھكەملەيدىغان، قالاق يېزا ئىگىلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلدى. قوبۇل قىلىشتا بەزىلىرىنى ئەينەن قوبۇل قىلدى، بەزىلىرىنى ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلدى، بەزىلىرىنىڭ پايدىلىق تەرىپىنى تەكىتلەپ، پايدىسىز تەرىپىنى تەكىتلىمىدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگودىن قوبۇل قىلغان مەدەنىيەت ياپونچە مەدەنىيەتكە ئايلاندى. ياپونىيە ھۆكۈمرانلىرى جۇڭگو مەدەنىيىتى ئارقىلىق ياپونىيىنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىگە ئاساسەن، جۇڭگو مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشتا ئالدى بىلەن دىن مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى. چۈنكى ياپونىيە ھۆكۈمرانلىرى شۇ ۋاقىتلاردىلا ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن خەلقنى ئىدىيە جەھەتتىن تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش، ئىدىيىۋى تەربىيىنى دىن تەربىيىسىدىن باشلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن، دىن تەربىيىسى ئارقىلىق مىللەتنىڭ مىللىي روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدىغانلىقىنى ھەقىقىي چۈشەنگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەڭ دەسلەپ ياپونىيىگە كۇڭزى پەلسەپىسى ئاساسىدىكى كۇڭزى دىنى تارالدى. «جۇڭگودىكى كۇڭزى دىنى ــ شەپقەت، ئادالەت، ئەدەب ـ ئەخلاق، ئىلىم ۋە ۋاپادارلىقنى ئەڭ مۇھىم گۈزەل ئەخلاق، رەھىمدىللىك ئىنساننىڭ ماھىيەتلىك گۈزەل ئەخلاقى دەپ ھېسابلايدۇ. لېكىن ياپونىيىدىكى كۇڭزى دىنىدا ساداقەتمەنلىك، باتۇرلۇق، ۋاپادارلىق، ئەدەبلىك، دىيانەتلىك بولۇشنى تەكىتلەيدۇ. ساداقەتمەن بولۇش ياپونىيىدىكى كۇڭزى دىنىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ساداقەتمەنلىكنىڭ مەزمۇنىمۇ جۇڭگونىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. جۇڭگودىكى ساداقەتمەنلىك ئۆز ۋىجدانىغا بولغان ساداقەتمەنلىكنى كۆرسىتىدۇ، ياپونىيىدىكى ساداقەتمەنلىك ئۆز خوجىسىغا بولغان ساداقەتمەنلىكنى، ھەتتا قۇربان بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.» ئەينى ۋاقىتلاردا، جۇڭگودىن ياپونىيىگە كۇڭزى دىنى بىلەن قوشۇلۇپ داۋ دىنى دېيىلىدىغان بىر خىل دىن كىرگەن. بۇ دىنمۇ ياپونىيىدە ئۆزگىچە تۈس ئېلىپ شىنداۋ دىنى دەپ ئاتالغان. ياپونىيە ھۆكۈمرانلىرى بۇ دىننىمۇ ئۆزلىرىگە لايىقلاشتۇرغان ۋە خەلقنىڭ مىللىي روھىنى ئۇرغۇتىدىغان بىر خىل قالقان سۈپىتىدە پايدىلانغان. شىنداۋ دىنىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، ساداقەتمەنلىك بولغاچقا ياپون مىللىتىنىڭ مىللەتچىلىك ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. بۇ يەردە ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك مۇنداق مەسىلە بار. كۇڭزى دىنىدا ساداقەتمەنلىك بىلەن قوشۇلۇپ ئەدەب ـ ئەخلاق، دىيانەت تەكىتلىنىدىغان بولغاچقا، ياپونىيە يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر كۇڭزى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، تۆۋەن قاتلامدىكىلەر شىنداۋ دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. يۇقىرى قاتلامدىكىلەر پادىشاھقا، ئاۋام ـ پۇقرالار ئاق سۆڭەك ـ مەنسەپدارلارغا سادىق بولغان. بۇ خىل قاتلاممۇ قاتلام سادىق بولۇش ماھىيەتتە پۈتكۈل خەلقنىڭ پادىشاھقا سادىق بولۇشنى مەيدانغا چىقارغان. ئەگەر كىمكى بۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىسا، «مىللىي خائىن» ھېسابلىنىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ لەنىتىگە قالغان. شۇنىڭ بىلەن ساماۋى خان بىر خىل «ئىلاھ» سۈپىتىدە پۈتكۈل خەلقنىڭ ۋۇجۇدىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. «شۇڭلاشقا، ياپونىيىدە ئۇيۇلتاشتەك ئۇيۇشقان بىر پۈتۈن گەۋدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. ھازىرغىچە ياپون مىللىتىدە شەخسىيەتچىلىك ئەۋج ئېلىپ باقمىغان.» جۇڭگو ۋە باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاش بىر سۇلالىنىڭ ئورنىغا يەنە بىر سۇلالە ئالمىشىدىغان تارىخ ياپونىيىدە كۆرۈلمىگەن. ياپونىيە تارىخىدا سان ـ ساناقسىز قوزغىلاڭ، ئۇرۇش بولغان بولسىمۇ، ھېچقانداق كۈچ ساماۋى خاننىڭ مۇقەددەس ئورنىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزەلمىگەن. ياپونىيىنىڭ قۇللۇق تۈزۈم دەۋرىدە مۇقەددەس سۈپەتتە بېكىتىلگەن ساماۋى خاننىڭ نوپۇزلۇق ئورنى تا بۈگۈنگە قەدەر شۇ پېتى ساقلانماقتا. ھەتتا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ ياپونىيە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئىشغالىيەت رايونىغا ئايلانغان ۋاقىتتىمۇ، «ئىتتىپاقداش ئارمىيە ساماۋى خان تۈزۈمىنى بىكار قىلىدىغان بولساق، ياپونلار قەتئىي ۋە قورقۇنچلۇق تۈردە ئۇزاققىچە قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. بۇ، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنى زور قۇربان بېرىشكە ئېلىپ بارىدۇ، دەپ ئىشەنگەن.» دېمەك ياپونىيە ھۆكۈمرانلىرى دىن ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىدىيىسىنى تەربىيىلەش نىشانىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك

www.uyghurkitap.com

يەتكەن. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ياپونىيە كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇددا دىنىنىڭ نىسبەتەن ئىلغارلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇددا دىنىنىمۇ ئىجادىي قوبۇل قىلغان. «ياپونىيىدىكى بۇددا دىنى تەلىماتىدا مۇرتلارنىڭ نىكاھلىق بولۇشىغا يول قويۇلغان، تۇرمۇش ئۇسۇلىمۇ دىندىن ئاساسەن خالىيلاشتۇرۇلغان.» 16 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە جىژتيەن شىنچاڭ دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ، بۇددا دىنىنىڭ ياپونىيىنىڭ تەرەققىياتىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقانلىقىنى تەدرىجىي ھېس قىلغان ۋە ئەمدىكى خەۋپ جۇڭگودىن ئەمەس، بەلكى يەن ـ تېخنىكا تەرەققىي قىلغان غەربتىن كېلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. جىژتيەن شىنچاڭ بۇددا دىنىنى قاتتىق چەكلىگەن، قارشىلىق قىلغانلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن قىرغىن قىلغان. پۈتكۈل مەملىكەتتىكى بۇتخانىلارنى كۆيدۈرگەن. شۇ ۋاقىتتا 800 يىللىق تارىخقا ئىگە مەشھۇر، ھەيۋەتلىك يەنلى ئىبادەتخانىسىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، 20 مىڭ بۇددا مۇخلىسى ئۆلتۈرۈلگەن، قارشىلىق كۆرسەتكەن ئارمىيە كۈچلىرى دەھشەتلىك باستۇرۇلغان. جىژتيەن شىنچاڭ بۇددا دىنىنى چەكلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربنىڭ ئىلغار پەن ـ تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈشنى مەقسەت قىلىپ، كاتولىك دىنىنىڭ ياپونىيىگە كىرىشىنى قوللىغان. بۇنىڭ بىلەن ياپونىيىدە كاتولىك دىنى مۇرتلىرى پەيدا بولغان. دېمەك ياپونىيە تارىختا كۆپ دىن قوبۇل قىلغان. قايسى دەۋردە قايسى دىنغا ئېھتىياجلىق بولسا شۇ دىننى قوبۇل قىلغان، قوبۇل قىلغاندىمۇ ئىجادىي قوبۇل قىلغان، ھەرقانداق دىننى ياپونچىلاشتۇرغان. دىننى دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ياپونلار قانداقلا دىن قوبۇل قىلسۇن ساماۋى خاندىن ئىبارەت بۇ تىرىك «خۇدا» ياپونلار ھەقىقىي ئىشىنىدىغان «ئىلاھ» بوپكەلگەن. بۇ نۇقتىدا، ياپونلار ماھىيەتتە ئاتېئىزمچىلاردۇر!

ياپونىيە ھۆكۈمرانلىرى دىنىي ئىسلاھاتتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش بىلەن بىرگە سىياسىي ئىسلاھاتتىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن. ياپونىيە ئىسلاھاتىنىڭ مەزمۇنىنى سىياسىي ئىسلاھات، مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە مىللىي روھ ئىسلاھاتىدىن ئىبارەت ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرگەن. بۇ ئۈچ خىل ئىسلاھات بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدىغان دىئالېكتىك مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىسلاھات بولۇپ، ئۈچى تەڭ ئېلىپ بېرىلسا ئىنتايىن يۇقىرى ئۈنۈم بېرەتتى. بۇ خىل قانۇنىيەتنى ئاللىبۇرۇنلا چۈشىنىپ يەتكەن ياپونىيە تارىختىن بۇيان سىياسىي ئىسلاھات ئارقىلىق ھاكىمىيەت

ماشىنىسىنى مۇستەھكەملىگەن، مائارىپ ئىسلاھاتى ئارقىلىق ئومۇمىي خەلقنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن، مىللىي روھ ئىسلاھاتى ئارقىلىق خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ۋە ئۆز مىللىتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان مىللىي روھنى يۇقىرى كۆتۈرگەن.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ياپونىيە مىلادىنىڭ باشلىرىلا قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەت ئىدى. بىراق جۇڭگودىن ئىبارەت مەدەنىيەتلىك ھەم قۇدرەتلىك دۆلەت ياپونىيىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، ياپونلارنىڭ داۋاملىق ئىسلاھات قىلىشى، دۆلەت دەرۋازىلىرىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشىغا يېشىل چىراغ يېقىپ بەردى. ياپونىيە تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپكى، شۇنداقلا ئەڭ مەشھۇر ئىسلاھات داخۇا يىللىرىدىكى ئىسلاھات بولۇپ، ئىسلاھاتنىڭ باش لايىھەلىگۈچىسى، تەخت ۋارىسى شىڭدېيدۇر. مىلادى 6 ـ ئەسىرلەردە ياپونىيىدە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىككى چوڭ گۇرۇھ مەيدانغا كەلگەن. بۇ ئىككى گۇرۇھ چاۋشيەننى ئۆزۈن مۇددەت مۇستەملىكە قىلىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئاساسىنى پۇختىلاپ، ساماۋى خاننىڭ ھوقۇقىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. بۇ خىل ئەھۋالدا تەخت ۋارىسى شىڭدېي قانداق قىلغاندا ساماۋى خاننىڭ ئورنىنى مەڭگۈلۈك ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلىدە كۆپ ئىزدەنگەن. شىڭدېي جۇڭگودەك قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش ھەم ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئۇسۇلىدىن ئۆرنەك ئېلىشنى ئويلىسىمۇ، بىراق ئۇنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىشكە قارشى ئىدى. چۈنكى شۇ زامانلاردا جۇڭگو خەلقىدە «ئىلاھ ئاتا قىلغان ھوقۇقنى ئەخلاق ـ پەزىلىتى بولمىغان پادىشاھ يۈرگۈزسە بولمايدۇ. خان ئىقتىدارسىزلىق قىلىپ دۆلەتنى، كىشىلەرنى رازى قىلغۇدەك باشقۇرالمايدىكەن، ئىلاھ ئۇنى قوللىمايدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا خان دەسسىتىلىدۇ» دەپ ھېسابلايتتى. شۇڭا جۇڭگودا خانلىقلار دائىم ئالمىشىپ، كونىنىڭ ئورنىغا يېڭىسى تىكلىنىپ تۇراتتى. تەخت ۋارىسى شىڭدېينىڭ قارىشىچە، جۇڭگولۇقلاردىكى بۇ خىل قاراش ياپونىيىگە كىرسە ساماۋى خاننىڭ ئورنى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرايتتى. شۇڭا شىڭدېي ساماۋى خاننىڭ ئورنىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، سىياسىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ھەققىدە كۆپ ئىزدىنىپ، ئىسلاھاتنىڭ لايىھەسىنى بېكىتتى. مىلادى 603 ـ يىلى «12 دەرىجىلىك مەنسەپ تۈزۈمى»، 604 ـ يىلى «17 ماددىلىق ئاساسىي قانۇن»نى تۈزۈپ چىققان. شىڭدېينىڭ سىياسىي ئىسلاھاتى ۋە تۈزگەن ئاساسىي قانۇنىغا ئاساسلانغاندا، «ساماۋى خان سىياسىي جەھەتتە بىتەرەپلىكنى ساقلىشى كېرەك. ساماۋى خان دۆلەتنىڭ پادىشاھى بولۇپلا قالماستىن، ئاۋام ـ پۇقرالارنىڭ قەلبىدە يۈكسەك

پەزىلەتكە ئىگە (ئىلاھ) سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى كېرەك.» شىگدېي تۈزگەن «12 دەرىجىلىك مەنسەپ تۈزۈمى»دە «دۆلەتنى باش ۋەزىر باشقۇرۇش، ئاۋام- پۇقرالار ساماۋى خانغا ساداقەتمەن بولۇش، ھەممە يەر دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا بولۇش، ھەممە كىشى ئىقتىسادىي جەھەتتە باراۋەر بولۇش كېرەك» دەپ بەلگىلەندى. «17 ماددىلىق ئاساسىي قانۇن»دا «كىشى كىشىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا بولمايدۇ. ساماۋى خان ئالدىدا ھەممە كىشى باراۋەر. ھەر دەرىجىلىك مەنسەپدارلار چوڭ ئىشلاردا دېموكراتىك ئاساستا جامائەت بىلەن كېڭىشىشى كېرەك. يەرلىك مەنسەپدارلار خۇسۇسىي مەقسەتلىرى ئۈچۈن خەلقتىن ئالۋاڭ- سېلىق ئېلىش ۋە خەلققەھاشار سېلىشقا بولمايدۇ. ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ساماۋى خانغا سادىق بولۇشى كېرەك. مۇۋاپىق ئادەمنى مۇۋاپىق ئىشقا قويۇش كېرەك» دېگەندەك مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەنىدى. بۇ قانۇن ھازىرقى زامان ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئىدى. بۇ بىر قاتار سىياسىي ئىسلاھات لايىھەسى 7- ئەسىرلەردىكى ئىنسانلار جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئەڭ ئىلغار ھېسابلىناتتى. ھەتتا بەزى مەزمۇنلىرى بۈگۈنكى ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي تۈزۈمىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئەلۋەتتە، شىگدېينىڭ ئىسلاھات لايىھەسى قاتمۇ- قات قارشىلىققا ئۇچراپ، دەرھاللا يولغا قويۇلمىدى. بىراق شىگدېيدىن كېيىنكى تەخت ۋارىسى جوڭ داشيۇڭ شىگدېي ئىسلاھاتىنى قەتئىي قوللىدى. ئۆزىمۇ زور تۈزىتىش كىرگۈزدى. نەتىجىدە، ئارىدىن 40 يىل ئۆتۈپ ئاندىن شىگدېي قوزغىغان سىياسىي ئىسلاھات يولغا قويۇلدى. مىلادى 701- يىلى «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «مەمۇرىي قانۇن»، «ھەق- تەلەپ دەۋا قانۇنى»، «سودا قانۇنى» قاتارلىقلار تۈزۈلۈپ، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش رەسمىي يولغا قويۇلدى. شۇ ۋاقىتلاردا تۈزۈلگەن قانۇنلار تاكى 1885- يىلى ياپونىيىنىڭ «ئىچكى كابىنېت قانۇنى» كۈچكە ئىگە بولغانغا قەدەر يولغا قويۇلدى. شىگدېي ئىسلاھاتىنىڭ يەنە بىر غەلىبىسى شۇكى، پادىشاھ ئۆلسە تەخت ئوغلىغا قېلىش بىكار قىلىندى، پادىشاھ جەمەتى ئىچىدە كىم ئىقتىدارلىق بولسا تەختتە شۇ ئولتۇرۇش بېكىتىلدى. ئومۇمەن شىگدېي دەۋرىدىكى ئىسلاھات ئارقىلىق ساماۋى خاننىڭ ئورنى ئەبەدىيلەشتۈرۈلدى ۋە مۇقەددەسلەشتۈرۈلدى. خان سىياسىي جەھەتتە بىتەرەپ تۇرۇش ئىشقا ئاشتى. ياپونىيىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمە تەرەققىياتىغا پارلاق يول ئېچىپ بېرىلدى. ياپونىيە تارىختىكى ئىككىنچى قېتىملىق مەشھۇر سىياسىي ئىسلاھات— مېيجى دەۋرىدىكى «يېڭىلىققا كۆچۈش ھەركىتى»دۇر. مېيجى ئىسلاھاتىنىڭ مۇقەددىمىسى 16- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا باشلانغان دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا غەربتىكى تەرەققىي قىلغان ئەللەردە سانائەت ئىنقىلابى باشلاندى. شۇ ۋاقىتلاردا دېڭىز يوللىرىنى ئاچقان پورتۇگالىيە، ئىسپانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي، سودا كېمىلىرى دۇنيانى ئايلىنىشقا باشلاپ، مۇستەملىكىنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئاچتى. شۇ قاتاردا بۇ كېمىلەر ياپونىيىنىڭ دەرۋازىسىنىمۇ قاقتى. ئۇلارنىڭ توپ- زەمبىرەك، مىلتىقلىرى ياپونىيە ھۆكۈمرانلىرىنى ھەيران قالدۇردى. شۇ ۋاقىتتا، ياپونىيىنىڭ سىياسىي، ھەربىي ھوقۇقىنى قولىغا ئالغان جېزتىيەن شىنچاڭ ياپونىيىگە كېلىدىغان يېڭى تەھدىتنىڭ جوڭگودىن بولماستىن، غەربتىكى سانائەت ئىنقىلابى باشلانغان دۆلەتلەردىن كېلىدىغانلىقىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يەتتى. جېزتىيەن شىنچاڭ ياپونىيىنى خىيىم- خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، «غەربنىڭ پەن- تېخنىكىسى ئارقىلىق ياپونىيىنى گۈللەندۈرۈش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىنتايىن قاتتىق قول بولدى. ئىسلاھاتقا توسقۇنلۇق قىلغانلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇردى. ئىسلاھاتقا ياخشى مۇھىت ھازىرلاش ئۈچۈن ياپونىيىنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان بۇددا دىنىنى چەكلەپ، بۇددا دىنى مۇخلىسلىرىنى رەھىمسىز قىرغىن قىلدى، بۇتخانىلارنى كۆيدۈردى ۋە كاتولىك دىنىنىڭ ياپونىيىگە كىرىشىنى قوللىدى. بىراق جېزتىيەن شىنچاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاران تۆت يىل داۋاملاشتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى 200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا دېچۇەن ھۆكۈمرانلىقى ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. دېچۇەن دەۋرىدە بېكىنمىچىلىك سىياسىتى يۈرگۈزۈلدى. جوڭگو، چاۋشيەندىن باشقا دۆلەتلەرگە دۆلەت دەرۋازىلىرىنى پۈتۈنلەي تاقىدى. ياپونىيىنىڭ بۇ بىر مەزگىللىك بېكىنمىچىلىكى غەربنىڭ پەن- تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈشكە قارشى تۇرغانلىق ئەمەس، بەلكى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەدرىجىي سىڭىپ كىرىشى بىلەن ياپونىيىنىڭ مۇستەملىكىگە ئايلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەش ئاساسىي سەۋەب بولغانىدى. دېچۇەن ھۆكۈمرانلىرى بىر تەرەپتىن سىرتقا دۆلەت دەرۋازىلىرىنى تاقاش سىياسىتىنى يۈرگۈزسە، يەنە بىر تەرەپتىن دۆلەت ئىچىدە ئىنتايىن جانلىق، ئىلغار بولغان تۈزۈملەرنى يولغا قويدى. چۈنكى دېچۇەن ھۆكۈمرانلىرى غەربنىڭ تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇشتا كۈچلۈك بولغان مىللىي روھنى تاۋلاپ چىقىش كېرەك، دەپ قارىدى. شۇڭا دېچۇەن ھۆكۈمرانلىرى زور كۈچ سەرپ قىلىپ پۈتۈن تېنى ۋە قېنى ساداقەتمەنلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، باتۇرلۇق، مەردلىك، غورۇر، كەمتەرلىك ھۆجەيرىلىرى يېتىلگەن سامورايلارنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇ ۋاقىتلاردا سامورايلار ئادەم

ئۆلتۈرۈپ قويىسمۇ سۇرۇشتۇرۇلمەيتتى. پۈتكۈل ۋۇجۇدى مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن يۇغۇرۇلغان سامورايىلار «ياپونىيە باشقا دۆلەتلەردىن ئۈستۈن تۇرۇشى كېرەك، ياپونىيە ئاخىرى ھەرقايسى دۆلەتنىڭ داھىيسى بوپقالىدۇ، دۇنيا ياپونىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىرلىككە قاراپ ماڭىدۇ» دەيدىغان تەلۋىلەرچە مىللەتچىلىك قارىشىغا ئىگە ئىدى.

دېچۇن ھۆكۈمرانلىرى خەلقنىڭ مىللىي روھىنى ئۇرغۇتۇش بىلەن بىرگە، بىر قاتار جانلىق سىياسەتنى يولغا قويدى: ئىلىم ـ پەنگە ئەھمىيەت بەردى؛ ئىچكى سودىنى جانلاندۇردى؛ تىلنى بىرلىككە كەلتۈردى؛ قاتناش ئەسلىھەلىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، پۈتكۈل ياپونىيىنى تۇتاشتۇردى؛ شەھەرلىشىش قەدىمىنى تېزلەتتى. بۇنىڭ بىلەن ياپونىيە گەرچە دۆلەت دەرۋازىلىرىنى تاقىۋالسىمۇ ئىچكى جەھەتتە زامانىۋىلىشىشنىڭ ئاساسىنى سېلىۋالدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئەنگلىيە، روسىيە، ئامېرىكىلارنىڭ سودا كېمىلىرى ياپونىيىگە كەلدى ۋە دۆلەت دەرۋازىلىرىنى ئېچىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ياپونىيىدە «خاننى ھۆرمەت قىلىپ، ياتلارنى چەتكە قېقىش» ئورتاق پىكىر ئېقىمى ئاساسىدىكى بىكىنمىچىلىك بىلەن، «ياتلارنى چەتكە قېقىش» ئۈچۈن دۆلەت دەرۋازىلىرىنى ئېچىۋېتىش، «غەربنىڭ پەن ـ تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش» پىكىر ئېقىمىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدا كەسكىن بەھس ـ مۇنازىرە باشلىنىپ كەتتى. بەھس ـ مۇنازىرىگە ئەگىشىپ كەسكىن سىياسىي ئۆزگىرىشلەر، دەھشەتلىك ئۇرۇشلار بولدى. 1866 ـ يىلى سېنتەبىردە پادىشاھ مېيجىنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى بىلەن دۆلەت دەرۋازىلىرىنى ئېچىۋېتىش تەرەپدارلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئېچىۋېتىشنىڭ داغدام يولى ئېچىلدى. بۇنىڭ بىلەن ياپونىيىدە تارىختىكى مەشھۇر «مېيجى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى» باشلاندى. «مېيجى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى»نىڭ باش پرىنسىپى «ياپونىيىنىڭ مىللىي روھىغا غەربنىڭ پەن ـ تېخنىكىسىنى قوشۇش، ياپونىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاش؛ مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىپ، دۆلەتنى ئۇزاق مۇددەت گۈللەندۈرۈش» ئىدى. شۇڭا ھۆكۈمەت مائارىپقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى، مائارىپ ئاپپاراتلىرىنى تەشكىللىدى؛ «مەجبۇرىيەت مائارىپى»نى يولغا قويدى. ئويغانغان زىيالىيلار بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بولدى. 1872 ـ يىلى مېيجى ھۆكۈمىتى «مائارىپ قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، «مەجبۇرىيەت مائارىپى»نى يولغا قويدى. قانۇندا «دۆلەتنى 50 مىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك مەكتەپ رايونىغا ئايرىش، ھەربىر رايوندىكى 600 نوپۇس ئۈچۈن بىر مەكتەپ سېلىش، ئوقۇغۇچىلار ئىجتىمائىي تەبىقە، جىنس جەھەتتە قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر باراۋەر بولۇش بېكىتىلدى. نەتىجىدە، 1904 ـ يىلىغا كەلگەندە ياپونىيىدە ئوقۇش يېشىدىكى باللارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 98%كە يەتتى.»

ھۆكۈمەت دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك، دەپ قاراپ، نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى قۇردى. بىراق بۇ كارخانىلار تېز ۋەيران بولۇپ، دۆلەت ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېغىر زىيان تارتتى ۋە كارخانىلارنى ئەرزان باھادا شەخسلەرگە سېتىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ خۇسۇسىيلاشتۇرۇلۇشى ئىنتايىن تاسادىپىي، شۇنداقلا ياپونىيە سانائىتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ رول ئويнىدى. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا ياپونىيىدە بۇرژۇئازىيە سىنىپى تولىمۇ ئاجىز ئىدى. ئەگەر بۇ خىل ئەھۋال غەربتىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە بولغان بولسا، ئەركىن كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور توسقۇنلۇق قىلغان بولاتتى. ئەمما ياپونىيىدە كارخانىلارنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش تاسادىپىي ئۈنۈم بېرىپ، تېزلا چوڭ كاپىتالىستلار بارلىققا كەلدى ۋە ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە دۆلەتنىڭ كاپىتالىزمغا ئۆتۈش باسقۇچى تاماملاندى. مېيجى دەۋرىدە ياپونىيە غەربنىڭ پەن ـ تېخنىكىسىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن تەرەققىي قىلغان ئەللەرگە كۆپلەپ ئوقۇغۇچى چىقاردى. قايسى دۆلەتنىڭ قايسى خىل تېخنىكىسى يۇقىرى بولسا، شۇ خىل تېخنىكىنى ئىگىلەشكە ئوقۇغۇچى چىقىرىشتەك نىشانلىق تەربىيىلەشنى يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە، ئىسپانىيە، ئىتالىيە قاتارلىق تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئەڭ تەرەققىي قىلغان ساھەلىرىدە تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچىلار ياپونىيىگە قايتىپ كەلدى ھەم شۇ خىل تېخنىكا ئىقتىدارى ئىمپورت قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ياپونىيىدە كۆپ دۆلەتنىڭ ئىلغار پەن ـ تېخنىكىسى مۇجەسسەملەشكەن، يۈكسەك ئىلغارلىققا ئىگە ياپونچە پەن ـ تېخنىكا بارلىققا كەلدى.

ئومۇمەن ياپونىيە «مېيجى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى» ئارقىلىق كاپىتالىزمغا ئۆتتى؛ غەربنىڭ پەن ـ تېخنىكىسىنى ئۈنۈملۈك قوبۇل قىلدى؛ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى «ئۇچۇش» ھالىتىگە كىرگۈزدى؛ پۈتكۈل ئاسىيانى ياپونىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزدى؛ «ياپون روھى بىلەن غەربنىڭ پەن ـ تېخنىكىسىنى بىرلەشتۈرۈش» نىشانىغا ئۇتۇشلۇق يەتتى.

## 3. ياپون مىللىتىدىكى ئىسلاھات روھى ۋە مىللىي روھنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ياپونىيە ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈشكە كۆرسەتكەن تەسىرى

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ھارپىسىدا ياپونىيە ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق بولغان خەلقئارا مۇھىت تەبىئىي شەكىللەندى. ياپونىيە «مېيجى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى» ئارقىلىق ئەسلىدىلا كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلانغانىدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ،

ئاخىرلاشقىچە بولغان ئارىلىقتا غەربتىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ئۇرۇشقا قاتنىشىپ ئېغىر ھالسىرىدى، ئىقتىسادى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولدى. يەنە كېلىپ 1929- يىلى كاپىتالىزم دۇنياسىدا يۈز بەرگەن ئىقتىسادىي كرىزىس غەرب دۆلەتلىرىگە تېخىمۇ ئەجەللىك زەربە بولدى. ئەمما ياپونىيە بولسا غەربنىڭ ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقىدەك پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆز ئىقتىسادىنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈردى. ئاسىيانى ئاساس قىلغان زور كۆپ قىسىم دۆلەتنى ئۆز ئىقتىساد چەمبىرىكى دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالدى. كاپىتالىزم دۇنياسىدا ئىقتىسادىي كرىزىس يۈز بەرگەندە بولسا چاۋشيەننى ھەم جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، بۇلاڭ- تالاڭ قىلىپ يۇرۇپ ئۆز ئىقتىسادى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ھازىرلىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ياپونىيە بىراقلا دۇنيادىكى كۈچلۈك بەش ئىقتىسادىي، ھەربىي دۆلەتنىڭ بىرىگە ئايلاندى. «مېيجى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى»دىن كېيىن «ياپونىيىنىڭ مىللىي روھىغا غەربنىڭ پەن- تېخنىكىسىنى قوشۇش» شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، مىللىي روھ تەكىتلەنگەن بولسىمۇ، سامورايلاردەك ئالاھىدە تەبىقە بولۇۋېلىش بىكار قىلىنغانىدى. سامورايلار ۋە ساموراي روھىغا ئىگە زىيالىيلار بۇنىڭغا قورسىقىدا غۇم ساقلاپ كەلگەنىدى. ئارىدىن 60 يىل ئۆتكەندە، يەنى ياپونىيە دۇنيادىكى كۈچلۈك بەش دۆلەتنىڭ بىرىگە ئايلانغان ۋاقىتتا سامورايلار خۇددى پارتلاش پەيتى يېتىپ كەلگەن قەرەللىك بومبىدەك مەيدانغا چىقتى. سامورايلار «پادىشاھقا سېغىنىش، ياتلارغا قارشى تۇرۇش»، «ياپون روھى بىلەن چەت ئەل تېخنىكىسىنى بىرلەشتۈرۈش»، «دۆلەتنى باي، ئارمىيىنى كۈچلۈك قىلىش»، «ۋەتەنگە سادىق بولۇش»، «ياپونىيىنى مەركەز قىلغان پان ئاسىيائىزم»نى كۈچەپ تەرغىب قىلدى. سامورايلار ئىقتىسادنىڭ گۈللەنگەنلىكىدىن كۆرەڭلەپ كەتكەن ياپون مىللىتىنىڭ روھىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ ھەربىي ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ياپونىيە ئارمىيە باشقۇرۇشىدىكى ھەربىي دۆلەتكە ئايلاندى. ئۇرۇش شوئارلىرى، ئۇرۇش تۇمانلىرى ياپونىيە ئاسمىنىنى قاپلىدى. ئاخىرى ياپونىيە گېرمانىيە، ئىتالىيە بىلەن 2- دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغىدى. ياپونىيە ئارمىيىسى ئۇرۇش ئېھتىياجى تۈپەيلى زور تۈركۈمدە ئىختىساسلىق خادىمغا موھتاج بولدى. بۇ ئېغىر يۈكنى ياپونىيە مائارىپى زىممىسىگە ئالدى. مائارىپتا تەبىئىي پەن ئاساس قىلىندى. مەسىلەن: 1945- يىلى ياپونىيە بويىچە ئۇنىۋېرسىتېت 48گە، ئىنستىتۇت 342گە يەتتى. ئارمىيىنىڭ مەجبۇرلىشى، خەلقنىڭ مىللىي روھى يەنە زور ئۈنۈم بېرىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇنلىغان ئىختىساس ئىگىسى مەيدانغا كەلدى.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇرۇش مەزگىلىدە ياپونىيە كاپىتالىستلىرى ئىقتىساد ۋە ھەربىي كۈچنى ئاشۇرۇشقا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، «مېيجى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى»دىن كېيىن ھۆكۈمەت كارخانىلارنى ئەرزان باھادا شەخسلەرگە سېتىپ بەرگەچكە، كاپىتالىستلار ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىنى پۈتۈنلەي دۆلەتنىڭ ھىممىتىدىن دەپ قارايتتى. شۇڭا دۆلەت نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا ئاز پايدا بولسىمۇ، شۇنى ئىشلەپچىقىراتتى. دۆلەتمۇ زور كۆپ قىسىم تاۋارنىڭ ياكى ھەربىي ھازىرلىقلارنىڭ زاكاسلىرىنى چوڭ كاپىتالىستلارغا بېرەتتى. دۆلەتنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىغان كاپىتالىستلار ۋەيران بولاتتى. شۇڭا كاپىتالىستلار ھۆكۈمەتكە ئىنتايىن سادىق ئىدى. كاپىتالىستلار خادىم تاللاشتىمۇ ئۆزىگە جان- جەھلى بىلەن سادىق بولۇش تەلىپىنى قوياتتى. ئەگەر بىرەر ئىشچى ياكى ئىختىساسلىق خادىم ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، باشقا ئورۇندا ئىشلىمەكچى بولسا، قانداق ئىقتىدارلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ «مىللىي خائىن» ھېسابلىنىپ، ھېچقانداق جايدىن خىزمەت تاپالمايتتى. كاپىتالىست ۋە ئىشچىلاردىكى بۇ خىل ھۆكۈمەتكە سادىق بولۇش روھى بىلەن مىللىي روھ بىرلىشىپ غايەت زور ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. «ياپونىيە پېورل خاربورغا ھۇجۇم قىلغاندىن تارتىپ 1945- يىلى ئاۋغۇستتا تەسلىم بولغانغا قەدەر بولغان ئۈچ يىل توققۇز ئاي ۋاقىت ئىچىدە ياپونىيە كېمىسازلىق كاپىتالىستلىرى ئۇرۇش ئۈچۈن 15 ئاۋىئاماتكا، ئالتە ئوكيان چارلاش پاراخوتى، 63 قوغلىغۇچى پاراخوت، 70 ترانسپورت پاراخوتى، 168 قوغدىغۇچى پاراخوت ياساپ چىقتى. بۇنداق يۇقىرى سەۋىيە ئامېرىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا دۇنيا رېكورتى ئىدى.»

ياپونىيە 2- دۇنيا ئۇرۇشىدا پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، پۈتكۈل دۆلەت ئۇرۇش خارابىلىقىغا ئايلانغان بولسىمۇ، خەلقتىكى ئىسلاھات روھى، مىللىي روھنىڭ تۈرتكىسى ۋە چېكىدىن ئاشقان ياپونىيە ئۇرۇشخۇمارلىرىنىڭ مەجبۇرلىشىدا يەنىلا زامانىۋى سانائەتنىڭ ئاساسى سېلىندى. ھەممىدىن مۇھىمى، زور بىر تۈركۈم ئىختىساس ئىگىسى قوشۇنىغا ئىگە بولدى.

## 4. ياپون مىللىتىدىكى ئىسلاھات روھى ۋە مىللىي روھنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ھەم قۇدرەت تېپىشىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

ياپونىيە فاشىستلىرى 2- دۇنيا ئۇرۇشىدا جۇڭگو خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنسانىيەتكە ئۇنتۇلغۇسىز قانلىق پاجىئەلەرنى ئېلىپ كېلىش بىلەن بىرگە، ئۇرۇشتا پاجىئەلىك ھالدا مەغلۇب

بولۇپ، پۈتكۈل ياپونىيىنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى. ئامېرىكىنىڭ ئاتوم بومبىسى تاشلىشى، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش قوزغىشى بىلەن ياپونىيە زېمىنى ئۇرۇش خارابىلىقىغا ئايلاندى، ئىقتىسادى پۈتۈنلەي ۋەيران بولدى. بىر مەزگىل كۆرەڭلەپ، تېرىسىگە پاتماي قالغان ياپونلارنىڭ دۆلىتى بىراقلا ئىشغالىيەت رايونىغا ئايلىنىپ قالدى. ياپونىيە پۈتۈنلەي ھەربىيسىزلەندۈرۈلۈپلا قالماي، غايەت زور ئۇرۇش چىقىمىنى تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. ياپونىيىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۇ تاجاۋۇز قىلغان ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك بەلگىلەندى. ياپونىيىنىڭ خەلق تۇرمۇشىغا جىددىي كېرەكلىك بولغان بۇيۇملار ۋە كاپىتال ئۈسكۈنىلىرىدىن باشقا بارلىق لازىمەتلىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ۋە ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان دۆلەتلەرگە تاپشۇرۇلدى. بىراق ئۇرۇشتىن كېيىنكى قىينچىلىق ياپونىيە ئويلىغاندەك ئېغىر بولمىدى. چۈنكى ئۇرۇشتىن كېيىن شەرقىي ئاسىيادا غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى: قۇدرەتلىك جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى؛ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەرەققىي قىلدى؛ مۇستەھكەم شەرقىي ئاسىيا كوممۇنىزم لاگېرى بارلىققا كەلدى. چاۋشيەن ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى ياپونىيىنىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە ئامېرىكىنىڭ بۇ رايوندىكى ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئىتىگە ئېغىر تەھدىت سالدى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىغا ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئىتى ئۈچۈن ياپونىيىنى قايتىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇش زۆرۈر بوپقالدى. 1949 ـ يىلى ياپونىيىنىڭ ئۇرۇش تۆلىمى بىكار قىلىندى. چاۋشيەن ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكا ياپونىيىنىڭ ئىلگىرىكى ھەربىي سانائىتى بازىسىدىن پايدىلىنىپ ھەربىي ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىشنى ياپونىيىگە زاكاس قىلدى. ئامېرىكا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىككى قۇتۇپلۇق سۈركىلىشىنىڭ كۈچىيىشى، جۇڭگونىڭ قۇدرەت تېپىشىغا ئەگىشىپ، ئامېرىكىنىڭ ياپونىيىنى يۆلىشى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئامېرىكىنىڭ قوللىشى بىلەن ياپونىيىدە قۇرۇلۇق، دېڭىز، ھاۋا تەرتىپىنى قوغدايدىغان ساقچى قىسىم قۇرۇلدى؛ ئەمەلىيەتتە بۇ بىر ھەربىي قوشۇن ئىدى. دېمەك ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ ياپونىيىنى قوللىشى، ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە گۈللىنىشى ۋە ئۇرۇش جاراھىتىنى پۈتۈنلەي ساقايتىۋېلىشىنى تاشقى ئامىل بىلەن تەمىنلىدى. ياپونىيە ئىقتىسادىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا تەسىر كۆرسەتكەن ئىچكى ئامىل، ياپون مىللىتىدىكى مىللىي روھ ۋە ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۇرۇش ئېھتىياجى تۈپەيلى تەربىيىلەنگەن زور بىر تۈركۈم ئىختىساس ئىگىسىدۇر. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ياپونىيە ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا زور كۈچ سەرپ قىلىپ ياپون مىللىتىگە كۈچلۈك مىللەتچىلىك روھىنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇۋەتكەنلىكتىن، قۇدرەتلىك ياپونىيىدىن بىراقلا ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ئىشغالىيەت رايونىغا، شۇنداقلا ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئىتى ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان ئورۇنغا ئۆزگىرىپ قالغانلىقىدەك رېئاللىق ياپونىيە زىيالىيلار قاتلىمى ئاساسىدىكى نۇرغۇن خەلقنىڭ مىللىي غۇرۇرىغا تەگدى. ياپونىيىدە «ياپونىيە ئىشغالىيەتچىلەر تەرىپىدىن ھەربىيسىزلەندۈرۈلگەن بولسىمۇ، تىرىشىپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، كەلگۈسىدە قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي دۆلەتكە ئايلىنىپ، ئىقتىسادىي كۈچ ئارقىلىق دۇنيانى بويسۇندۇرۇش» شوئارى ياڭرىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە يېتىشتۈرۈلگەن زور بىر تۈركۈم ئىختىساس ئىگىسى بۇ شوئارنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ سەركىلىرىدىن بوپقالدى. مانا مۇشۇنداق ئىچكى ـ تاشقى پايدىلىق ئامىل تەرىپىدىن ياپونىيە 50 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئىقتىسادىي جەھەتتىن قۇدرەت تېپىپ، ئاسىيانىڭ شەرقىدە قۇياشتەك پارلاپ چىقتى.

## پايدىلانغان مەنبەلەر

1. «ياپونىيە نېمە ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازاندى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىل نەشرى

2. «دۇنيانىڭ يېقىنقى زامان تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشرى.

3. «دۇنيانىڭ قىسقىچە تارىخى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى.

4. «دۇنيا مىللەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشرى.

5. ئەسەد سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى1997 ـ يىل 5 ـ سان.

6. ئەسەد سۇلايمان: «20 ـ ئەسىر روھى ۋە تارىمدىكى غېرىبلىق»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى1998 ـ يىل 2 ـ، 3(قوشما) سان.


7. خې شىن: «كرىزىس ۋە ئويلىنىشتىن تەرمىلەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1998 ـ يىل 2 ـ، 3(قوشما) سان.

---

*ماۋزۇ مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

ئاپتور: «تۇرپان گېزىتى»نىڭ مۇھەررىرى(M2)،(M3)

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان ماموت؛ كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت، نۇرمۇھەممەت تۆمەر ئۇچقۇن.



# ئۇنتۇلغان زەردار ھەققىدىكى ئەسلىمە

(ئوچېرك)

نۇرمۇھەممەت توختى

## 1. ئۆجمە سەيلىسى

يېزىلارغا بېرىپ ئۆجمە يەپ كېلىش ـــ ئۆجمە سەيلىسى قىلىش دېيىلىدۇ. بۇ، شەھەرلىكلەرنىڭ كەيپى ۋە ئىشى، يېزىلىقلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. يېزىلاردا «ئۆجمە سەيلىسى» دېگەن گەپمۇ، ئاتايىتەن ئۆجمىنى يېگىلى چىققىدىغان ئادەتمۇ يوق. ئۇلار خالىسا ھويلىسىدىلا تۇرۇپ، ئېتىزغا كېتىۋېتىپ، ئىشلەۋېتىپمۇ ئۆجمە يېيەلەيدۇ. قولىنى ئۇزىتىپ، ئۆجمە شېخىنى قايرىسىلا ھېقىقەتەنمۇ ئاق، قوينىڭ دۇمبە يېغىدەك ھۆلۈلدەپ پىشقان بودەك ئۆجمىلەر ئۇلارنىڭ ئېغىزىغا چۈشىدۇ. خۇددى «ئۆجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دېگەن تەمسىلدە ئېيتىلغاندەكلا. شۇنداقكەن، ئۇلاردا ئۆجمە سەيلىسى دېگەن گەپ، ئاتايىتەن ئۆجمە يېگىلى چىققىدىغان ئادەت نېمىش قىلسۇن؟

ئۆجمە سەيلىسى قىلىش ـ پەقەت شەھەرلىكلەرنىڭ ئىشى.

2004 ـ يىلى ئۆجمە راسا مەي باغلاپ پىشقان كۈنلەردە، بىز ـ ئاللىقاچان دەم ئېلىشقا چىققان، قىلغىلى ئىش يوقلۇقتىن زېرىككەن، دىمىق ئۆيلەردە تولا ئۇخلاپ بوشاپ كەتكەن ـ يازغۇچى مەتقاسىم ئابدۇراخمان، تارىخچى ۋە ئارخېئولوگ ئابدۇقادىر تۇرسۇن، شائىر مەتقاسىم ئەكرەم ۋە پېقىر بىرقانچىمىز يېزىلارغا بېرىپ ئۆجمە سەيلىسى قىلىپ، ئۆجمە يەپ كەلمەكچى بولدۇق. بۇ، شۇ كۈنلەردىكى مودا ئىش ئىدى. شەھەرلىكلەر قايسى سەھراغا چىقىپ، قانداق ئۆجمە سەيلىسى قىلىپ كەلگەنلىرى ھەققىدە، قايسى ھاكىم ۋە قايسى يېزا باشلىقىنىڭ ئۆزلىرىنى ئۆجمە سەيلىسىگە تەكلىپ قىلغانلىرى، ئۆجمە سەيلىسىگە قانداق ماركىلىق ماشىنىغا ئولتۇرۇپ بارغانلىقلىرى، ئۆجمىدىن كېيىن داستىخانغا نەچچە خىل كاۋاپ كەلتۈرگەنلىكلىرى ھەققىدە بەس ـ بەستە سۆزلىشىپ يۈرەتتى. ئۆجمە سەيلىسى ۋە ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك سۆزلىگۈچىنىڭ ئورۇن ۋە مەرتىۋىسىگە ۋەكىللىك قىلىۋاتقاندەك ئىدى. ئۆجمە سەيلىسىگە بېرىپ باقمىغانلار ئۆزلىرىنى تولىمۇ بىچارە ۋە ئاجىز، ئىمتىيازسىز ۋە تۆۋەن ھېس قىلىشاتتى. سۆزلىگۈچىلەرنىڭ يەنە ئېيتىشىچە، شېرىن مەي باغلاپ پىشقان ئۆجمە ئۇيقۇنى ياخشىلارمىش؛ قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىپ، ئۆچەينى لۆمۈلدىتەرمىش؛ ۋىتامىننى تولۇقلاپ، قېرىشنى كېچىكتۈرەرمىش؛ بىر تال بودەك ئۆجمىنىڭ قۇۋۋىتى بىر قاپ «ناۋبەيجىن»دىن ئېشىپ چۈشەرمىش: ئاشۇ قېتىم ئۆجمە سەيلىسى قىلىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزلىرىنى ئونتۇز ياش ياشىرىپ قالغاندەك سەزگەنمىش؛ بۇندىن كېيىن تاكى ئۆجمە پىشىپ تۈگىگىچە ھەر ھەپتىسى ئۆجمە سەيلىسىگە چىقماقچىمىش؛ پوكۇنى ناھىيە، پالانى يېزا ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئۆجمە سەيلىسىنى ئاللىقاچان ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغانمىش...

ياخشىلىق يەردە قالماس

«غورا غورىنى كۆرۈپ ئالا بولۇر» دېيىلىدۇ تەمسىللەردە. ئۈجمە سەيلىسىنىڭ پاراغىتى توغرىسىدىكى ئاشۇ ئاجايىپ گەپلەر بىزگە ئاللىقاچان تەسىر كۆرسەتكەندى، ئىچىمىزنى تاتلىيىتتى ۋە بىزنىمۇ ئۈجمە سەيلىسىگە ئۈندەيتتى. شۇنداق قىلىپ بىزمۇ ئۈجمە سەيلىسىگە چىقماقچى بولدۇق. ئەمما نەگە بارىمىز؟ ھاكىم ياكى يېزا باشلىقى تۇگۇل بىرەر كەنت سېكرېتارىمۇ بىزنى تەكلىپ قىلمىغان تۇرسا، نەگە بېرىپ ئۈجمە سەيلىسى قىلىپ كېلىمىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ كۈنلەردە خالىغان يەرگە بېرىپ ئۈجمە سەيلىسى قىلغىلى بولمايدىغان بوپقالغانىدى. 1993 ـ، 1994 ـ، 1995 ـ يىللىرى «بىر تۈتاش پىلە بېقىش» زۆرۈرىيىتىدىن «تۈمۈر ئۈجمە» ئاتالغان، ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ ھوسۇلىغا كاشىلا يەتكۈزسىمۇ كېسۋەتكىلى ۋە قومۇرۇۋەتكىلى بولمىغان، بىر تۈپ ئۈجمە كېسىلسە بىر تۇياق بورداق قوي جەرىمانە كېلىدىغان ئەشۇ ئېتىز ئۈجمىلىرى ئەمدى بىر بۇيرۇق بىلەنلا يوق قىلىنغانىدى. پەقەت يول بويلىرى ۋە دەرۋازا ئالدىلىرىدىلا ئاندا ـ ساندا ئۈجمىلەر قالغانىدى. تېخى «ھويلا ـ ئارام ئېگىلىكىنى ئۆزگەرتىش» شامىلى چىقىپ، ئۇلارنىڭ غولىغىمۇ پالتا چۈشكەنىدى. شۇنداقكەن، ئەمدى ئۈجمە سەيلىسى ئۈچۈن نەگە بېرىش كېرەك؟ جاۋاب ئاددىي، چوقۇم ئۈجمە دەرىخى بار يەرگە بېرىش كېرەك. ئۈجمە دېگەن نەدە بار؟ تېخى كېسىۋېتىلمىگەن، ئۆسۈۋاتقان يەردە بار. كۆز ئالدىمىزغا ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش باشلانغان چاغلاردىكى يېڭى باي كېرەم ئىمىن ۋە ئۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى، ئۆستەڭ بويىدىكى قاتار ئۈجمە كەلدى. ئۇ ئۈجمىلەر ھېلىمۇ بارمىدۇ؟ بولۇشى مۇمكىن. ھوقۇق پۇلنىڭ ئالدىدا ئەيمىنىدۇ. پۇل ھوقۇقنى سېتىۋالالايدۇ. تېخى ھاكاۋۇرلىشىپ ھوقۇققا پىسەنت قىلمايدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ. ھوقۇقمۇ بوش ئەمەس، ئۇمۇ پۇلغا ئېرىشىشنى، ئىگە بولۇشنى بىلىدۇ. دىئالېكتىكا شۇكى، بىرى يەنە بىرىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن توختىماي كۈرەش قىلىدۇ ۋە ئۆزىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولىدۇ. ئارىدا توقۇنۇش چىققان چاغلاردىلا پۇل بىلەن ھوقۇق مۇرەسسەگە كېلىدۇ ۋە بىر ـ بىرىگە يول قويىدۇ. ئاشۇ قېتىم ئۈجمىلەر كېسىلىدىغان چاغدا، كېرەم باي ئۆزىنىڭ قار پومزىكىدەك دومىلىغانسېرى كۆپىيىپ بېرىۋاتقان پۇللىرى بىلەن يۇقاقۇندىكى ھوقۇقنىڭ ئاغزىنى ياغلىغان بولسا ۋە ياكى ئاشۇ يەردىكى ھوقۇق كېرەم بايدىكى پۇللارنىڭ يۈز ـ خاتىرىسىنى قىلغان بولسا، ئۈجمىلەر كېسىلمەي ئۆز ئورنىدا ئۆسۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. پۇل ھوقۇققا خۇشامەت قىلغاندا، ھوقۇقمۇ قاچان پۇل ئالدىدا تىز پۈكمىگەن؟ كېرەم باينىڭ ئۈجمىلىرى ياشناپ ئۆسۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بودەك ـ بودەك ئاق ئۈجمىلەر مەي باغلاپ پىشىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

ئېغ ئۈجمە، يازنىڭ تۈنجى مېۋىسى، سەن نېمىدېگەن تاتلىق! تۇزلۇق ئەمەسسەن، تۇزسىز ئەمەسسەن. ئاچچىق تەم، چۈچۈمەل تەم، قىرتاق تەم ساڭا يات. سەن پەقەت تاتلىقسەن ۋە يەنە تاتلىقسەن ۋە يەنە شېرىنسەن. سېنى يېگەنسېرى يېگۈسى كېلىدۇ كىشىنىڭ، ساڭا قارىغانسېرى قارىغۇسى كېلىدۇ كىشىنىڭ. كىشىلەرنىڭ «ھالۋايى بىدەت» دېيىشكەنلىرى سەنمۇ؟ سەن يازنىڭ ھالۋىسى، ھەسىلى، ناۋىتىسەن ئۈجمە ...

ــ كېرەم باينىڭ ئۈجمىلىرى ياشناپ ئۆسۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. شېرىن مەي باغلاپ پىشىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، شۇ يەرگە بارايلى. شۇ يەردە ئۈجمە يەپ كېلەيلى.

كېرەم باي بىلەن ئازراق تونۇشلۇقىمىز بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ بىز بىر قانچىمىز ئۈجمە سەيلىسى قىلىش ئۈچۈن شەھەردىن 16 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يۇقاقۇنغا قاراپ يولغا چىقتۇق. شەھەردىن قوزغىلىپ، باغچى بازىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، يۇقاقۇنغا بارىدىغان چىرايلىق مىنبۇستا، ئاشۇ يۇقاقۇن ۋە كېرەم باي توغرىسىدىكى كونا گەپلەر يادىمىزدىن بىر ـ بىرلەپ كەچتى.

## 2. يۇقاقۇننىڭ تەزكىرىسى

«يۇقاقۇن»نىڭ ئەسلي تەلەپپۇزى «يۇقىرىقى ئۇن»، خۇددى 1980 ـ يىللاردىن ئىلگىرى يۇرتلار «كوممۇنا»، «چوڭ ئەترەت»، «كىچىك ئەترەت»لەرگە بۆلۈپ باشقۇرۇلغاندەك ۋە ياكى ھازىر «يېزا»، «كەنت»، «مەھەللە»لەرگە بۆلۈپ باشقۇرۇلۇۋاتقاندەك، تارىختا يۇرتلارنى «ئون»، «يۈز»، «مىڭ»لەرگە بۆلۈپ باشقۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن. ئۇ چاغلاردا «ئون»غا ئونبېشى، «يۈز»گە يۈزبېشى، «مىڭ»گە مىڭبېگى تەيىن قىلىناتتى ۋە بىرلىكلەر شۇلار ئارقىلىق باشقۇرۇلاتتى. ئەينى زاماندا «سوپا مىڭلىكى»گە قارايدىغان يۇقاقۇننىڭ تۆۋەن تەرىپى (شىمالى)دە تۆۋەنئون دېگەن كەنت بار. بۇمۇ روشەنكى «تۆۋەن ئون» ياكى «تۆۋەنكى ئون» دېگەن گەپ. «يۇقىرىقى»، «تۆۋەنكى» دېگەنلەرنىڭ «ئون»غا قوشۇلۇپ قېلىشى ئەنە شۇ بىر يۇرتنى ئىككى «ئون»غا بۆلۈپ باشقۇرۇش ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان.

يۇقاقۇن جۇغراپىيىۋى جەھەتتىن قاراقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي تارمىقى بولغان بورانچى دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا، ئەسلىدىكى يەكەن يولىنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان، ھازىر خوتەن ناھىيىسىنىڭ خانئېرىق يېزىسىغا قاراشلىق بىر مەمۇرىي كەنت ھېسابلىنىدۇ.

يۇقاقۇن قاچان يۇرت بولغان، ئۇ يەردە قاچاندىن بېرى ئادەم ئولتۇراقلاشقان؟ دېگەن مەسىلە بىزنى بەكمۇ ئۇزاق تارىخ قوينىغا ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇ يەرنىڭ خوتەندىكى ئاساسلىق دەريالارنىڭ بىرى بولغان قاراقاش دەرياسى ساھىلىغا جايلاشقانلىقى، سۇغۇرۇشقا ئوڭايلىقى، شۇنىڭدەك خوتەننىڭ

قەدىمىي شەھىرى «يورتقان» (خان يۇرتى) خارابىسىغا تۇتاشلىقى — ئۇنىڭ خوتەندە ئەڭ بۇرۇن ئادەم ئولتۇراقلاشقان زېمىنلاردىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەمما ئاشۇ ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا يوقاقۇندا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار بىزگە قاراڭغۇ. ئۇ ھەقتە ھېچقانداق يازما ماتېرىيال قالدۇرۇلمىغان. بىزگە يېتىپ كەلگىنى پەقەت دەۋرىمىزدىن 50 ـ 60 يىل ئىلگىرىكى ئىشلار. بىزگە يېتىپ كەلگەن پاراڭلار ئۇ يەردىن دائىم كاتتا باي ـ زەردارلارنىڭ چىقىپ تۇرغانلىقىنى جاكارلايدۇ. بىرەر ئۇلۇغ بىشارەتچى ياكى ئەۋلىيانىڭ «يوقاقۇندىن دائىم كاتتا بايلار چىقىپ تۇرغاي» دەپ دۇئا قىلغانلىقى ھەققىدە رىۋايەت يوق. شۇنداقتىمۇ بۇ كىچىككىنە يۇرتتىن ھەقىقەتەنمۇ خەلقئالەم ھەيران قالغۇدەك داڭدار بايلار چىققان. ئاشۇلارنىڭ بىرى تاشتۆمۈر باي — تاشتۆمۈر ئاخۇن قاساپ. بىر ئۆمۈر قاساپلىق قىلىپ بىرەر قېتىم تويغىدەك گۆش يېمىگەن بۇ پىخسىق ئادەمنىڭ تىجارىتى بەكلا يۇرۇشكەن بولسا كېرەك. ئۇ ئۆمرىدە كەم ـ ئارتۇق ئەمەس، دەل تىكمە بىر تاغار ئالتۇن يىغقان. ئالتۇنلىرىنى ھەر كۈنى كۆرۈپ، ئۆلچەپ، ساناپ تۇرغان ۋە ئۆلۈش ئالدىدا ئىشىك ـ تۈڭنۈكلىرىنى تاقاپ، ئەشۇ بىر تاغار ئالتۇننىڭ ئۈستىدە يېتىپ جان ئۈزگەن. ئۇنىڭدىن نە كاتتا ئەيۋان ـ ساراي، نە گۈزەل باغۋاران قالغان دېيىسىز؟ ھېچنىمە يوق. پىخسىق دېگەن ئاتاقتىن ئۆزگە ھېچنىمە قالمىغان. بىچارىنىڭ ھالىغا ئادەم ئېچىنىدۇ. جاپا تارتىپ يىغىپتۇ، ھالاۋىتىنى كۆرەلمەپتۇ! ئۇنىڭ تاشتەك، تۆمۈردەك قاتتىق پىخسىقلىقى ئادەمدە نەپرەت قوزغايدۇ. شۇنچە بايلىقنى يىغىۋېلىش نېمىگە كېرەك؟ نە ئەل ـ ۋەتەن ئۈچۈن ئىشلەتمىسە، نە تۇتۇننى بۇلۇت، يۇندىسىنى ئىت كۆرمىسە، نېمىگە يىغىدۇ؟ بۇ دۇنياغا يالىڭاچ كەلگەن ئىنسان يىغقانلىرىنى ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كېتەلىگەن ئەمەس. پەرزەنتلەرگە ئۇنچىۋالا كۆپ مىراس قالدۇرۇش — بىر تىرىكتاپنى ئارتۇق يېتىشتۈرگەنگە باراۋەر. تاشتۆمۈر باينىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئوغۇللىرىنىڭ ئالتۇن تالىشىپ بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشكەنلىرى، تۈرمىدە سېسىپ ئۆلگەنلىكلىرى بۇنىڭ مىسالى. بۇنداق مىساللار تولىمۇ كۆپ ۋە ئۇ چۆچەك ـ رىۋايەتلىرىمىز، كىتاب ـ نەسىھەتنامىلىرىمىزدە دائىم زىكىر قىلىنىدۇ. ئەمما ئاشۇ يوقاقۇن، تۆۋەنونلاردىن ئاشۇنداق كاتتا باينىڭ چىققانلىقى راست بولغان ئىش. ئۇ يەرلەردىن چىققان يەنە بىر كاتتا باي ھاتەم ھاجى. بويى سەككىز ـ توققۇز ياشلىق بالىچىلىك كېلىدىغان بۇ پەتەك ئادەم 40 مىڭ مودەك تېرىلغۇ ۋە تاغ ـ يايلاقتا، 10 ـ 20 مىڭ تۇياق چارۋىغا ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. «دۈشەنبە بازار» بىلەن «چارشەنبە بازار»نىڭ باج كىرىمىنى يىغاتتى، باشقا تىجارەتلىرىمۇ بار ئىدى. ئىچكىرى ـ تاشقىرى تۆت دەرۋازىلىق تۆت ھويلا ـ قەسرى، قەسرلەر كەينىدە 70 مولۇق ئامۇتلۇق بېغى بار ئىدى. باغنى قاپلىغۇدەك ئىتلار، تۆت چوڭ ھويلىنى ئۇزۇن بويۇن، ئاچچىقى يامان غازلار قورۇقدايتتى. «تاۋارلىرىم»، «دوردۇنلىرىم»، «ئالتۇنلىرىم»، «كۈمۈشلىرىم» دەپ چاقىرىلىدىغان تۆت پىرقە مۈشۈك تۆت قەسىردە خورۇلداپ، تۆت ئۆگزىدىن ئۇچقان ھېسابسىز كەپتەر زەڭگەر ئاسماندا پەرۋاز قىلاتتى. تۈلەككە سېلىپ كۆندۈرۈلگەن ئالغۇر قۇشلىرى، ئەتىگەن، چۈش، كەچتە مىنىدىغان ئېسىل ئاتلىرى تەخ ئىدى. 40 نەپەر دېدەك ۋە غالچا مۈشۈكلەرگە بەز چاناپ، ئىتلارغا گۆش توغراپ، غاز ـ كەپتەرلەرگە دان چېچىپ، ئاتلارغا پىچان توغراپ خىزمىتىنى قىلاتتى...

ئۇنىڭ ھويلا ـ باغلىرىغا كىرسىڭىز گويا «ئاجايىپخانا»غا، ھازىرقى زامانىدىكى «قۇش ۋە ھايۋاناتلارنى قوغداش باغچىسى»غا كىرىپ قالغاندەك بولاتتىڭىز. ھاتەم ھاجىنىڭ ئۆزى پەتەك بولۇشىغا قارىماي، يىرتقۇچ تەبىئەتلىك ئادەم ئىدى. يىرتقۇچلارنى بېقىپ، ئۆردەك، توشقان، كىيىك ـ جەرەن ئوۋلاشنى ياخشى كۆرەتتى. پەتەك بولغاچقا ئۆزەڭگۈگە دەسسەشكە، ئارغىماق ئۈستىگە چىقىشقا ئامالسىز ئىدى. غالچىلىرى ئۇنى كۆتۈرۈپ ئاتقا مىنگۈزەتتى ۋە ئات ئۈستىدىن كۆتۈرۈپ چۈشۈرۈپ قوياتتى. يىرتقۇچ قۇشلىرىنىمۇ غالچىلار قولىغا قوندۇرۇپ قوياتتى. ئۇ ئاشۇ تەرىقىدە ئابدۇكېرىم ھاجى، پىداقۇل، ئىقلىم پاشا، راخمانقۇل قاتارلىق ھەققەمسايىلىرى بىلەن قۇش ئوۋىغا ئاتلىناتتى.

ھاتەم ھاجى خانىدانىدىكى ھەشەمەتنى بىر دېمەڭ. ھەر پەيشەنبە كۈنى ئاجايىپ چوڭ داشقازانلاردا گۆش ـ شورپا، پولو ـ بەتتە، ئۇماچ ـ شىلەن قاينىتىلاتتى. مەنسەپدارلار، بايلار، موللىلارغا گۆش ـ شورپا، پولو ـ بەتتە تارتىلاتتى، نامراتلارغا بولسا ئۇماچ ـ شىلەن بېرىلەتتى. باشقا كۈنلىرىمۇ ھاتەم ھاجى ئامبال ـ دوتەيلەرنى، بەگ ـ بەگزادىلەرنى كۈن ئاشۇرماي مېھمانغا چىللاپ تۇراتتى. سوۋغا ـ نىيازلار تەقدىم قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، خۇشامەتچىلىككە تايىنىپ ئۇ «سوپا مىڭلىكى»نىڭ بەگلىك مەرتىۋىسىنى قولغا كەلتۈردى. پۇل بىلەن ھوقۇق بىر قولغا جەم بولدى. پۇلنىڭ كۈچىدىن ھوقۇق يۈرۈپ تۇردى. ھوقۇقنىڭ كۈچىدىن پۇل كىرىپ تۇردى...

پۇل ۋە ھوقۇققا ئېرىشكەنلەرنىڭ كېيىنكى نىشانى سەتەڭ ئاياللار بولىدۇ. ئاياللارنىڭ گۈزەل رۇخسارى ۋە يۇمشاق ساغرىسىغا تايىنىپ پۇل ۋە ھوقۇققا ئېرىشەلەيدىغانلارنىڭمۇ كېيىنكى نىشانى تېخىمۇ ياش، تېخىمۇ سەتەڭ ئاياللار بولىدۇ. ئەمما ھاتەم ھاجى دېگەن بۇ كاتتا باينىڭ مانا شۇ نىشانغا بولغان ئىنتىلىشى بەكلا ناچار بولدى. ئۇ ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمىدى، ھەتتا ئاياللارنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتۇپ باقمىدى. ئاشنا ئويناش تۇگۇل ئاياللارنىڭ چىرايىغا قاراشنىمۇ

www.uyghurkitap.com

گۇناھ ھېسابلايتتى. ئىبخى ئايالارغا نىسبەتەن نەپرەتلىك قاراشلارنى سۆزلەپ يۈرەتتى. بۇ، ئۇنىڭ ئۆزىدىكى جىسمانىي نوقسانىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن تاپقان گەپلىرى بولۇشى مۇمكىن. بوي- بەستى رودىمىنتلىشىپ، چۆچەكلەردىكى «بىر تۇپ بۇيىنىڭ تۇۋىدە قىرىقى سايىدايدىغان» پەتەكلەر ھالىتىگە چۈشكەن بۇ ئادەمنىڭ ھېلىقى ئەزاسىمۇ رودىمىنتلىشىپ كەتكەن بولسا كېرەك. شۇڭا ئايالاردىن قاچىدىغان بوپقالغان بولۇشى مۇمكىن. بولمىسا ئەل ئىچىدە «بۇ ئالەمنىڭ بۇرجىكى يوق، خاتەم ھاجىنىڭ .... يوق» دېگەن قوشاق- بېيىت تارقىلارمىدى؟ ھېكايە قىلىشلىرىچە، خاتەم ھاجىنىڭ ئاشۇ پىداقۇل، ئىقلىم پاشا دېگەن ھەقمەسايىلىرى خاتەم ھاجىدا ئايالارغا نىسبەتەن ھەۋەس ئويغىتىش ئۈچۈن كۆپ ئامال- زىمات قىلغانمىش؛ مەشھۇر تېۋىپ- ھۆكۈمالارغا دورا- ئىستىقۇلار تەييارلاتقانمىش؛ مەشھۇر ئويۇنچى خوتۇنلارنى خاتەم ھاجىغا قوشلاپ باققانمىش. بۇ ئايالارنىڭ ئەڭ مەشھۇرى يەكەندىن كېلىپ خوتەندە شوپاڭخانا ئاچقان داڭلىق سەتەڭ گۇلالە خېنىم ئىكەن. كۆرگەنلەرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، گۇلالە خېنىم شۇنداق ئۇز ۋە سەتەڭ ئايالمىشكى، چۆچەك- رىۋايەتلەردىكى پەرىزات تەسۋىرلىرىگە دەل ماس كېلىدىكەن. مەيسىگە ئولتۇرۇپ كوچىلاردىن ئۆتسە، جىمى خوتەنلىك ئۇنىڭ ئاي جامالى، قۇياشتەك نۇرلۇق كۆزلىرىنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن رەستە ياقىسىدا سەپ بولۇپ تۇرۇشار ئىكەن. گەپ- سۆزلىرى ناۋاتتەك شېرىن، ناز- خۇلقلىرى ناۋاتتىنمۇ تاتلىق ئىكەنمىشكى، يۈرەكلەرگە ئوتلار يېقىۋېتىدىكەن. خوتەننىڭ كۆچ- قۇۋۋەتلىرى ئۇرغۇپ تۇرغان نى-نى بوز يىگىتلىرى، بەگزادە- بايلىرى شوپاڭخانا ئەتراپىدا ئايلىنىپ پەرۋانە ئىكەن. بىر قېتىم بېرىپ باققانلار ھەرگىز كۆڭۈل ئۈزەلمەيدىكەن. خۇددى «ھەر نېچە دېدىمكى كۆن- كۆندىن ئۇزەي سەندىن كۆڭۈل، ۋە لېكىن كۆن- كۆندىن بەتەرراق مۇپتىلا بولدۇم ساڭا» دېيىلگەندەك، ھەممە بايلىق، ھەممە مال- مۈلكىدىن ئايرىلغىچە شۇ يەرگە قاترايدىكەن. خۇددى «ئالمىخانغا كۆيمىگەن يۇرتتا ئامبال قالمىدى، ئالمىخانغا كۆيگەنلەرنىڭ كۆتىدە تامبال قالمىدى» دېيىلگەندەك. ھەتتا خوتەنلىكلەر ئاشۇ گۇلالە خېنىمغا بېغىشلاپ، ھازىرمۇ ئېيتىلىۋاتقان ھېلىقى مەشھۇر «گۇلالە» دېگەن ناخشىنى چىقىرىشقانىكەن...

خاتەم ھاجىنى ئىندەككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن پىداقۇل بىلەن ئىقلىم پاشا ئەشۇ گۇلالە خېنىمنى تەكلىپ قىپتۇ. نۇرغۇن ھەق ئالغان گۇلالە خېنىم خاتەم ھاجىنىڭ تۆت دەرۋازىلىق قەسرىگە چىقىپتۇ، خاتەم ھاجى قاراپمۇ قويماپتۇ. ئاخشىمى خاتەم ھاجىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ، خاتەم ھاجى قورقۇپ كېتىپتۇ ۋە گۇلالە خېنىمنىڭ چىرايىغا قارىماي تۇرۇپلا بىرمۇنچە تىللا- تەڭگىنى تۇتقۇزۇپ ھۇجرىدىن چىقىرىۋېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، مەشھۇر سەتەڭ گۇلالە خېنىمنىڭ گۈزەل ھۆسنى- جامالىمۇ، تاتلىق ناز- كەرەشمىلىرىمۇ خاتەم ھاجىنىڭ ئەرلىك تۇيغۇسىنى ئويغىتالماپتۇ... لېكىن پىداقۇل، ئىقلىم پاشالار نېمىشقىدۇر ئۆز ئۇرۇنۇشلىرىنى توختاتماپتۇ. ئۇلار خوتەن شەھىرىنىڭ قورچاق لەڭگىرى دېگەن يېرىدىن شۇنداق داپىۋز، ئويۇنچى، قاشالىڭ چوكاندىن بىرنى تېپىپتۇكى، ئۇ خوتۇن ياق دېگەنگە ئۇنىمايدىكەن، ھەرقانداق ئەر زاتىنى ئىندەككە كەلتۈرمەي قويمايدىكەن. ئەرزاتىغا رودۇپايىدەك چاپلىشىپ، يار يىلمىدەك يېپىشىپ، مىڭبىر ناز، تۇمەنىمىڭ قىلىق چىقىرىپ قويىنىغا سۆرەپ كىرمەي قويمايدىكەن. ئاشۇ داپشاق چوكاننى خاتەم ھاجى نېمە قىپتۇ، دېمەمسىز؟ ئۇنى دېدەكلىرىگە تۇتقۇزۇپ، تامبىلىنىڭ ئىچىگە ئەركەك مۇشۇكتىن ئىككىنى سولاتقۇزۇپتىكى، چىقىۋېلىشقا ئۇرۇنغان مۇشۇكلەر ھېلىقى خوتۇننىڭ جان يېرىنى تاتىلاپ ۋەيرانە قىپتۇ. چوكان ئاللا- تۇۋا قىچقىرىپ، خاتەم ھاجىنىڭ ھۇجرىسىدىنلا ئەمەس، قەسرىدىنمۇ قېچىپ چىقىپتۇ. شۇندىن كېيىن خاتەم ھاجىغا ھېچبىر خوتۇن قاش ئېتىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ...

ئاشۇ ھەددى ھېسابسىز مال- مۈلۈككە ئىگە بولغان خاتەم ھاجىنى 1948- يىلى زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغان دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ ھېچقانداق ئۇرۇق- پۇشتى بولمىغاچقا بارلىق مال- مۈلكى ۋە دەپىنە- دۇنياسىنى شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەت ئۆتكۈزۈۋالغانمىش. ئۆيىدىن يوغان قوغۇن چوڭلىقىدا ئۆيۈل ئالتۇن چىققانمىش...

شۇنچە ئالتۇن، شۇنچە مال- دۇنيانى يىغىۋېلىش نېمىگە كېرەك؟ خاتەم ھاجىدىن ئاشۇ تېتىقسىز ھېكايە، بۇلغانغان نامىدىن ئۆزگە يەنە نېمە قالدى؟

يۇقاقۇندىن چىققان بايلارنى يەنە سانىشىمىز مۇمكىن. ئەمما ئەمدى بۇنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلارنىڭ نام- شۆھرەتلىرى ئاللىقاچان خىرەلەشتى. «يەر ئىسلاھاتى» ۋاقتىدا ھەممە نېمىسى مۇسادىرە قىلىنىپ، قاقسەنەم بولدى. ئۇندىن كېيىن ئۆتكەن ئۇزاق ۋاقىت نام- لەقەملىرىنىمۇ ئۇنتۇلدۇردى. ئىسلاھات- ئېچىۋېتىشتىن كېيىن چىققان يېڭى بايلار ئۇلاردىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. يېڭى زامان بايلىرى ئالدىدا ئۇنداق يەر ۋە چارۋىغىلا تايانغان چۈكۈنەم بايلار نېمىتى؟ ئاشۇ يېڭى زامان بايلىرىنىڭ دەسلەپكىسى ۋە ئەڭ كاتتىسى يەنىلا يۇقاقۇندىن چىقتى. نام- شەرىپى كېرەم ئىمىن— كېرەم باي. بىز دەل ئاشۇ باينىڭ ئۆيىگە ئۇچمە سەيلىسى ئۈچۈن كېتىپ باراتتۇق.

## 3. يېڭى باينىڭ ھۇزۇرىغا ئۈچ قېتىم بېرىش

ئاپتور يۇقاقۇننىڭ تەزكىرىسى توغرىسىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندا، چىرايلىق ۋە يېڭى مىنبۇس باغچى بازىرىغا ئۇلاشقانىدى. بىر كىملەر چۈشتى، يەنە بىر كىملەر چىقتى.

كىمدۇر بىرىنىڭ بارماقلىرى ئاپتورنىڭ دولىسىغا تەگدى. ئاپتور بۇرۇلۇپ قارىدى، ناتونۇش چىراي. «نېمە گېپى بار ئىكىنە؟»

— كۆڭلەكلىرىدە قۇشنىڭ مايىقى قېتىپ قاپتۇ. خۇددى قارا ئۇجمە چاپلىشىپ قالغاندەك، چىقىرىۋېتەي دەپ...

ئاپتورنىڭ قەلبىگە مىننەتدارلىق بۇلىقىدىن ئېقىپ چىققان سۆزلۈك تۈيغۇ سىرغىپ كىردى. ئاق كۆڭۈل روھ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىۋاتاتتى. «قاچان چىچىتىكىنە؟ ئەتىگەن كەپتەرخانىدىدۇ ياكى ئاپتوبۇس ساقلىغاندا ئاسماندىن چۈشتىمۇ؟» ھەر ئىككىلىسى مۇمكىنچىلىككە ئىگە ئىدى. قېرىدى، تورلاشتى، پورلاشتى، سولاشتى. ئەمدى تەقدىرنىڭ قايسى قىسمىتى مازاققا قول سوزمىسۇن؟ كەپتەر چىچىسىمۇ چىچقاندۇ. قاغا- قۇچقاچ چىچىسىمۇ چىچقاندۇ. بۇۋاي ئۇلارغا تاش ئاتالايتتىمۇ؟ ياراتقۇچىغا شۈكۈر. ئاق كۆڭۈل كىشىلەر تېپىلىدۇ. ئۇلار قېرىلارغا چاپان ياپىدۇ. ئۇلارنى ئاسرايدۇ. ئاق كۆڭۈللەر ئازلىمىسۇن دۇنيادىن...

1985- يىلى كۈز مەزگىلى ئىدى. خوتەن ۋىلكوم قورۇسىدا كېرەم ئىمىن ئاتلىق يۇقاقۇنلۇق توغرىسىدا مىش- مىشلەر پەيدا بولدى. ئۇ ئەسلى باغچى يېزىسىنىڭ كىنو قويغۇچىسى ئىكەنمىش، يېقىندىن بېرى خىزىر ئۇچرىغاندەك بىردىنلا بېيىپ كەتكەنمىش، كەنتىگە مەكتەپ سېلىپ بېرىمەن دەپ يۈرەرمىش.....

بۇ گەپلەر راست ئىدى. ھېچ بولمىغاندا يېرىمى راست ئىدى. ۋىلكوم سېكرېتارلىرىنىڭ قۇلىقىغىمۇ يەتتى. يېڭى باينىڭ مەكتەپ سېلىشتەك خالىسانە ئىشىغا مەدەت بەرمەي بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ، ۋىلكومنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن سېكرېتارى مۇھەممەت توختى ئولتۇرغان قارا رەڭلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان «ۋولگا» ماركىلىق پىكاپ كۈزنىڭ بۇلۇتلۇق، سالقىن بىر كۈنى چاڭ- توزان ئۇچۇرۇپ يۇقاقۇنغا كىرىپ كەلدى.

ئوتتۇرا بوي، غوللۇق، ئازراق سەمرىگەندەك كۆرۈنىدىغان، بۇغداي ئۆڭ، كۆزلىرى چوڭ، بېشىغا دوپپا، ئۇچىسىغا كۆك رەڭلىك جۇڭسەنفۇ چاپان كىيگەن يېڭى باي مۇھەممەت توختى سېكرېتارنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولدى. 30- 35 ياشلاردا بولسا كېرەك. ئەمما ئۇمۇ بارلىق ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا ئوخشاش ئۆز قورامىدىن ئون ياشلارچە چوڭ كۆرۈنەتتى. ئېغىر- بېسىق، كەم سۆز تەسرات قالدۇراتتى. ئەينى چاغدىكى خوتەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، ۋىلكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارىغا ھەمراھ بولۇپ يۇقاقۇنغا بىللە كەلگەن مەتنۇرى كېرەمنىڭ تونۇشتۇرۇشلىرىدىن كېيىن، بەش- ئالتە زاغرا، ئىككى قاچا قېتىقتىن تەييارلانغان داستىخان ئۈستىدە تۇنجى سۆھبەت بولۇپ ئۆتتى.

— كەنتكە مەكتەپ سېپىبېرەي دەپتىكەنسىلە، شۇ ئىشنى ئۇققۇشايلى، ياردەم بېرىدىغان ئىشلار بولسا ياردەملىشەيلى دەپ كېلىۋىدۇق...

— مەكتەپ سېپىبېرەي دېمىدىم. تالڭ ۋالىي «پۇللىرىڭنى نېمىگە خەجلىمەكچى» دەپ سورىۋىدى، «تېخى ئويلاشمىدىم» دېگەنتىم. ئۇ كىشى «مەكتەپ سالساڭ بولمامدۇ؟» دېدى، مەن «ئويلىشىپ باقاي» دەپ جاۋاب بەرگەن. تېخى ئېنىق بىر قارارغا كەلگىنىم يوق...

دەسلەپكى ئىككى ئېغىز پاراڭدىن كېيىنلا مۇھەممەت توختى سېكرېتار سامساقكى پىيازنىڭ تېخى خېلىلا گىچ- گىچلىقىنى ھېس قىلدى. قاپىقى ئازراق تۈرۈلدى. كىمگە خاپا بولۇش كېرەك؟ ئويلىشىپ باقماقچى بولغان ئىشنى پۈتتى دەپ دوكلات قىلغۇچىغىمۇ ياكى تېخىچە پىيىزى گىچلىداپ تۇرغۇچىغىمۇ؟ ئەمما ئىشنى مۇنداقلا بولدى قىلىۋېتىشكە بولمايتتى. كونا ئۆيلەردە، كەپىلەردە، قاچاندۇر بىر چاغدىكى ئېغىل- قوتانلاردا ئوقۇۋاتقان نارەسىدىلەرنى كۆرسە مۇھەممەت توختىنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كېتەتتى. مۇشۇ يۇقاقۇندىمۇ شۇنداق ئىدى. باللار كوممۇنادىن قالغان كونا ئېغىل- قوتاندا ئوقۇۋاتاتتى. ئېيۇننىڭ بېشىدا، يازلىق يىغىم- تېرىم ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلگىنىدە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىدىن كەلگەن روزى ھېيت قاتارلىقلارنىمۇ باشلاپ كېلىپ كۆرسەتكەنىدى. شۇ چاغدا ھەمراھ بولغان يېزا كادىرلىرى «ھەربىر يېزىدا ئوتتۇرا مەكتەپ، ھەربىر كەنتتە باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇش» ئۇقتۇرۇشى چۈشكەندىن كېيىن، مەكتەپ سېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا ئەترەتنىڭ كونا ئامبار، ئېغىل- قوتانلىرىنى سىنىپ قىلىپ مەكتەپ ئېچىشقا مەجبۇر بولغانلىقلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكەن ۋە ئىقتىساد توغرىسىدا دادلاشقانىدى. بۇ ئەھۋال ۋىلايەت تەۋەسىدە خېلى ئومۇميۈزلۈك ئىدى. خېلى يىللار ئىلگىرى سېلىنغان مەكتەپلەرنىڭ دەرسخانىلىرىمۇ كونىراپ خەتەرلىك بوپقالغانىدى. ۋىلكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى دۆلەت مالىيىسىدىن پۇل چىقىرىپ مەكتەپ سېلىشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتى- ھە؟! ئەپسۇسكى، شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە دۆلەت مالىيىسىنىڭ قۇربىمۇ چاغلىق ئىدى. شۇڭا كېرەم باي پۇل چىقىرىپ مەكتەپ سېلىشنى «ئويلىشىۋاتقان» ئىكەن، ئۇنىڭ ئويلىشىشىغا ياردەم كۆرسىتىشى كېرەك ئىدى. شۇ ئارقىلىق ئۇلگە تىكلىۋالغاندا، باشقا بېيىۋاتقانلارنىمۇ مەكتەپ سېلىشقا جەلپ قىلغىلى بولاتتى. ئۈلگىنىڭ كۈچى دېگەن مانا شۇ يەردىن كېلەتتى...

مۇشۇ پىكىرلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن سېكرېتار مۇھەممەت توختى كېرەم بايغا مۇراجىئەت قىلدى:

— ئوبدان ئويلىشايلى، باي. مەكتەپتە ئوقۇيدىغان باللار بىزنىڭ ئۆز باللىرىمىز، مەكتەپ سالساق ئۆز باللىرىمىز ئۈچۈن سالىمىز. باللار كونا قوتاندا ئوقۇۋاتسا، كۆڭلىمىز قانداق چىدار؟ پۇل تاپقانىكەنمىز، ئۇنى ئالدى بىلەن باللار ئۈچۈن،

مائارىپىمىز ئۈچۈن ئىشلىتىشىمىز كېرەك. جاھاندا بۇنىڭدىن ئارتۇق ياخشى ئىشمۇ، ساۋاب ئىشمۇ يوق...

ــ تاپقان پۇلۇڭلىغا مەكتەپ سېلىڭلا، كېرەمئاخۇن. پارتىيە سىلەرنى مائارىپقا ھەسسە قوشۇشقا چاقىرىۋاتىدۇ. پارتىيە سىلىنى خاتا يولغا باشلىمايدۇ. پارتىيىنىڭ توغرا سىياسەتلىرى بولمىغان بولسا پۇلمۇ تاپالمايتتىڭلا. پۇل تاپقاندىمۇ پارتىيىگە ئەگىشىش كېرەك...ــ سۆز قاتتى ھاكىم مەتنۇرى كېرىم.

ــ پۇلنى بىز بەرگەن يەرگە، بىز يولغا قويغان سىياسەتكە تايىنىپ تاپقانسىلە، مەكتەپ سېلىڭلا. پارتىيىنىڭ گېپىگە ئۇنىماي تاپقان پۇلدىنمۇ ئايرىلىپ قالماڭلا يەنە...ــ سۆز قاتتى خانئېرىق يېزىسىنىڭ ئاقساقراق مۇئاۋىن يېزا باشلىقى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدە ئازراق تەھدىت پۇرىقىمۇ بار ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ئۈچ دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى كېرەمئاخۇننىڭ «ئويلىشىشى»غا يول كۆرسىتىشكە كىرىشتى. بىرى سۆزدىن توختىسا بىرى سۆزلەيتتى، بىرىنىڭ گېپىنى بىرى تولۇقلايتتى. چۈشەندۈرۈشمۇ، ئىلھاملاندۇرۇشمۇ، قورقۇتۇشمۇ بىللە ئىدى. قايسى بەكرەك تەسىر قىلدى؟ بۇنىسى نامەلۇم. ئەمما شۇ كۈنى كېرەمئاخۇننىڭ «ئويلىشىشى» تامامىغا يەتتى. ئۇ توغرا يول بىلەن ئويلاشتى، راستىنلا يۇقاقۇنغا مەكتەپ سالدىغان بولدى.

ۋىلكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارىنىڭ ئابدۇلھەيخان ھەيدىگەن قارا رەڭلىك ۋولگىسى يۇقاقۇندىن قايتىپ كېلىپ ھەپتە ـ ئون كۈن ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا ۋىلكوم قورۇسىغا «كېرەم ئىمىن مەكتەپ سېلىشتىن يېنىۋالغانمىش» دېگەن خەۋەر ئۇچۇپ كەلدى. ئۇ يېنىۋالسا بولمايتتى، يېنىۋېلىشىغا يول قويۇشقىمۇ بولمايتتى. تەشۋىقات باشلىنىپ كەتكەن تۇرسا، ئەمدى يېنىۋالسا قانداق بولىدۇ؟ سېكرېتار مۇھەممەت توختىنىڭ پىكايى 2 ـ قېتىم چاڭ ـ توزان پۇرقىرىتىپ يۇقاقۇن كوچىلىرىدا پەيدا بولدى. مەلۇم بولدىكى، كېرەمئاخۇن تېخى مەكتەپ سېلىشتىن تولۇق يېنىۋالماپتۇ، ئازراق يېنىۋالغاندەك قىياپەت كۆرسىتىپتۇ. كەنت كادىرلىرى مەكتەپ سېلىشقا كۆرسىتىپ بەرگەن يەر كېرەم بايغا يارىماپتۇ. كېرەمئاخۇن مەكتەپ سالماقچى بولغان يەرنى كەنت بەرمەپتۇ. شۇڭا كېرەمئاخۇن: «مەن كۆرسەتكەن يەرنى بەرمىسەڭلار، مەكتەپ سالمايمەن» دەپ قورقاق سالغانىكەن...

ھوقۇق بىلەن پۇل ئارىسىدا بىر ـ بىرىنى ياراتماسلىق، بىر ـ بىرىنى يامان كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇشمۇ باردەك قىلاتتى. بىرىنى بىرىگە ئازراق بېسىپ بېرىش كېرەكتەك تۇيۇلاتتى. بۇنى چۈشەنگەن سېكرېتار مۇھەممەت توختى شۇنداق غەزەپلىك ۋارقىراپ كەتتىكى، يۇقاقۇننىڭ سېكرېتارى سېكرېتار بولغانغا تويدى. بەلكىم ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىمۇ ھاتەم ھاجىنىڭ بۇنداق غەزەپلىك ۋارقىراشلىرىنى ئاڭلىمىغان بولۇشى مۇمكىن. پەتەك بەگ قانچىلىك ۋارقىريالىسۇن؟ شۇڭا ئۇ بەكلا قورقۇپ كەتتى.

چىرايى ئۆڭتە خامدەك ئاقاردى، پۇت ـ قوللىرى لاغىلداپ تىترىدى. ئاخىرىدا دۇدۇقلاپ تۇرۇپ: «كېرەمئاخۇن نەگە مەكتەپ سالىمەن دېسە، شۇ يەرنى بىكارلىتىپ بېرىمەن، تۈزلىتىپ بېرىمەن، ئەتراپىغا تام سالدۇرۇپ بېرىمەن...» دەپ ئىپادە بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

ئىش يۈرۈشۈپ كەتكەندەك، كېرەمئاخۇن سالماقچى بولغان مەكتەپ پات ئارىدا پۈتتۈرۈلىدىغاندەك قىلاتتى. ئۆتكەن بىر ئايچە ۋاقىت ئىچىدە ئۇلىغا تاش بېسىلىپ، خىش ـ كېسەكلەرنىڭ تىزىلىشقا باشلىغانلىقىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولاتتى. ئەپسۇسكى، ۋىلكوم قورۇسىغا يەنە بولمىغۇر خەۋەر كەلدى. مەكتەپ سېلىش توختاپ قالغانمىش، كېرەمئاخۇننىڭ يەنە جۇدۇنى ئۆرلەپ قالغانمىش... مەكتەپ سېلىش توختاپ قالسا بولمايتتى، كېرەمئاخۇننىڭ جۇۋۇنى تەتۈر كىيىشىگە يول قويۇشقا بولمايتتى. ۋىلكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ئولتۇرغان پىكاپ 3 ـ قېتىم يۇقاقۇننىڭ توپىلىق كوچىلىرىدىن چاڭ ـ توزان ئۆرلەتتى. مەلۇم بولدىكى، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكىلەر مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى يېزىنىڭ بىناكارلىق ئەترىتىگە ھۆددىگە بېرىسەن، يېزىلىق ھۆكۈمەت باشقۇرۇۋاتقان خۇمدانىدىن خىش سېتىۋالىسەن، دەپ تۇرۇۋاپتۇ. كېرەمئاخۇننىڭ جۇدۇنىنى ئۆرلەتكەن سەۋەب شۇ ئىكەن. ئۇنىڭ قۇرۇلۇشنى ئاكىسى يېزا باشلىقى بولۇۋاتقان شورباغ يېزىسىنىڭ قۇرۇلۇش ئەترىتىگە ھۆددىگە بەرگۈسى، خىشنىمۇ شۇ ياقتىن ئالغۇسى بار ئىكەن...

بۇ قېتىم ۋىلكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى بەكلا ئاچچىقلىنىپ كەتمىدى. ئۇ بەلكىم بىرەر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ يولىدا نۇرغۇن داڭگال پۈتلىشىدىغانلىقىنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا خېلىلا ئېغىر ـ بېسىق بولدى. كېرەمئاخۇنغا ئۆزى خالىغان بىناكارلىق ئەترىتى بىلەن توختاملىشىپ، خىشنىمۇ ئۆزى خالىغان خۇمداندىن سېتىۋېلىپ مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى باشلاۋېرىشنى تاپىلىدى. بىرەر ئىشقا يولۇقسا، ئۆزىنى بىۋاستە ئىزدەشنى ئەسكەرتتى. كېرەمئاخۇن ۋىلكوم مۇئاۋىن سېكرېتارىنىڭ يولىيورۇقىدىن ئوبدانلا مەمنۇن بوپقالدى. دېمىسىمۇ ئەمدى ئۇ يۇقاقۇن ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى ھوقۇقنىڭ چەكلەش دائىرىسىدىن ھالقىپ چىققان، ۋىلايەتكە بىۋاستە قارايدىغان ئادەمگە ئايلانغانىدى. بۇنىڭدىن كىم مەمنۇن بولمىسۇن؟

شۇنداق قىلىپ كېرەم باينىڭ يۇقاقۇنغا مەكتەپ سېلىش ئىشى يۈرۈشۈپ كەتتى. بىز بۇ يەردە ۋىلكوم مۇئاۋىن سېكرېتارىنىڭ كېرەم باي ھۇزۇرىغا ئۈچ قېتىم بېرىشىنى ليۇبېينىڭ جۇگېلياڭنى ئۈچ قېتىم ئىزدەپ بېرىشىغا ئوخشىتىشىمىز مۇمكىن. ھەر ئىككىلىسى زامانىسىنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ ئەزگۈ قەدەملەر نەتىجىسىز قالمايدۇ. 1986 ـ يىلى ئەتىيازدا كېرەمئاخۇن باي مەبلەغ سالغان يۇقاقۇن باشلانغۇچ مەكتىپى پۈتتى. يۇقاقۇن

www.uyghurkitap.com

دېھقانلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى ئېغىل- قوتانلاردىكى دەرسخانىلاردىن چىقىپ ئاپئاق، پاكىز، كەڭ، يورۇق، ئازادە دەرسخانىلارغا كۆچۈپ كىردى. ئەلۋەتتە شۇ ئارىدا ۋىلكوم مۇئاۋىن سېكرېتارنىڭ پىكىپى يۇقاقۇن كوچىلىرىدا يەنە نەچچە قېتىم چاڭ- توزان ئۆرلەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ دىققىتىمىزدىكى يورۇق نۇقتا ئەمەس. بىزنىڭ دىققەت مەركىزىمىزدە ئۆز يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ، ئومۇمغا مەكتەپ سېلىپ بەرگەن كېرەم باي ۋە ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىغا ئىلھام بەرگەن ئۇچ قېتىملىق چاڭ- توزان ئۆرلىتىشلا ساقلىنىپ قالغان. ئەمما بۇ يەردە كېيىن ئىجتىمائىيەتتىكى مۇھىم بىر قانۇنىيەتنىڭ ئۆزىنى قايتا نامايان قىلغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتۈشىمىز كېرەك. ئاشۇ قانۇنىيەت شۇكى، ھەرقانداق ئىشتا پىلان كۆرسەتكۈچى، ئىلھام بەرگۈچى، ھە- ھۇ دېگۈچى پەگادا قالىدۇ. ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچى مۇنبەردىن ئورۇن ئالىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تارىخىدا ئىسلاھات- ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى خۇسۇسىيلار مەبلەغ چىقىرىپ سالغان تۇنجى مەكتەپ قۇرۇلۇشىمۇ ئىش خۇددى شۇنداق بولدى. كېيىنكى كۈنلەردە ۋىلكوم مۇئاۋىن سېكرېتارىنىڭ نامىنى ھېچكىم تىلغا ئالمىدى. مەكتەپ سالغان كېرەم باينىڭ نامى بولسا گېزىت- ژۇرنال بەتلىرى، رادىئوكانايلىرى، تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدا خېلى ئۇزۇن ۋاقت يادلىنىپ تۇردى.

## 4. يېڭى باي قەھرىمانغا ئايلاندى

مىنبۇس قەدىمىي خوتەن- يەكەن يولىنى بويلاپ غۇيۇلداپ چاپماقتا. يول ياقىسىدىكى سەگۇ تېرەكلەر گويا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقاندەك ۋە يۈگۈرگىنىچە ئارقا تامان كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. ئاھ، ئۇ ۋاقىتقا ئىشارە قىلىۋاتامدىكىنە؟ ۋاقىت دېگەن خۇددى شۇ سەگۇ تېرەكلەردەك يۈگۈرۈپ كېلىدۇ ۋە يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. كېرەم باينىڭ ئۆز چۆنتىكىدىن پۇل چىقىرىپ يۇقاقۇنغا مەكتەپ سالغىنىغا مانا ھەش- پەش دېگۈچە 18 يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئاشۇ مەكتەپ پۈتكەندىكى ئىشلار ھېلىمۇ ئەستە. كاتتا ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ ۋەكىللىرى، ۋىلايەتنىڭ سېكرېتار- ۋالىيلىرى، ناھىيىنىڭ سېكرېتار- ھاكىملىرى، يېزا باشلىقلىرى، ھەر ساھەنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئامما بولۇپ نەچچە مىڭ كىشى قاتناشتى. كېرەم باي كاتتا رەھبەرلەر قاتارىدا مۇنبەردە. ئۇ خىجىللىق ئارىلاش كۆلۈمسىرەپ قويىدۇ. كۆڭلى مەمنۇنلۇققا تولغان، جىمى مۇراسىم ئەھلى ئوخشاشلا مەمنۇن. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ مەمنۇنلۇقى كېرەم باينىڭ مەمنۇنلۇقىغا يەتمەيدۇ. قانداق يەتسۇن؟ ياخشىلىققا ئېرىشىشتىن پەيدا بولغان مەمنۇنلۇق ئەلۋەتتە ياخشىلىق يەتكۈزۈشتىن پەيدا بولغان مەمنۇنلۇققا يەتمەيدۇ- دە. باشقىلارغا ياخشىلىق يەتكۈزۈش- كاتتا مەمنۇنلۇقنىڭ مەنبەسى. ئۇ يەنە خاتىرجەملىكنىڭ، ساغلاملىقنىڭ، ئۇزۇن ئۆمۈرنىڭ، ئىززەت- ھۆرمەتنىڭ، ساۋاب- مۇكاپاتنىڭ مەنبەسى. يۇرتىغا- يۇرتداشلىرىغا، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ياخشىلىق يەتكۈزگەن، ھۆكۈمەتكە ياردەم يەتكۈزگەن كېرەم باي مەمنۇن بولماي كىم مەمنۇن بولسۇن؟

كېرەم باي قەھرىمانغا ئايلاندى. چاۋشيەن ئۇرۇشىدىن، ھىندىستان ئۇرۇشىدىن، ۋيېتنام ئۇرۇشىدىن قايتقان قەھرىماندەك ئىسلاھات- ئېچىۋېتىش دەۋرىنىڭ قەھرىمانىغا ئايلاندى. جەڭ مەيدانىنىڭ تاسادىپىيلىقلىرىدا قەھرىمان بولماق ئاسان بولغان بىلەن، تىنچ مەزگىلدە قەھرىمان بولماق ھەرگىز ئاسان ئەمەس. بولۇپمۇ كېرەم بايدەك چۆنتەكتىن پۇل چىقىرىپ، بىر ئۇچى بىلەككە، بىر ئۇچى يۈرەككە باغلىنىپ تۇرىدىغان پۇلنى سۇغۇرۇپ ئالماق ئاسانمۇ؟

«كېرەم ئىمىن مەكتىپى!» مەكتەپ قەھرىماننىڭ نامى بىلەن ناملاندى. كېيىنكى بىر قەرنە ۋاقىتتا بۇنى كىم كۆرگەن؟ سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدە ئاشۇ ئىتتىپاق تېررىتورىيىسىدە داھىيلارنىڭ، قەھرىمانلارنىڭ نامى بىلەن شەھەرلەرگە، زاۋۇتلارغا، كولخوزلارغا، مەكتەپلەرگە نام بېرىش ئادىتى بولغان. خۇددى «سان پېتېربۇرگ»نى «لېنىنگراد»، «سارتېسىن»نى «ستالىنگراد»، «بىشكەك»نى «فرونزى»، داڭلىق پېداگوك ماكارىنكو باشقۇرغان يېتىملار مەكتىپىنى «ماكسىم گوركىي» دەپ ئاتاشتەك... ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يۇرتىمىزدىمۇ «ئايخان مەكتەپ»، «مەكتىپى ھۇسەينىيە»، «ئەمەت ھاجىم مەكتىپى» ... دەپ ئاتاشلار بولغان. ئەمما ئاشۇنداق ئاتاشلار ئەمەلدىن قېلىپ، خېلى يىللار ئۆتكەندە يېڭى مەكتەپكە كېرەم ئىمىن نامى بىلەن نام بېرىلىشىنى كىم ئويلاپ باققان؟

كېرەم باينىڭ ئۆز مەھەللىسىگە مەكتەپ سېلىشى ئۇنى قەھرىمان ئاتاشقا ئەرزىگۇدەك ئىشمۇ؟ مەكتەپنى ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىغۇدەك شەرەپلىك ئىشمۇ؟ جاۋاب: ئەلۋەتتە! ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ئەمدىلا باش چىقارغان 1930- يىللاردا ئۆز يۇرتىغا مەكتەپ سالدىغان بايلار چىققان. چۈنكى ئۇ چاغلاردا مەكتەپ سالالىغۇدەك، مەكتەپ ئاچالىغۇدەك بايلار بار ئىدى. كېيىن ئۇلارنىڭ داڭلىقلىرىنى شىڭ شىسەي تىرىك كۆمدى، گومىنداڭ بۇلىدى، ئېشىپ قالغانلىرىدىن بىر قىسمىنى 1950- يىللارنىڭ بېشىدا پاڭلىدىتىپ ئاتتۇق، ئەسلي- ۋەسلىدىن ئايرىدۇق. كاتتا بايلار يوقالدى. يوقىلىشىنىمۇ يوقالدى، ئەمما ئەينى چاغدا جۇمھۇرىيەت يېڭى قۇرۇلغاندا ھۆكۈمەتنىڭ ھەممە ئوقۇرمەننى مەكتەپ بىلەن تەمىنلەپ كەتكىدەك قۇربىتى كەم بولدى. 1950- يىللاردا يېڭىپ- تۆشەپ سالغان مەكتەپلەر 1970- يىللاردا كونىراپ، 1980- يىللاردا ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ياش بوغۇنلار كونا ئۆي، ئەسكى كەپە، ئېغىل- قوتانلاردا ئوقۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە

www.uyghurkitap.com

قاملاشارمۇ؟ كونا تام ئۆرۈلۈپ، ئېغىر ئۆگزە بېسىۋالسا، پاجىئە يۈز بەرمەسمۇ؟

مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئەمدىلا باشلانغان ئىسلاھات ۋە گۈللىنىشتىن نەپ ئېلىپ، تۆت تەڭگە پۇل تاپقان كېرەمئاخۇننىڭ پىخسىقلىق قىلماي بەش سىنىپلىق، ئۈچ ئىشخانا، ئىككى ئېغىز ئوقۇتقۇچىلار ياتىقى بار مەكتەپ سېلىشى ھەقىقەتەنمۇ كاتتا ئىش ئىدى، قەدىرلەشكە ئەرزىيتتى، شەرەپ بېرىشكە ئەرزىيتتى. يېڭى مەكتەپ، ئازادە سىنىپلارغا ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلار بايغا قىپقىزىل گۈلدەستىلەرنى تۇتتى، بويىنغا ئوتقاشتەك قىزىل، سەبىيلەرنىڭ يۈرىكىدەك پاكىز قىزىل گالستۇك تاقىدى. ھەرقايسى ئورۇن ئونىەچچە دانە قىپقىزىل لەۋھە تەقدىم قىلدى. يۇقىرى دەرىجىلىك بەش قاتلام ئورگان بەش دانە تەقدىرنامە بىلەن تەقدىرلىدى. تەقدىم قىلىنغان پارتا-ئورۇندۇق، قەلەم-قېرىنداش، كىتاب-ئوقۇشلۇق، تەجرىبە سايمانلىرى، تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرىنىڭ سانىنى ئېلىپ بولماق تەس. تېخى نەق پۇلمۇ بار، رەڭلىك تېلېۋىزورمۇ بار...

گۈلدۈراس ئالقىش ۋە چاۋاكلارنىڭ ھەممىسى كېرەم باي ئۈچۈن، مەدھىيە سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى كېرەم باي شەنىگە. بارىكاللا كېرەم باي، ھەممەيلىرىگە بارىكاللا!

باي ۋە زەردارلار شەنىگە ھاقارەتتىن ئۆزگە سۆز ئېيتىلمىغىلى 36 يىل- بىر قەرنە بولغان مۇشۇ يۇرت ئۈچۈن ئېيتقاندا، كېرەم باي شەنىگە ئوقۇلغان ئاشۇ مەدھىيىلەرنى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشنىڭ نەتىجىسى دېمەي بولمايتتى. بەلكى تېخى بۇ شۇ ئۆزگىرىشنىڭ باشلانمىسىلا ئىدى. سەل كېيىن تېخى كېرەم باي ئۆزىگە يوپۇرۇلۇپ كەلگەن ھۆرمەت-ئىززەت، شان-شەرەپ ۋە تېخىمۇ يالقۇنلۇق مەدھىيىلەرنىڭ دولقۇنىدا كۆمۈلۈپ كېتىدۇ. كۆنلىرى كاتتا يىغىن-مەرىكىلەرنىڭ شەرەپ مۇنبىرىدە ئۆتۈشكە باشلايدۇ، ئىشلەپچىقىرىش، پۇل تېپىشقا ۋاقت چىقىرالماي قالىدۇ. قاراڭ:

كېرەم باي مەكتەپ سېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، 1987-يىلى ئىيۇندا ئالاھىدە ۋەكىل سۈپىتىدە ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مائارىپ خىزمىتى يىغىنى»غا تەكلىپ قىلىندى. 15-ئىيۇندا ئۇنىڭغا «مائارىپنى قوللاش نەمۇنىچىسى» دەپ نام بېرىلدى.

ئۇ، يىغىندىن تېخى خوتەنگە يانماي تۇرۇپلا، بېيجىڭغا — «پۈتكۈل ئارمىيە بويىچە ئېچىلغان قەھرىمان-نەمۇنىچىلار يىغىنى»غا «ئىلغار خەلق ئەسكەرلىرى ۋەكىلى» سۈپىتىدە تەكلىپ قىلىندى ۋە 27-ئىيۇن ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ئەسكىرى» شەرەپ گۇۋاھنامىسى تارقىتىلىپ، «1-ئاۋغۇست مېدالى» بېرىلدى.

1988-يىلى دېكابىردا يېزا ئىگىلىك تارماقلىرى ئاچقان يىغىندا «مول ھوسۇل ئېلىش نەمۇنىچىسى» دەپ نام بېرىلدى.

1989-يىلى «باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئۆي-ئىمارەتلىرىنى يېڭىلاشتىكى ئىلغار» بولۇپ، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن شەرەپلەندۈرۈلدى...

يۇقىرىقىلار پەقەت ئاز بىر قىسمى. شۇ يىللاردا كېرەم باي تەكلىپ قىلىنغان يىغىن-مەرىكە، مۇراسىملارنى ساناپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. يۇقاقۇندىن چىقىپ خوتەن شەھىرىگە، خوتەندىن ئۈرۈمچىگە، ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا تۇتىشىدىغان يوللار ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن «قوغۇنلۇقنىڭ يولى»غا، ئۇنىڭ يۇقاقۇندىكى ئۆيى گېزىت، رادىئو-تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرىنىڭ تاۋابگاھىغا ئايلاندى. شۇ ئاي - شۇ كۈنلەردە دىيارىمىزدا كېرەم باينىڭ ئىسمى-شەرىپى بېسىلمىغان گېزىت سانىنى، كېرەم باينىڭ نام-شەرىپى تىلغا ئېلىنمىغان رادىئو ئاۋازىنى، كېرەم باينىڭ سۈرەتلىرى كۆرسىتىلمىگەن تېلېۋىزىينى تاپقىلى بولماسلىقى مۇمكىن. كېرەم باي ئەمدى ئۇلارنىڭ خەۋەر-ماقالىلىرىدە دېھقانلارنىڭ، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ، ياشلارنىڭ، ئىسلاھاتچىلارنىڭ، مائارىپچىلارنىڭ، بېيىغۇچىلارنىڭ، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋىرىگە ئايلانغانىدى. ئۇ تېخى مېھمان كۈتكۈچىلەرنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋىرى شەرىپىگىمۇ لايىق ئىدى. ئەمما مۇخبىرلار ئۇنىڭ بۇ تەرىپىنى خەۋەر قىلىشنى نېمىشقىدۇر ئۇنتۇپ قېلىشقانىدى. ئەمەلىيەتتە شۇ ئاي-شۇ كۈنلەردە كېرەم باينىڭ يۇقاقۇندىكى ئۆيى ئېكسكۇرسىيە-ئۆگىنىش، سەيلە-ساياھەت، رەھبەرلەرنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش مەركىزىگە ئايلانغانىدى. مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئىچكىرىدىن، ئۈرۈمچىدىن، باشقا ۋىلايەت-ئوبلاستلاردىن ئېكسكۇرسىيە-ئۆگىنىش ئۆمەكلىرى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى كېرەم باي ھۇزۇرىغا باشلاپ چىقىلاتتى. كېرەم باي ھەممىسىگە تەجرىبە، ئىش-ئىزلىرىنى تونۇشتۇراتتى، ئارقىدىنلا ئۇلارغا داستىخان سالاتتى. مېھمان دېگەننى داستىخان سالماي ئۇزاتسا ئەدەبسىزلىك بولمامدۇ؟ ئەمما ئەمدى ۋىلكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى تۇنجى چىققان ئاشۇ چاغدىكىدەك ئىككى قاچا قېتىق، تۆت زاغرا بىلەن ئۇزاتقىلى بولسۇنمۇ؟ ئالدىنئالا «بۈگۈن پالانى باشلىق كۆزدىن كەچۈرگىلى چىقىدۇ، ياخشى تەييارلىق قىلىپ كۈتۈۋېلىنسۇن!» دەپ تېلېفون قىلىنغان تۇرسا، قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرغىلى بولامدۇ؟ سېمىز پاقلانلار سويۇلۇپ، تونۇرلارغا كىرىپ-چىقىپ تۇراتتى، مېۋە-چېۋە، پېچىنە-پىرەنىكلەر تىزىلىپ تۇراتتى، ئاياق-قېتىقلار سۇنۇلۇپ تۇراتتى. قولغا سۇ بەرگۈچىلەر غاز بويۇن ئاپتۇۋىلاردىن سۇ قۇيۇپ هارمايتتى، تاماق توشۇغۇچىلار پەتنۇس كۆتۈرۈپ ھارمايتتى، كېرەم ئاخۇن تەكلىپ قىلىپ ھارمايتتى...

كېرەم باينى مېھمان كۈتكۈچىلەرنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋىرى ئىدى، دېگىنىمىزنىڭ ئاساسلىرى شۇ. ئەمما بۇ ھېچكەپ ئەمەس. مېھمان كۈتكەنگە كېرەم باينىڭ بىساتى ئازىيىپ كەتمەس. چاتاق بولغىنى، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا، پۇل تېپىشقا ۋاقىت يېتىشتۈرۈپ بولالمىغىنى ئىدى. ۋەھالەنكى، ئۇلۇغ كەلگۈنىنى ئانچىكىم توغانلار توسۇپ بولالمايدۇ. كېرەمئاخۇننىڭ بېيىشلىرى ئۇلۇغ كەلگۈنگە ئايلىنىپ بولغانىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى پاقلانلىرى ئاشۇ داستىخان ئۈستىدىلا پۇلغا ئايلىنىپ تۇردى. ئۇنىڭ غاز- ئۆردەك، توخۇ- توشقانلىرى ئاشۇ داستىخان ئۈستىدىلا خېرىدارغا ئېرىشىپ تۇردى. ئۇنىڭ يېتىشتۈرگەن كۆچەت- جىرىملىرى ئاشۇ داستىخان ئۈستىدىلا سۇ بولۇپ تۇردى. ئۇنىڭ قىيىن ئىشلىرى ئاشۇ داستىخان ئۈستىدىلا ھەل بولۇپ تۇردى. ئۇنىڭ تىجارىتى ئاشۇ داستىخان ئۈستىدىلا كېڭىيىپ تۇردى. كېرەم باينىڭ شۇ كۈنلىرىنى ھوقۇق پۇلنى قوللىغان، پۇل ھوقۇق ۋە شان- شەرەپنى ئارقا تىرەك قىلىپ، قار پومزىكىدەك كۆپەيگەن كۈنلەر دەپ تەسۋىرلەشكە بولىدۇ. دېمىسىمۇ كېرەم باي كۈنىبىرى، ئايسېرى، يىلسېرى بېيىۋاتاتتى. شان- شەرەپكە ئوخشاشلا پۇلمۇ ئىشىك- دېرىزە، تۈڭلۈك ئايرىماي، ئۇدۇل كەلگەن يەردىن كىرىۋاتاتتى. كۈنسېرى كۆپەيگەن پۇلنى يۇرت ۋە جامائەت ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىش كېرەك. مانا بۇ كېرەم باينىڭ مىزانى ئىدى. شۇ مىزانغا ئاساسەن، كېرەم باي 1990- يىلى 180 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ يۇقاقۇنغا 20 ئېغىز كېسەللەر ياتىقى، 16 ئېغىز ئىشخانا ۋە لابوراتورىيىسى بار رېنتىگېن نۇرى ئاپپاراتى، ئېلېكترلىك يۈرەك تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى، قۇتقۇزۇش ماشىنىسى سەپلەنگەن خېلى مۇكەممەل دوختۇرخانا سېلىپ بەردى. كېسەل كارىۋاتلىرىنى تەخ قىلىپ، 11 نەپەر دوختۇر- سېستىرانى ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى. 1991- يىلى يەنە 113 مىڭ يۈەن پۇل خەجلەپ 1065 كۋادراتمېتىر قۇرۇلۇش كۆلىمىگە ئىگە، ئون سىنىپلىق، ئالتە ئېغىز تەجرىبىخانىسى بار، ئىشخانىلىرى، ئائىلىلىكلەر ئۆيى يېتەرلىك بولغان يۇقاقۇن ئوتتۇرا مەكتىپىنى سالدى. ھەر يىلى قىشتا چاپانسىز- ئوتۇنسىزلارنى قۇتقۇزۇش، ھەر يىلى سېرىقتالدا ئاشلىقسىز- نانسىزلارنى قۇتقۇزۇش، كۆۋرۈك سېلىش، يول ياساش، ياردەم بېرىشلەرنى ساناپ يۈرمەيلى. مىننەت قىلغاندەك بوپقالمىسۇن. ئەمما كېرەم ئاخۇننىڭ «يېڭى باي»دىن ئاللىقاچان «كونا باي»غا ئايلىنىپ بولغانلىقىنى دەپ ئۆتۈش كېرەك. يېڭى بايلار كۆپىنچە چېگراق بولىدۇ، كونا بايلار كۆپ ھالدا كۆزى- قارنىنىڭ توقلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇ كۈنلەردە كېرەمئاخۇننىڭ ھۇزۇرىغا پۇل دېگەن يۇقاقۇن ئۆستەڭدىكى سۇدەك ئېقىشنى داۋام قىلدى. شان- شەرەپ دېگەن نېمىمۇ ئۇنىڭغا ئاشقىتەك يېپىشىپ تۇردى. قاراڭ:

ئۇ يەنە 1991- يىلى مايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «مائارىپقا ياردەم بېرىشتىكى ئىلغار شەخس» گۇۋاھنامىسىغا؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ «باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئۆي- بىنالىرىنى يېڭىلاش بويىچە 1990- يىللىق ئىلغار شەخس» گۇۋاھنامىسىغا؛ 1992- يىلى ئىيۇندا «ئوتتۇرا مەكتەپلەر تەجرىبىخانا قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەرگەن ئىلغار» گۇۋاھنامىسىغا؛ 1992- يىلى ئىيۇندا يەنە بىر قېتىم «دۆلەت مۇداپىئە زاپاس كۈچلىرى قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار» گۇۋاھنامىسىغا؛ شۇ يىلى ئىيۇلدا «سەھىيە- ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش نەمۇنىچىسى» شەرىپىگە ئېرىشتى. كېرەم باي توغرىسىدىكى رادىئو- تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرى تېخىمۇ كۆپەيدى، مۇخبىرلار قاتارىغا شائىر- يازغۇچىلارمۇ قېتىلدى. شائىرلار كېرەم باي مەدھىيىسىگە بېغىشلانغان غەزەللىرىنى كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازدا دېكلاماتسىيە قىلىشسا، يازغۇچىلارنىڭمۇ قاتاردىن قالغۇسى كەلمىدى. داڭلىق يازغۇچى، ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، مەرھۇم قەييۇم تۇردى ئەپەندى كېرەم بايغا بېغىشلانغان «مەن- كېرەم باي» ناملىق ئوچېركىنى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدى. چېرىيىلىك، يازغۇچىلىققا ھەۋەس قىلغۇچى ئالىمجان رەجەپ كېرەم بايغا بېغىشلاپ «قۇياش، زېمىن، ئادەم» ماۋزۇلۇق كىتاب يازدى. سەنئەت ئۆمەكلىرىمۇ كېرەم ئىمىننى مەدھىيىلەشتە كېيىن قېلىشنى خالىمىدى. خوتەن «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىدىكى ئابدۇكېرىم مەتشېرىپ قاتارلىقلار «ئوغۇلبالا چاققان» دېگەن نومۇرنى تەييارلاپ ئويناپ چىقتى. كېرەم ئىمىنگە ئاتاپ كاتتا ئادەملەرمۇ، چەت ئەللىكلەرمۇ بېغىشلىما قالدۇرۇشتى. دۆلەت ئەربابى، ئەدىب، مەرھۇم سەيپىدىن ئەزىزىي ئەپەندى «ياش ئەۋلادلارنى دەۋر ئېقىمىدا تەربىيىلەش- خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئەڭ شەرەپلىك خىزمەت. يولداش كېرەم ئىمىننىڭ خەلق مائارىپىغا خىزمەت قىلىش روھىغا باركاللا!» (11. 9. 1991) دەپ بېغىشلىما قالدۇرسا، بىر ياپونىيىلىك ئېكسكۇرسىيىچى «ئىنسان بالىسى ھايۋاندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، لېكىن بىلىمسىز ئىنسان ھايۋاندىنمۇ تۆۋەندۇر» دەپ بېغىشلىما قالدۇردى. كېرەمئاخۇنغا بېغىشلانغان ئەڭ كاتتا ھۆرمەتلەردىن بىرى، ئۇنى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىكىگە كۆتۈرۈش بولۇشى مۇمكىن. ئۇ تاكى 1994- يىلغىچە مەملىكەتنىڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ، ناھىيىنىڭ خەلق ۋەكىلى بولۇپ، يىللىق يىغىنلار ئۈچۈن بېيجىڭگە، ئۈرۈمچىگە، خوتەنگە بېرىپ- كېلىپ يۈردى. ئېسىل ئايروپىلان ۋە ئالىي مۇنبەرلەردە ئىپتىخار بىلەن گىدىيىپ ئولتۇردى. ئۇ مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىمىزغا قىلغان ئاشۇ ياردەملىرى بىلەن ھەقىقەتەنمۇ پەخىرلىنىشكە، ئاشۇنداق كاتتا

www.uyghurkitap.com

مۇنبەرلەردە ئولتۇرۇشقا لايىق ئىدى...

ئۈجمە سەيلىسى قىلغۇچىلار ئولتۇرغان چىرايلىق مىنبۇس يۇقاقۇنغا كېلىپ توختىدى. ئەمدى مىنبۇستىن چۈشۈش كېرەك. كېرەمئاخۇن باي ئۆيىدە بارمىدۇ؟ ئۈجمە سەيلىسى قىلغۇچىلارنى ئىللىق چىراي كۈتۈۋالارمۇ؟

## 5. كېرەم باينىڭ ئاتىسى ۋە ئايالى توغرىسىدا ھېكايە

ئۈجمە سەيلىسى قىلغۇچىلار ئولتۇرغان مىنبۇس يۇقاقۇن بېكىتىدە توختىدى. ئۇنىڭ توختىغانلىقى ھەيران قالىدىغان ئىش ئەمەس. ماڭغان توختايدۇ. ئەمما ئاشۇ «توختاش»تا كېرەم باي ئىشلىرىغا بىرەر ئىشارەت بارمۇ؟

يۇقاقۇن ئۆزگىرىپتۇ. كونا خوتەن- يەكەن يولى ئاسفالتلىنىپتۇ، يول بويىدىكى دەرەخلەر يېڭىلىنىپتۇ. پاختەك ۋە قۇچقاچلار كۆپىيىپتۇ، يۇقاقۇنغا قاتناۋاتقان رەھبەرلەر ۋە زىيارەتچىلەر ئولتۇرغان ئېسىل پىكاپلار روشەن ئازىيىپتۇ. لېكىن بۇ، شۇ يولدا قاتناۋاتقان ھەممە ماشىنىنىڭ ئازايغانلىقىدىن دېرەك بەرمەسلىكى مۇمكىن. 1994- يىلى 20- ئاپرېل، باشقىلار كېرەم باينىڭ تونۇرلىرىدىن چىققان مەززىلىك پاقلان كاۋىپىنى ھوزۇرلىنىپ يەۋاتقاندا، ئاپتور دەپتىرىگە «كېرەم باينىڭ دۇنياسى» دېگەن ماۋزۇدا «19 چوڭ- كىچىك يۈك ئاپتوموبىلى، ئۈچ تراكتور، ئىككى پىكاپ، ئىككى مىڭ تۇياق قوي- كالا، 70 مو تېرىلغۇ، 40 مىڭ تۈپ دەرەخ- ئورمان، 20 مىڭ توخۇ- ئۆردەك، زامانىۋى باقمىچىلىق- بورداقچىلىق فېرمىسى، گىلەم كارخانىسى، ئون زاۋۇتى، 20 نەچچە خانىلىق ئىككى يۈرۈش ئۆي...» دەپ يېزىپ قويغانىدى. ئەينى چاغدا باي نەخ پۇل- ئايلانما مەبلەغ توغرىسىدا پاراڭ قىلىپ بەرمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما يۇقىرىقىلاردىنلا كۆرگىلى بولاتتىكى، باقمىچىلىق، جىرىم- كۆچەتچىلىك بىلەن بېيىش يولىغا ماڭغان كېرەمئاخۇن ئاللىقاچان قاتناش- ترانسپورت كەسپىگە يۈرۈش باشلىۋەتكەنىدى. ئىلگىرى ئىككى پۇتلۇق، تۆت پۇتلۇق، قەدەملەپ ماڭغانلارنى پۇل تېپىش ۋاستىسى قىلغان بولسا، كېيىن سەككىز- ئون چاقلىق، چاقى بىلەن دۈگىلەپ ماڭىدىغانلارغا تايىنىپ پۇل ئاۋۇتۇشقا كىرىشكەنىدى. ئارىدىن ئون يىل ئۆتتى. ئۇنىڭ ماشىنا- ئاپتوبۇسلىرى كۆپەيمەي قالارمۇ؟ بەلكىم ھېلى ئۈجمە سەيلىسى قىلغۇچىلار ئولتۇرۇپ كەلگەن، خوتەن شەھىرىدىن باغچى، يۇقاقۇن، تايتاققىچە قاتناۋاتقان ئاپتوبۇسمۇ كېرەم باينىڭ بولۇشى مۇمكىن. كېرەم باينىڭ ماشىنا- ئاپتوبۇسلىرى يۇقاقۇندىن چىقىپ مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگىچە قاتناۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. باشتا « بۇ، ماشىنىلارنىڭ ئازايغانلىقىدىن دېرەك بەرمەسلىكى مۇمكىن» دېگەنلىكىمىزنىڭ پەرەزىي ئاساسى شۇ.

ئەلۋەتتە يولنى سەككىز- ئون چاقلىق، چاقى بىلەن دۈگىلەپ ماڭىدىغانلارغا تايىنىپ باسقاندا، پۇل دېگەن نېمىنى تېخىمۇ تېز ئاۋۇتقىلى بولىدۇ.

كېرەم باينىڭ بايلىقى تېز ئاۋۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما يۇقاقۇندا كېرەم باي مەكتەپ، دوختۇرخانا سالغان، قەھرىماندەك شان- شۆھرەتكە كۆمۈلگەن يىللاردىكى داغدۇغا ۋە ۋاراڭ- چۇرۇڭ بېسىقىپ قالغانىدى. جاھان كېرەم باينى ئۇنتۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۈجمە سەيلىسى قىلغۇچىلار مىنبۇستىن چۈشۈپ، يۇقاقۇننىڭ جىمجىت كوچىلىرىغا قەدەم باستى. كېرەم ئاخۇن سالغان دوختۇرخانا ھويلىسىدىكى «ھومماز» دەپ ئاتىلىدىغان سامان غوللۇق، چوڭ يوپۇرماقلىق ئۆسۈملۈكنى تاماشا قىلدى. ئېيتىلىشىچە، ئۇ ھەر باھاردا بەك بۇرۇن كۆكلەرمىش، باھار يېرىملاشماستىلا ئىككى- ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسۈپ بولارمىش... ئۇنىڭ بۇرۇن كۆكلەپ، تېز بوي تارتىشى كېرەم ئاخۇننىڭ بۇرۇن تۇتۇش قىلىپ، بۇرۇن باي بولۇشىغا نەقەدەر ئوخشايدۇ- ھە!

يۇقاقۇننىڭ كوچا قاسناقلىرىغا غايەت چوڭ سەگۈ تېرەك ياغاچلىرى دۆۋىلىۋېتىلگەنىدى. كىملەردۇر ماشىنىلاردىن ياغاچ چۈشۈرۈۋاتاتتى، كىملەردۇر ماشىنىلارغا شال- تاختاي بېسىۋاتاتتى. تاختاي تىلىش ماشىنىسىنىڭ سەت چىرقىراق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قارىغاندا كېرەم باي پۇل ئاۋۇتۇشنىڭ يەنە يېڭى يوللىرىغا تۇتۇش قىلغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۈجمە سەيلىسى قىلغۇچىلار يۇقاقۇننى جەنۇبتىن.شىمالغا كېسىپ ئۆتىدىغان غول ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتتى. باينىڭ ئايۋان- قەسرى مانا شۇ يەردە ئىدى. ئۇلار ئۆستەڭ بويىدىكى قاتار ئۈجمىگە قاراپ لەۋ تامشىپ تۇرغاندا، باش- كۆزنى ياغلىق بىلەن ئورىغان، ئوشۇقىغىچە چۈشۈپ تۇرىدىغان يازلىق ئابايى كىيىۋالغان بىر خېنىم چىقىپ قالدى. ئۇلار ئۇچۇق كۆزلەرنىلا تونۇدى. بۇ، باينىڭ ئاغىچىسى ئىدى. مەككە- مۇكەررەمەگە بېرىپ كەپتۇ، ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ كەپتۇ. ئەمدى ئامىنىخان ھاجىم بوپتۇ... دەپ ئۇيلىدى كەلگەنلەر ۋە سالامدىن كېيىن كېلىش مەقسەتلىرىنى بايان قىلىشتى. ئەپسۇسكى، باي ئۆيىدە يوق ئىكەن. سېغىزكۆل تەرەپتىكى يېڭى ئاچما يەرلىرىگە كېتىپ قاپتۇ. سوغۇق مېھمانىنىڭ ھاجى ئاغىچىغا ياققان- ياقمىغانلىقى نامەلۇم. ئەمما شۇنداق بولسىمۇ، ھاجى خېنىم مېھمانلارنى يەنىلا ئۆيىگە باشلىدى. ئۈجمە تۈۋىدىكى كونا ئۆيلىرىگە ئەمەس، ئاشۇ ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىغا- باغ ئىچىگە يېڭى سېلىنغان، يېڭىچە زىننەتلەنگەن ئۆيلىرىگە باشلىدى. ھايالشمايلا داستىخان سېلىنىپ، لېكەن- پەتنۇسلاردا مېزەلەر، ھۆلۈلدەپ پىشقان، ھازىرلا شىلدىرشاپىقا ئىرغىتىلغان ئۈجمىلەر، ئالتۇندەك سېرىق، ياقۇتتەك قىزىل ئۆرۈكلەر كەلتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئەلۋەتتە قاچا- قاچا قېتىقلار، قورۇق

يىمىشلەر، تاتلىق تۇرۇملەر ھەم بار ئىدى. ئىشلارنى ئايىغى چاققان ئىشلەمچىلەر بېجىرىۋاتاتتى. باي ئاغىچا قارىسىنى ئۇنچە كۆرسەتمىدى. بۇ، مېھمانلاردا ھاجى خېنىملارچە ئەدەب- ھايا تەسىراتى قالدۇردى. «ھايالىق خېنىم ئىكەن» دەپ ئويلىدى بولۇپمۇ ئاپتور ۋە 1994- يىلى 20- ئاپرېل بايغا قىلغان چاقچىقىنى يادىغا ئالدى. ئاشۇ چاغدا مېھمان كۈتۈپ يۈرگەن باي ئاغىچىسىنى شەرەتلەپ: «تېخىچە كونا خوتۇن بىلەن ئۆتۈۋېتىپلىغۇ؟» دېگەنىدى ئۇ بايغا. «نېمە دېگەنلىرى بۇ؟» دەپ سورىغان باي ھەيران بولۇپ. «ھەممە دىرېكتور، خوجايىن، پۇل تېپىپ بېيىغانلار خوتۇنلىرىنى ئالماشتۇرۇپ بولدى. سىلى ئارقىدا قالسىلا قانداق بولىدۇ؟» «توۋا دېسىلە، مۇئەللىم. نامرات چاغدا ۋاپا قىلغان خوتۇننى تۆت تەڭگە پۇلنى كۆرۈپلا تاشلىۋەتسەك بولماس. ‹ھەممە نېمىنىڭ يېڭىسى ياخشى، دوست- رەپىقىنىڭ كونىسى› دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ سىلى. ئادەم دېگەندە ئازراق ئەخلاقمۇ بولۇشى كېرەك...» دېگەنىدى شۇ چاغدا كېرەم باي. ئەمدى مانا شۇ گەپلەرنىڭ بولۇنغىنىغا ئون يىل ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئەمما كېرەم باي ھېلىمۇ شۇ كونا ئاغىچىسى بىلەن ئۆتۈۋېتىپتۇ، تېخى مەككە- مۇكەررەمەگە ئەۋەتىپ ھەج قىلدۇرۇپ كەپتۇ. نېمە دەيمىز؟ ئەدەب- ھايا، نومۇس، ۋاپا، ساداقەت دېگەنلەرمۇ بار يەردە بولىدۇ. بەزى يەرلەردە ئۇنى ئىزدەپ تاپقىلى بولمىغان بىلەن، بەزى يەرلەردە ئاشۇنداق دۆۋىلىنىپ تۇرىدۇ...

ياش خىزمەتچى كىرىپ ھاجى خېنىمنىڭ نېمە تاماق خالايدىغانلىقىمىزنى سوراۋاتقانلىقىنى يەتكۈزدى. بىز ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، ئۈجمە- ئۆرۈكنى راسا ھوزۇرلىنىپ يېگەنلىكىمىزنى، ئۈجمە سەيلىسى قىلىش مەقسىتىمىزنىڭ ۋايىغا يەتكەنلىكىنى، ئەمدى قايتىدىغانلىقىمىزنى بايان قىلدۇق. ھاجى خېنىمغا رەھمىتىمىزنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئېيتتۇق. ئەمما مەلۇم بولدىكى، بايغا تېلېفون قىلىشىپتۇ، باي پىكاپىنى چاپتۇرۇپ بۇيان كېلىۋېتىپتۇ، «مەن چىققۇچە كېتىپ قالمىسۇن» دەپ تاپىلىغانمىش. نېمە ئامال؟ «كېلىش مېھماننىڭ ئىختىيارى، قايتىش بولسا ساھىبخانىنىڭ ئىجازىتى بىلەن.» ئاخىرى ھاجى خېنىمغا غورا سېلىپ ئەتكەن ئۇماچ ئىچكۈمىز بارلىقىنى يەتكۈزدۇق. شەھەرچە تاماقلار قان تومۇرلىرىمىزنى تارايتىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەنئەنىۋى ئۇماچ غەلىدە- غەشلەرنى تازىلىۋەتسە ئەجەب ئەمەس...

پىكاپ دېگەن ئېسىل تۇلپار. 40- 50 كىلومېتىر دېگەن نېمىتى ئۇنىڭ ئالدىدا. ھاجى خېنىمنىڭ خىزمەتچىلىرى ئەتكەن ئۇماچ پىشىپ بولغىچە، بايمۇ يۇقاقۇنغا ئۇنۇپ بولدى. باي قىلچە ئۆزگەرمەپتۇ. سەمرىپمۇ، ئورۇقلاپمۇ كەتمەپتۇ، ئۆتكەن ئون يىل ئۇنى قېرىتالماپتۇ، تېخى بىزە ياشىرىپ قالغاندەك. ھالاۋەت دېگەن نېمە، ھەي...

شۇ كۈنكى پاراڭلىرىمىز باينىڭ سېغىزكۆل تەرەپتىكى يېڭى ئاچما يەرلىرى، شال- تاختاي سودىسى، ماشىنا- ئاپتوبۇسلىرىنىڭ قاتناشلىرى، شوپۇرلۇق مەكتىپى ئېچىشقا ئۇرۇنۇشلىرى، قورۇلتاي ۋەكىللىكىدىن قېلىشلىرى، غەيرەت ئابدۇللا يولچىنى تەكشۈرۈپ كەلگەنلەرگە بەرگەن جاۋابلىرىدىن كۆرە، كۆپرەك كېرەم باينىڭ ھۆرمەتلىك ئاتىسى ئىمىن ھاجىم توغرىسىدا بولدى. بوۋاي 118 ياشقا كىرگەنمىش، ئەمما ھازىرمۇ 40- 50 ياش چاغلىرىدىكىدەك زەبەردەست ئىكەن. ئۆمرىدە قاسساپلىقنى دېھقانچىلىقتىن ئۆزگە يەنە بىر تىجارەتتى قىلغان ئىمىن ھاجىم (ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئىمىناخۇن قاسساپ دەپ ئاتىلاتتى) يېقىندا بورداق مال سېتىۋېلىش ئۈچۈن قاراقاشنىڭ بازىرىغا بېرىپتۇ. مال بازىرىدا بىر بورداقچى يىگىتنىڭ 12 تۇياق قويىغا ئالتە مىڭ يۈەن باھا قويۇپتۇ. ساتقۇچى باھانى تۆۋەن كۆرۈپتۇ. ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى ماللارنىڭ ئورۇق- سېمىزلىكى ھەققىدە، قايسى قوچقاردىن قانچىلىك، قايسى ئېرىكتىن نەچچىلىك گۆش- ياغ چىقىدىغانلىقى ھەققىدە گەپ تالىشىپتۇ. ئەمەلىيەتتە باھا تالىشىپتۇ. بۇ، مال بازىرىدا دائىم بولىدىغان گەپلەرغۇ، ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. ئەمما ھەيران بولىدىغان ئىش يەنىلا يۈز بېرىپتۇ. قويلارنىڭ دۇمچىسىنى مىجىپ، دۇمبىسىنى كۆتۈرۈپ دەڭسەپ كۆرۈۋاتقان ئىمىن ھاجىم بىر يوغان قوچقارنى كۆتۈرۈپ بېقىشقا ئۇرۇنۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ساتقۇچى ئىمىن ھاجىمنى بەك قېرى كۆرگەن چېغى: «چوڭ دادا، ئەگەر ئاشۇ قوچقارنى يەردىن ئۈزەلىسىلە، 12 قويۇمنى مۇتقا بېرىۋېتىمەن» دەپتۇ مەنسىتمەي. «راستمۇ؟» دەپتۇ ئىمىن ھاجىم. «راست» دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپتۇ ساتقۇچى. ئىمىن ھاجىم: «خالايىق گۇۋاھ بولۇڭلار» دەپ ۋارقىراپ، ھېلىقى قوچقارنى دەس كۆتۈرۈپ، ساتقۇچىنىڭ ئەتراپىنى بىر چۆرگىلەپ يەرگە قويۇپتۇ ۋە 12 تۇياق قوينى يېتىلەپ مېڭىپتۇ. مانا شۇ چاغدا بورداقچىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ ۋە: «چوڭ دادا، ئەمدى نېمە دەي. تاپقان- تەرگىنىمنىڭ ھەممىسى شۇ ئىدى. بالىچاقىلىرىمنىڭ تۇرمۇشى مانا شۇ قويلارغا قاراشلىق ئىدى» دەپتۇ. «قەسەملەشكەن تۇرساق، ئەمدى نېمە چارە؟» دەپتۇ ئىمىن ھاجىم قوۋۇلۇق بىلەن. ساتقۇچى يالۋۇرۇپ: «چاقچاق قىپساپتىمەن. ئۆزلىرىنى كۆتۈرەلمەس دەپتىمەن. مېنى كەچۈرسىلە. قويلارنى بەش مىڭ يۈەنگە ساتقان بولاي، ئۆزلىرى قويغان باھادىن مىڭ يۈەن تاشلىۋەتكەن بولاي...» دەپتۇ. ئىمىن ھاجىم كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە: «مەنمۇ چاقچاق قىپ قويدۇم. چاقچاق گەپ ئۈچۈن قويلارنى ئېپكەتكىلى بولماس. باشتىلا ئالتە مىڭ يۈەن باھا قويدۇم، ئالتە مىڭ يۈەنگە بېرىسىز» دەپتۇ، ئارقىدىنلا پۇل ساناپتۇ. مال بازىرىدىكى ھەممەيلەن باركاللا ئېيتىشىپتۇ...

www.uyghurkitap.com

ئىمىن ھاجىمنىڭ يۈرىكىدىكى شەھۋەت ئوتى ھېلىمۇ لاۋۇلداپ تۇرىدىكەن. كېرەم باي راسا شۆھرەت تاپقان ئاشۇ يىللاردا بولسا كېرەك، خوتەنگە قەدەم تەشرىپ قىلغان ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن بىرى باينىڭ ئۆيىگە تەكشۈرۈپ چىقىپتۇ. رەھبەر يوقلاپ چىقسا ئەلۋەتتە داستىخان ھازىرلىنىدۇ- دە. داستىخاندا ئىمىن ھاجىم رەھبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەكابىر-ئەشرەپلىرىگە ھەمراھ بوپتۇ، «ئالسىلا، باقسىلا» دەپ تۇرۇپتۇ. داستىخان ئۈستىدە ئىمىن ھاجىمغا قارىتىپ: «ئاجايىپ ئىشچان ئوغۇل چوڭ قىپتىلايەي»، «ساخاۋەتچى ئوغۇل قاتارغا قوشۇپتىلايەي...» دېگەندەك گەپلەر بولغان بولۇشى، ئىمىن ھاجىمدىن ياش- قۇرامى، تۇرمۇش ئەھۋالى سورالغان بولۇشى، تېخى ئۇنىڭغا چاقچاقلارمۇ قىلىنغان بولۇشى، ئىمىن ھاجىمنىڭ راستتىنلا يۈز ياشتىن ئاشقانلىقىغا گۇمانلارمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئىمىن ھاجىم رەھبەرلەرنىڭ داستىخاندىكى كاۋاپلارغا كەمرەك قول سوزۇپ، قوغۇن- تاۋۇز، ئۆرۈك- شاپتۇل قاتارلىق شوپۇ- شالتاقلارغا كۆپرەك قول ئۇزاتقانلىقىغا دىققەت قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. رەھبەر يەنە بىر قېتىم خوتەننىڭ ئېسىل كۆك شاپتۇلىغا قول ئۇزاتقاندا، ئىمىن ھاجىم: «شاپتۇلنى ئازراق يەپ، كاۋاپقا كۆپرەك ئېغىز تەگسىلە. كاۋاپ يېگەن ئادەمنىڭ بەللىرى مەزمۇت بولىدۇ. شاپتۇل دېگەننىڭ تەبىئىتى سوغۇق، كۆپ يېسىلە بەللىرى بوشاپ كېتىدۇ. 50تىن ئاشقاندا، خانىملىرى ئالدىدا خىجىلچىلىق تارتىپ قالىدىلا...» دەپ نەسىھەت قىپتۇ. بىر ھازا كۈلكە- چاقچاق بوپتۇ. بوۋاينىڭ ئۆچۈق- يورۇق مىجەزى رەھبەرگە يېقىپ قالغان چېغى، قايتىدىغان چاغدا: «نېمە تەلەپلىرى بار، ئاتا؟ ئېيتسىلا، ھەممىنى ھەل قىلىپ بېرىمەن» دەپتۇ. ئىمىن ھاجىم رەھبەرگە راسا تىكىلىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، جىددىي تەلەپپۇزدا: «خوتۇن ئېلىش ئارزۇيۇم بار ئىدى» دەپتۇ. رەھبەر دەرھاللا: «ئالسىلا ئاتا، مەن ئەلچى بولاي، تويۇڭىزنىمۇ بولاي، سىلىنى ئۆيلەپ قويساق نېمىشقا بولمىغۇدەك...» دەپ ئىپادە بىلدۈرۈپتۇ. ئىمىن ھاجىم: « باركاللا، ھەممە باشلىق ئۆزلىرىدەك بولسا، نېمىدېگەن ياخشى. قارىسىلا، بالىلارنىڭ ئانىسى تۇگەپ كەتكەندە، ئۆرۈك- تۇغقانلار 30 ياشلىق بىر چوكاننى چېتىپ قويۇۋىدى. ھازىر 58 ياشقا كىرىپ مونەكشىپ كەتتى. بۇ چاغ بولغاندا قويۇۋەتسەم ئۇۋال بولىدۇ. ئۈستىگىلا ياشراقتىن بىرنى ئالاي دېسەم، يېزا رەھبەرلىرى خەت بەرمەيۋاتىدۇ. مۇشۇ ئىلتىماسنى بىر تەستىقلىۋەتسىلە، بېشىم ئاسمانغا يېتەتتى» دەپتۇ. كۈلكە كۆتۈرۈلۈپتۇ. لېكىن بوۋاينىڭ پوزىتسىيىسى يەنىلا جىددىي ئىكەن. رەھبەر بۇنداق ئىلتىماسقا تەستىق سالالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. بوۋاي: « سىلىنىڭمۇ پىستان چىقىپ قالىدىغانلىقلىرىنى ئويلىماپتىكەنمەن، باشتا ئاۋازلىرى خېلى چىڭ ئىدى...» دەپتۇ. يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلۈپتۇ. كۈلكە- چاقچاق بىلەن ئۇزىتىلغان رەھبەر ئۈرۈمچىگە قايتقاندىن كېيىن ئىمىن ھاجىمغا بىر تالاي سوۋغات ئەۋەتىپ بېرىپتۇ.

ئادەم ياشانغاندا ياشلىق چاغلىرىنى كۆپ ئەسلەيدىغان بوپقالىدۇ. شۇ ۋەجىدىنمىكىن، ئىمىن ھاجىم ياش چاغلىرىدىكى «ئويۇن»لىرىنى كۆپ تىلغا ئالىدىكەن. ئوغۇللىرىنى «ئويناشنى بىلمەيدۇ» دەپ ئەيىبلەپمۇ قويىدىكەن. يېقىندا ئامىنىخان ھاجىمنىڭ ئالتۇن زىرىلىك قۇلاقلىرىغا چىششىلىك- پىششىلىك گەپلەر ئاڭلىنىپ قالدىمۇ، ئۇ ئېرى ئۈستىدىن قېيناتىسىغا شىكايەت قىپتۇ. «شەھەرگە تولا بېرىۋالىدىغان بوپقالدىيەي»، «شەھەرگە بارسا ۋاقتىدا قايتمايدىغان بوپقالدىيەي...» دېگەندەك گەپلەرنى قىپتۇ. ئىمىن ھاجىم نېمە دەپتۇ دېمەمسىز؟ «قىزىم، ئوغۇلبالا دېگەن كەپتەرگە ئوخشايدۇ، خالىغان يەرلەردە دانلاپمۇ قويىدۇ. ‹كەپتەردە ئىككى قانات بىر قۇيرۇق، كىم تۇتۇۋالسا شۇنىڭغا بۇيرۇق› دېگەن گەپمۇ بار. كېرەممۇ بىر كەپتەر، قۇمىڭىزدىكى چاغدا ‹مېنىڭ› دەڭ، ئۇچۇپ چىقىپ كەتكەندىكى ئىشلارنى ئارتۇق سۈرۈشتۈرمەڭ. مېنىڭچە، ئۇ يامان بالا ئەمەس. ئۇچۇپ، ئۇچۇپ قانغاندا يەنە قۇمىڭىزغا قايتىپ كېلىدۇ...» دەپتۇ. ئوغلىغا نەسىھەت قىلماق تۈگۈل قانات يېيىۋاتقان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئامىنىخان ھاجىم بىر قانچە كۈن يىغلاپ يۈرگەنمىش ۋە ئاستا- ئاستا پەسكويىغا چۈشكەنمىش...

باينىڭ ئاتىسى توغرىسىدىكى پاراڭلارنى ئاڭلاپ، يېزىلىرىمىزدىكى ئىشچان، مەردانە، ئاق كۆڭۈل، خۇشچاقچاق بوۋايلار كۆز ئالدىمىزغا كەلدى. ئەپسۇسكى، ئىمىن ھاجىم بىلەن دىدارى مۇلاقەت بولالمىدۇق. بۈگۈن سەيشەنبە بولغاچقا، ئىمىن ھاجىم ‹باغچى بازار›غا كېتىپ قاپتۇ. ئاشۇ يەردە قاسساپلىق قىلىپ، گۆش ساتىدىكەن. يۈز ياشتىن ئاشقاندا بازارمۇ بازار يۈرۈپ قاسساپلىق قىلىشۇنۇ، ئوغۇل قاراشمىدىغاندۇ؟ ئېسىمگە ئون يىل ئىلگىرى باينىڭ چوڭ ئاكىسى بەرگەن جاۋاب كەلدى: «قېينچىلىقتا قالساق ياردەملىشىشى مۇمكىن، ئەمما ھازىرچە ھەممىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە يەتكۈدەك بار.» گەپ قارىششى- قاراشماسلىقتا ئەمەس، تىرىشچانلىقتا ئىدى. يېزىلاردىكى ئاشۇ بوۋايلار نېمىشقىدۇر مىدىراپلا يۈرەتتى. «تىنىم تاپماس» دېگەن سۈپەت شۇلارغا لايىق كېلەتتى. بەلكىم بۇ ئاشۇ بوۋايلارنىڭ ساغلاملىقىنى ساقلاشتىكى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىدىكى بىردىنبىر ئەڭگۈشتىرى بولۇشى مۇمكىن. «ھاياتلىق— ھەرىكەتتە» ئەمەسمۇ.

## 6. ئۇنتۇلغان زەردار

كېرەم باينىڭ ھوزۇرىدا كەچ پېشىن بەلكى باش دېگەرگىچە ئولتۇرۇپ قالدۇق. ئۇچىمە ۋە غورا سېلىپ ئەتكەن ئۇماچقا

ئىشتىھا ئېپادىلىگەن بولساقمۇ، تونۇر كاۋىپىغا كەم قول ئۇزاتتۇق. ئۇجمە سەيلىسى دېگەن شۇنچىلىك نېمە ئىدى. قارزۇلىناتتىيۇ، لېكىن تېزلا تويۇنۇش مەلۇم بولاتتى. كېرەم باينىڭ پۇل تېپىشلىرىدىمۇ شۇنداق بولغانمىدۇ؟

پاراڭ سېغىنغان باينىڭ پاراڭلىرىدا پۇل تېپىش يوللىرى زادىلا تىلغا ئېلىنمىدى. پەقەت كوچىلاپ سوراشتۇرغىنىمىزدىلا ئانچە- مۇنچە تىلغا ئېلىپ قويدى. ئۇ ھېلىمۇ تېرىقچىلىق، جىرىم- كۆچەتچىلىك، باقمىچىلىق، ترانسپورت، تاختايچىلىق ۋە بەزىدە ھۆددىگەرلىك دېگەندەك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ. يىللىق ئوبوروت مىليون يۈەندىن ئاشىدىكەن. «كىرىم بارۇ، پايدا ئاز،— دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ،— تاپقان پايدىنى ۋاقتىدا خەجلەپ تۇردۇق.» ئەمما نېمىگە خەجلىگەنلىكىنى ئېيتمىدى. ئۇنىڭ پۇل تېپىشقا بولغان قىزغىنلىقى كۆپ سۇسلاپ كەتكەندەك، پۇل ئىگىسى يېڭى پۇللارنى ئەمەس، پەقەت پۇل پۇلنى تېپىۋاتقاندەكلا كۆرۈنەتتى. كۆپ ھالدا شۇنداق بولاتتى. نامرات چاغدىكى قىزغىنلىق زەردارغا ئايلانغاندا سۇسلاپ قالاتتى. بۇ چاغدا پۇل پۇلنى تېپىشقا كىرىشەتتى. بۇ، تەكلىماكاندىكى ئاقما قۇملارنىڭ بارخان ھاسىل قىلىشىدەك ئىش ئىدى. كىچىككىنە دۆڭ ھاسىل بولىدىمۇ، كېيىن ئۇچۇپ كەلگەن قۇملار ئاشۇ دۆڭگە قونۇۋېرىپ، ئۇنى زورايتىپ بارخان پەيدا قىلاتتى. كېرەم باينىڭ ھازىرقى پۇل تېپىشلىرى ئەنە شۇ ھالەتكە قەدەم قويغانىدى.

1994- يىلدىن كېيىن، يەنى كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە ئۇنىڭ نام- شەرىپىنى گېزىت- ژۇرنال بەتلىرىدىن كۆرمىگەنلىكىمىز، رادىئو دولقۇنلىرىدىن ئاڭلىمىغانلىقىمىز ئەسكە چۈشتى. ئۇنىڭ دىدارى تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدىمۇ كۆرۈنمىگەنىدى. پاراڭ ئارىسىدا مەلۇم بولدىكى، ئۇ كېيىنكى يىللاردا خالىسانە پۇل چىقىرىپ يېڭى مەكتەپ، يېڭى دوختۇرخانا سالماپتۇ. يېڭى يول، يېڭى كۆۋرۈكمۇ ياسىماپتۇ. يۇقاقۇندا بۇ نەرسىلەر تەخ تۇرسا يەنە نەگە سالىدۇ؟ بەلكىم يۇقاقۇن مەسچىتىنى يېڭىلاپ سالغاندۇ، لېكىن بۇ ئىش ئۇنىڭ نام- شەرىپىنى شەرەپ مۇنبىرىگە چىقىرالمايتتى. شۇنداق قىلىپ، 1986- يىلدىن باشلاپ داڭ كۆتۈرۈشكە باشلىغان زەردار كېيىنكى چاغلاردا ئۇنتۇلۇشقا باشلىغانىدى. دۇنيانى توختىماي كېزىپ يۈرىدىغان ھېلىقى شان- شەرەپ دېگەن نېمىمۇ ئەمدى ئۇنى تاشلاپ كەتكەنىدى. شان- شەرەپ تاشلاپ كەتكەن بىلەن پۇل تاشلاپ كەتمىگەندەك قىلاتتى. ئەجەبلىنىدىغان ئىش، ئاشۇ يىللىرى شان- شەرەپ چىللاپ كېلەلىگەن پۇل ئەمدى ئۇ ئىقتىدارىنى نېمىشقا يوقاتتى؟ جاۋاب- سەۋەب كۆپ ئىدى. بايلار ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك كۆپىيىپ كەتتى. مەكتەپ، دوختۇرخانا، كۆۋرۈك سالدىغانلار ئارقىمۇ ئارقا ئوتتۇرىغا چىقتى. قاراقاشتا قاسىم ئىمىن، روزىباقى تۇرسۇن، ئابلىكىم كامالىلار، خوتەن شەھىرىدە ئابلىم ھاجى، لوپ ناھىيىسىدە ساۋۇر ھاجى، خوتەن ناھىيىسىدە غولجىدىن كەلگەن ساۋۇت يۈسۈپلەر مەكتەپ سېلىپ شان- شەرەپ قۇچقاندىن كېيىن، مەكتەپ سېلىش چوڭ، داڭلىق شىركەتلەرنىڭ (مەسىلەن: «ئارمان»دەك) خالىسانە پائالىيىتىگە ئايلىنىشقا باشلىدى. ئەڭ مۇھىمى، دۆلەت خەزىنىسى تولۇپ، مەكتەپ سېلىش ئىشىنى ئەمدى شەخسلەرگە ئىتتىرىپ قويمايدىغان بولدى. شەخسلەرنىڭ مەكتەپ سېلىپ بېرىشىگە چوڭ ئېھتىياجمۇ قالمىدى... مۇشۇلار كېرەم باينىڭ پۇللىرىنىڭ شەرەپ باشلاپ كېلەلمىگەنلىكىگە سەۋەب بولالامدۇ؟ ناتايىن. ئېنىقكى، بۇ يەردە ئاشۇ شەرەپ دېگەن نېمىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى رول ئويناۋاتاتتى. ئۇ كىمنىڭ يېنىدا مەڭگۈلۈك توختاپ باققان؟ شەرەپ دېگەن كېتىدۇ، دۇنيا، ياخشىلىق ۋە ياخشى نام قالىدۇ. شۇنداقكەن، ئاشۇ ئۆتكۈنچى نەرسىنىڭ تاشلاپ كېتىشىدىن ئاغرىنغۇلۇقمۇ؟ بۇ، كېرەم باينىڭ شەرەپسىز قالغان كېيىنكى كۈنلەردىمۇ روھسىزلىنىپ كەتمىگەنلىكىدىكى سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. تېخىمۇ مۇھىمى، كىمنىڭ قايسى ھالەتنى شەرەپ دەپ بىلىشىدە، كىمنىڭ قايسى ئىشنى ياخشى دەپ قارىشىدا. بەلكىم كېرەم باي ئاشۇ چاۋاك- ئالقىشلىق مۇنبەرلەردىن كۆرە تىنچ، داغدۇغىسىز كۈنلەرنى ياقتۇرىدىغاندۇ. ھازىر پۇل خەجلەۋاتقان ئىشلارنى شەرەپ بىلىدىغاندۇ. نېمە دەيمىز؟ «ھەر كىمنىڭ گۈلى باشقا»...

تۆت ئاغىنە— چاھار يارنىڭ يۇقاقۇندىكى ئۇجمە سەيلىسى ئاخىرلىشىپ قالغانىدى. باي پىكاپ بىلەن شەھەرگە ئەكىرىپ قويىمەن، دەپ تۇرۇۋالدى. «ئاپتوبۇستا كېتىمىز، سەيشەنبە بازاردا سودىلىقىمىز بار ئىدى» دەپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتىلغان بولسىمۇ، ئۇنىمىدى. قارىغاندا، ئۇ مېھماندوستلۇقنى ۋايىغا يەتكۈزمەكچىدەك قىلاتتى. ئۇلار ئاخىرى باي ھەيدىگەن پىكاپقا ئولتۇرۇپ سەيشەنبە بازارغا كەلدى. دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ سودىلىقى بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئاشۇ قايناق، مىغ- مىغ ئادەملىك بازاردا باي بىلەن خوشلىشىۋالدى. خوش كېرەم باي، قايتا كۆرۈشكىچە ئاللاغا ئامانەت...

ئۇجمە سەيلىسى ۋە كېرەم باي توغرىسىدىكى پاراڭلار ئاساسەن ئاخىرلىشىپ قالدى. ئەمما بەزى ئىشلارنىمۇ يېزىپ كېتىش كېرەك. ئۇجمە سەيلىسى قىلغۇچىلار تېخى ئۆيلىرىگە قايتىپ بارمىغان تۇرسا، شۇ كۈنكى ۋەقەلەر قانداقسىگە ئاخىرلاشقان بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ راستىنلا سەيشەنبە بازاردا سودىلىقى بار ئىدى. مۇشۇ يازمىنىڭ ئاپتورى نۇرمۇھەممەت توختى ئاغىنىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا بازارنىڭ تولىمۇ تۆرىدىكى توخۇ بازىرىغا بېرىپ، توخۇ- مۈج قورۇمىسىغا تولىمۇ ئامراق نەۋرىلىرى ئۈچۈن يەرلىك توخۇدىن (ھورمۇنلۇق يەمدە باققان زامانىۋى توخۇ ئەمەس) ئالتىنى سېتىۋالدى. ئۇ ئۇلارنى باغلاپ،

www.uyghurkitap.com

ئاۋۋال ئىچىنى سۇردۇرۇپ، كېيىن سەمرىتىپ ئاندىن توخۇ- مۇچ قورۇمىسى قىلماقچى ئىدى. ئەمما يەرلىك توخۇنىڭ جېنى ئاجىزلىقىنى كىم ئويلىغان؟ پۇتلىرىنى بىر- بىرىگە چېتىپ باغلاپ، بېشىنى تۆۋەن، پۇتىنى يۇقىرى قىلىپ كۆتۈرۈپ ماڭغان توخۇلاردىن ئىككىسى بازاردىن چىقىپ بولغۇچە، «تەتۈر ئېسىش»قا بەرداشلىق بېرەلمەپتۇ. تەتۈر ئاسقۇچىلار بۇنى سەزگەندە، 50 سوملۇق ئىككى توخۇ ھارام بوپقالغانىدى. ئۇلارنىڭ يىغى ئىگىسى تىتىلداپ كەتتى. توخۇلارنى يېشىپ بولغىچە يەنە بىرسى جان تەسلىم قىلدى. ئىش قاملاشمايۋاتاتتى. ھۆرمەتلىك يازغۇچى مەتقاسىم ئابدۇراخمان دەرھال پىچىقىنى چىقىرىپ، جان تالىشىۋاتقانلارنىڭ گېلىغا تىغ سۇردى. بۇ ئەڭ دانا تەدبىر ئىدى. ھەممىسىنىڭ ھارام بولۇشىغا قاراپ تۇرسا، توخۇ سېتىۋالغۇچىنىڭ زىيىنى ئاۋۇپ كەتمەمدۇ؟ بوغۇزلانغۇچىلاردىن ئاققان قىپقىزىل قاننىڭ بازارچىلارنىڭ ئايىغىدا دەسسىلىپ قالغانلىقىنى، ئۇلارنى يەنە تەتۈر ئېسىپ ماڭغاندا، بازاردىن چىقىپ بولغۇچە يولبويى قان تېمىپ تۇرغانلىقىنى بايان قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمما توخۇ سېتىۋالغۇچى ئۈچۈن بۈگۈننىڭ ئازراق قاملاشمىغان كۈن بولغانلىقىنى دېمەي بولمايدۇ. ئەتىگەن دولىسىغا قوچقاچ مايىقلىسا، ئەمدى توخۇلىرى ھارام بولسا، قانداق كۈن بولدى ئەمدى بۇ؟ ئەمما بەكلا ئۆكۈنۈپ كەتمەسلىك كېرەك. بۇمۇ ئالدىنقى بىر يىلدا كېرەم باينىڭ ئايىۋىنى ئۆرۈلۈپ كېتىپ كەپتەرخانىسىنى بېسىۋالغاندەك، كەپتەرلىرىدىن بىر تالىيى ھارام بولغاندەكلا ئىش. ئۆي ئۆرۈلۈشتەك چوڭ زىيانغا كېرەم باي بەرداشلىق بېرەلىگەن يەردە، توخۇ ئۆلۈشتەك كىچىك زىيانغا نۇرمۇھەممەت توختى بەرداشلىق بېرەلمەسمۇ؟ ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئايىۋان ئورنىغا كېرەم باي تېخىمۇ چىرايلىق ئۆي سالدۇرىدۇ. ئۆلۈپ كەتكەن توخۇلار ئۆزلىرىنى قۇربانلىق ئەيلەپ، نۇرمۇھەممەت توختىنى تېخىمۇ چوڭ كېلىشمەسلىكتىن ساقلاپ قالغان بولسا، كىم بۇنىڭغا ھۆتۈت- پۆتۈت دېيەلىسۇن؟ ئالەمنىڭ ئىشلىرى ئاشۇنداق مۇرەككەپ. يۈز بەرگۈسى ئىشلارنى ئەلۋەتتە بەندىنىڭ ئالدىن بىلمىكى تەس.

يازما ئاخىرلاشتى، ئاققىمۇ كۆچۈرۈلۈپ بولاي دەپ قالدى. كېرەم باي توغرىسىدىكى گەپلەرگە كەلسەك، ئۇنىڭ پۇل- زەرلىرى ھېلىھەم توختاۋسىز ئاۋۇۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئاپتور ئۈچ يىل ئىلگىرىكى مۇشۇ خاتىرىسىنى ئاققا كۆچۈرۈۋاتقان كۈنلەردە، يەنى 2007- يىلى 4- ئاپرېلدا كېرەم باينىڭ جىيەنى، باينىڭ ئوتتۇرانچى ئاكىسىنىڭ كىچىك ئوغلى بۇلاقچىلارنىڭ قولىدا ياش تۇرۇپ ئەجەل شەربىتى ئىچكەن مەرھۇم مۇھەممەد ئەلىنىڭ دەپنە مۇراسىمى بولدى. ئاپتور بىلەن باي دەپنە مۇراسىمدا كۆرۈشتى. ئۆيدىن مېيت نامىزى چۈشۈرۈلىدىغان مەسچىتكىچە، مەسچىتتىن قەبرىستانلىققىچە، قەبرىستانلىقتىن مېيت چىققان ئۆيگە پاتىھەگە بارغۇچە پەس ئاۋازدا پاراڭلىشىپ ماڭدى. بۇ، يورۇڭقاش دەرياسىدا نەچچە مىڭ تاش- توپا قېزىش ماشىنىسى قاشتېشى كولاۋاتقان، خوتەنلىكلەرنىڭ قاشتېشى سەۋداسى راسا ئەۋجىگە چىققان كۈنلەر ئىدى. باي پاراڭ قىلىپ: «ئىككىنچى ئوغلۇم قاشتېشى قازىمەن دەپ تۇرۇۋېلىپ، بىر دانە قېزىش ماشىنىسى ئېپپەرگەندىم. بىر يېرىم ئاي ئىچىدە ئىككى يېرىم مىليونلۇق قاشتېشى ساتتى. بالىلارغىمۇ خۇدايىم بەردى...» دەپ سۆزلەپ بەردى. باينىڭ بايلىقلىرى توختاۋسىز ئاۋۇۋاتقاندەك قىلىدۇ، دېيىشىمىزنىڭ ئاساسى شۇ. «سۇ سايغا ئاقىدۇ، پۇل بايغا» دېگەنمۇ شۇ. ئەمما بۇ مۇشۇ ئالەمنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيتى ئەمەس. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، پۇل دېگەن چۇقۇم تىرىشچانلار ۋە پۇرسەتنى تۇتالايدىغانلار تەرەپكە ئاقىدۇ. ھېلىقى ماقالنى بەكلا زىغىرلاپ كېتىپ، ھەرگىزمۇ باشقىلارنى ئۇمىدسىزلەندۈرۈپ قويماسلىق كېرەك.

2007- يىل 10- ئاپرېل، شەھىرى خوتەن

---

ئاپتور: يازغۇچى، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ پېنسىيونېرى (M1)

«شنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى، ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەت بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ ۋە پارچە تارقىتىلىدۇ. كىتاب- ژۇرنال تىجارەتچىلىرى ۋە ژۇرنىلىمىزغا پوچتىدىن مۇشتەرى بولالمىغان ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.
كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر «غالىبىيەت» يولى 100- نومۇر، ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 - 0991، ئالاقىلاشقۇچى: نۇرشاد ھاكىم



# سەھرا بازىرىدىكى ھېكايە

(ھېكايە)

**ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى**

بۇ سەھرا بازىرى ئاۋۋالقىدەكلا قايناق. 4 ـ ئاينىڭ باشلىرى تېرىقچىلىقنىڭ ئەڭ ئالدىراش مەزگىللىرى بولۇشىغا قارىماي، يېزىدىكى جىمى ئادەم ئائىلىسى بويىچە بازارغا كۆچۈپ كەلگەندەكلا. ئۇزۇن ـ تۇغرا بازار كوچىسىدا ئۇششاق ـ چوڭ، قېرى ـ ياش بازارچىلار بىلەن مىغىلدايتتى. دۆلەت يولىنى بويلاپ قاتار تۇرۇپ كەتكەن ھۆپىگەر ـ سېتىقچىلار تولا ۋارقىراپ كۆزلىرى چەڭقىلىپ، كۆز جىيەكلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكى، ئۈنلىرى پۈتۈپ خىرقىراپ قالغانلىقى، بويۇن تومۇرلىرىنىڭ ئېسىلىپ كۆپۈپ كەتكەنلىكىگە قارىماي بىر قولىدا مېلىنى پۇلاڭلىتىپ، يەنە بىر قولىدا ئالدىراش كېتىۋاتقانلارنىڭ جەينەك ـ بىلەكلىرىدىن تۇتۇپ قويۇپ بەرمەي خېرىدار بولۇشقا چاقىراتتى. قوللىرىدىكى كىچىك ئاۋاز ياڭراتقۇلار قۇلاقلارنى زىڭىلدىتاتتى. ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ دەستىدىن بىر ـ بىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالماي ۋارقىرىشىۋاتقان بازارچىلار خۇددى ھەممە ئادەم بىر نېمە تالىشىپ جېدەل قىلىشىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

بازارنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان مال بازىرى تېخىمۇ قىزىپ كەتكەنىدى. قوي ـ ئۆچكىلەرنىڭ مەرەشلىرى، ئۇي ـ كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى، ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەن قىغ توزانلىرى قوشۇلۇپ بازارنى بىر ئالغانىدى. بازارچىلار يەڭلىرى بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىنى توسۇۋېلىشقان بولسىمۇ يەنىلا قاش ـ كىرپىكى، بۇرۇن تۆشۈكلىرى تېزەك توزانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئاقۇش بوز رەڭدە چاڭ باسقان. بىرلىرى پۇلنى تۇتاملاپ تەڭلەپ سېتىشقا زورلىسا، بىرلىرى نېزىقاپ ئارقىغا

سەھرا سۈرەتلىرى

داجىيتتى. بىرلىرى ئالقانلىرىغا تۆكۈرۈپ «نان تەگسۇن»دەپ يەرنى شاپىلاقلىسا،«پولا يېگەن قولاڭنى ئېككە»دەپ جەينەك ـ بېغىشلىرى ئۈزۈلۈپ چۈشكىدەك قول قېقىشاتتى.

مال بازىرىنىڭ بۇ چېتىدىكى ئېشەكلەر غاجىلاپ قۇرۇتۇپ قويغان توپ تېرەكلىكتە چەمبەر ھاسىل قىلغان ئادەملەر توپى مەشغۇلداپتتى. توپنىڭ ئوتتۇرىسىدا باشمالتاق بارماقچىلىك تومۇقتىكى لوم تۆمۈرنى كۆتۈرۈۋالغان 25 ـ 30ياشلاردىكى بۇغداي ئۆڭ، ئېگىز بويلۇق يىگىت قولىدىكى لومنى ئادەملەر توپىغا كۆرسىتىپ، ۋارقىراپ سۆزلەيتتى:

ــ بۇ تۆمۈرنى كۆرەشتىلىما؟ ئاراڭلاردىن قېنى چىم بۇ تۆمۈرنى خالىغان ئۇسۇلدا ئېگىپ قاتلىيالايدا؟

تۇرغانلار يىگىتنىڭ سۆزلىرىگە قىزىقسىنىپ تۇراتتى. يىگىت ئۇدۇل كەلگەن بىر كىشىگە تۆمۈرنى ئۇزاتتى.

ــ ئاكا، تۆمۈرنى ئېگىپ باقسىلا.

ھېلىقى كىشى تۆمۈرنى قولىغا ئېلىپ مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ تىزىغا تىرىدى ـ دە، ئىككى ئۇچىنى ئوتتۇن سۇندۇرغان پەددىدە تارتتى. بىر يېرىم مېتىرچە كېلىدىغان لوم تۆمۈر ئۇ كىشىنىڭ قولىدا مىت قىلماي شۇ پېتى تۇرىۋەردى. يىگىت تۆمۈرنى قولىغا ئېلىپ توپقا قاراپ ۋارقىرىدى:

ــ خالايىق، ئاراڭلاردىن يەنە سىناپ باقىدىغان ئەزىمەت باما؟

بەزىلەر بېشىنى چايقاشتى. بەزىلەر مەنستىمەسلىك نەزىرىدە يىگىتكە تىكىلگەندى. يىگىت تۆمۈرنى پۇلاڭلىتىپ چەمبەر ئىچىدە ئايلانغاچ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ بابا بىز ئاكىمىز ئۆيدىكى قوشناچىمىغا ئوتان سۇندۇراپ بەگەندەك تىزىغا قويۇپ قىژىلىپ كەتتى. مەن ھازىر تىزىمغا تاقىماستىن ئوقۇرەك سۆڭىكىمگە بىر ئۇچىنى تىرەپ بۇ لوم تۆمۈرنى قاتلاپ بېرىمەن!

توپ ئىچىدىن قاپاقتىكى ھەرىدەك غوڭۇلدىغان ئاۋازلار چىقتى. ھەركىم ھەرقىسما ئوي ـ قارىشىنى ئېيتىشاتتى:

ــ ئاتە پونى! خىق تىزىغا قوياپ ئېگەممىگەن لومنى ئوقۇرىكىدە ئېگەما؟

ــ شوينىدەك ئۇزۇن نېمىكەن، لومنى ئېگىمەن دەپ ئۆزى ئېگىلىپ كەتمىگىدى!

ــ شۆك تۇرۇڭلا، كۆرەپ باقىلى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە يىگىت قولىدىكى لومنىڭ بىر ئۇچىنى قۇرۇپ قالغان تېرەكنىڭ غولىدىكى تۆشۈككە تىرەپ، يەنە بىر ئۇچىنى ئوقۇرەك سۆڭىكىگە يېقىن ئەكەلدى. قولياغلىقىنى لومنىڭ ئۇچىغا ئاۋايلاپ ئوراپ، ئاندىن مەيدىسىگە چىڭ تاقىدى.

كىشىلەر توپى سىناش ۋە قىزىقىش نەزىرى بىلەن يىگىتكە تىكىلگەندى.

يىگىت ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كۆچەپ نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن چىڭقىلىپ تۇرۇپ گۆرەن تومۇرلىرىنى كۆپتۈردى. يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ، چېكىسىدىن پۇرقىراپ تەر قويۇلدى. توپلاشقانلار ئىچىچە ھەيرانلىقتا ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي قارايتتى. يىگىت بىر ۋاقىتتا بىرلا ۋارقىراپ ئالدىغا يۇلقۇنىۋىدى، بولمىدى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىممۇ ئەپلەشمىدى. لېكىن لوم تۆمۈر كۆچلۈك سىلكىندى. تۆتىنچى قېتىم يىگىتنىڭ يەنە بىر نەرە تارتىشى بىلەن كىشىلەر توپىدىن قىقاس ـ سۈرەن چىقىپ كەتتى. لوم تۆمۈر «7»شەكلىدە ئېگىلىپ يەردە ياتاتتى.

يىگىت لوم تۆمۈرنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ، ھاسىرىغىنىچە سۆزىنى داۋام قىلدى:

ــ بۇداقى يېڭى ئويان ئالىقان بىلەن شىشە چېقىش.

يىگىت بىردانە پىۋا بوتۇلكىسىنى ئېلىپ يەردە ياتقۇزۇپ قويدى. ئالىقانلىرىنى قىڭراق شەكلىدە چىڭقالدۇرۇپ كۆج يىغىپ، چىشىنى چىڭ چىشلىگەنچە قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بوتۇلكىنىڭ قاق بېلىگە بىرنى قويدى. بوتۇلكا ئۈچ پارە بولۇپ چېقىلىپ كەتتى. يىگىت ھەيرانلىقتىن قېتىپ قېلىشقان تاماشىچىلارغا پەرۋامۇ قىلماي، ئالدىراپ قولىدىكى ئەينەك تىلىپ قان چىقۋاتقان جايىنى داكا بىلەن ئورىدى. ئاندىن بوتۇلكا سۇنۇقلىرىنى يىغىپ بىر چەتكە تاشلاپ تاماشىچىلارغا يۈزلەندى:

ــ تۇققانلار، دەنشىدە ئىككى قولدا ئۈچ تال كالتەكنى يەگە چۈشەمەي ئوينىغان سېرك ئويۇننى كۆرگەنما؟ ھازىر ئاشۇ ئويانني ئويناپ بېرىمەن. سەل ـ پەل ئارقىغا يېنىپ قوياشسىلا. قولامدىن كالتەك چىكەتسە بىژيەلىرىگە تەككىتىدا.

تاماشىچىلار ئارقىغا بىر ـ ئىككى قەدەم داجىشتى. يىگىت ئۈچ تال كالتەكنى خۇرۇم خۇرجۇنىدىن ئېلىپ، لاتا يۆگەلگەن ئۇچىنى بىر كىچىك كورىدىكى سەلياركىغا چىلاپ ئوت ياقتى. ئاندىن چاققانلىق بىلەن ئۈچ تال ئوت كالتەكنى ئوينىتىشقا باشلىدى. چەبدەس ئىككى قولدا ئۈچ تال ئوت كالتەك تېزلىكتە ئايلىنىپ تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۈچ پارچە ئوت يىگىتنىڭ بەدىنىنى مەركەز قىلىپ ھېلى دۈمبىسىدىن تاشلانسا، ھېلى دولىسىدىن، ھېلى قولتۇقىدىن، ھېلى چاترىقىدىن، ھېلى ئوڭدىن سولغا، ھېلى سولدىن ئوڭغا، ھېلى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە، ھېلى تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ چاققانلىق بىلەن تاشلىنىپ، تاماشىچىلارنىڭ كۆزلىرىنى ئالاچەكمەن قىلاتتى. تاماشىچىلار توپى يىگىتكە سېھىرلەپ قويغاندەك قاراپ قېتىپ قېلىشقانىدى.

ئاندىن يىگىت بىر چاقلىق سېرك ۋېلىسىپىتىنى ئالدىغا

www.uygurkitap.com

تارتتى:

— ھازىر يالغۇز چاقلىق شەيتانچاقتا مىنىپ، بەش تال قالپاقنى يەرگە چۈشەمەي كىيىپ بېرىمەن. بىرسىلىرى خاپىمماي ئۇۋۇ قالپاقنى قولامغا سۇنۇپ بېرىشسىلە.

بىر كىچىك بالا چىقىپ يوغان خورزۇم خورجۇنىنىڭ ئۈستىدە دەستىلەپ قويۇلغان قالپاقلارنى يىگىتكە سۇنۇپ بەردى. يىگىت قالپاقلارنى قولىغا ئېلىۋېلىپ يالغۇز چاقلىق شەيتانچاقنى مىنىپ مەيداننى ئايلىنىشقا باشلىدى. مەيدان دېگەن بىلەن يېپىستلىغان قۇم، بازاردىكى ئاشپەزلەر كۆكتات ئاقلىغاندا چىققان شۆپۈك، كۈل-قات، كىملەردۇر قۇرۇلۇش قىلغان يەردىن ئەكېلىپ تۆكۈپ كەتكەن تاش-توپا، خىش-كېسەكلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەن جاي ئىدى. شەيتانچاقنىڭ چاقى ھېلى قۇمغا، قىغ دۆۋىلىرىگە پاتسا، ھېلى قالايمىقان پۇتلىشىۋاتقان ئۈچ قىرلىق، تۆت قىرلىق خىش پارچىلىرىغا، ئۇششاق تاشلارغا تاقىشىپ قالاتتى. پىدالنى كۈچەپ تېپىۋاتقان يىگىتنىڭ پىشانىسى چىلىق-چىلىق تەرلەپ، كۆڭلىكى ئەت-بەدىنىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى. ئىككى قولدىن تاشلانغان بەش تال قالپاق مۇئەللەقتە سېھىرلىك ئايلىناتتى. يىگىتنىڭ قولى شۇنچىلىك چېۋەر-چاققان ئىدىكى، بەش تال قالپاقتىن بىرسىمۇ يەرگە چۈشۈپ كەتمىدى. شەيتانچاقنىڭ چاقى تاشلارغا قادىلىپ تەڭپۇڭلۇقى يوقالغان چاغدىلا قالپاق بېشىغا ئانچە-مۇنچە سىڭاريان كىيىلىپ قالاتتى. بولمىسا، تېلېۋىزوردا چىقىدىغان كەڭرى، ئازادە، سىلىق-تۈپتۈز مەيداندا ئويۇن كۆرسەتكەن سېركچىلارنى بېسىپ چۈشكىدەك تالانتى بارلىقى نامايان بولۇپ تۇراتتى. ئالاھازەل يېرىم سائەتلەرچە ئويۇن كۆرسەتكەندىن كېيىن يىگىت شەيتانچاقتىن چۈشۈپ، قالپاقلارنى نەرسە-كېرەكلىرى ئۈستىگە تاشلىدى. لۆڭگە بىلەن يۈز-كۆز، بويۇن-بېشىدىكى چۆپ-چۆپ تەرنى سۈرتۈۋېلىپ ئاندىن تاماشىچىلارغا قاراپ ئىلتىجا قىلدى:

— ھۆرمەتلىك جامائەت، كۆڭۈللىرىگە مەنزۇر بولالمىغان ئاددىي ئويانلا بىلەن ھەقاسىلىرىنى مالال قىپقويغان بوسام خاپىلاشمىسىلا. جامائەت ئالدىدا ئۆزىنى بىلمەي توغرا ئۆتكەن بۇ يىتىمەك چىم بولغىيدى دەپ قېلىشمىسىلا. كەممىنىلىرى قەشقەر سەمەنلىك ھامۇت جانباز دېگەن كىشىنىڭ پۇشتىمەن. رەھمەتلىك ئاتام داڭقى يىراق-يېقىنغا تارىغان چىلىشچى ۋە جانباز كىشى ئىدى. مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا ئاغرىق-سىلاق، مېھنەت-ماشاقەت تارتمايلا ئۆلەپ كەتتى. ئانام بىچارىنى قىژناپ قويماسلىق ئۈچۈن ئوقۇيالماپتىكەنمەن. چوڭ ئىشلىنى تەۋرىتەممىدۇق، ئاتا ۋارىسى بولۇپ، جامائەتنىڭ كۆڭلىنى ئانچە-مۇنچە ئېچىپ كېۋاتىمەن. بايىقى ئويانلىرىم نەزەلىرىگە سىغىپ قالغان بولسا ئىنىلىرىنىڭ ئورنىدا ئاز-تولا ياردەم قىلىشقايلا. تۆل ئانامنىڭ ئالدىدا پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلغايمەن.

سۆزلەۋېتىپ يىگىتنىڭ ئاۋازى تىترىدى. كۆز جىيەكلىرى نەملەشتى. كوچىلاردىكى تىلەمچىلەردەك قول كۆتۈرۈپ دۇئامۇ قىلمىدى. ياراتقان تەڭرىنى شېپى كەلتۈرۈپ كىشىلەرنىمۇ قورقۇتمىدى. سۆزىنى تۈگىتىپ ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويدى. قويدىيۇ، ئەتراپقا قاراپ ھاڭ-تاڭ قالدى. تېخى باياتىنىلا ئۇلاغ بازىرىدا ئىشەك، قوي، ئۆچكىدىن كۆپرەك ئولاشقان ئادەملەر بىردەمدىلا تارقىشىپ ئاز قالغانىدى. يىگىت ئوڭايسىزلىق ئىلكىدە دەققە ئۈنچىقماي تۇرۇپ قالدى.

— جامائەت، خەقلەر ئۆزىنىڭ بىرەر-يېرىم تىنھەرىكەتچىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت-غەلبىسى ئۈچۈن ئايروپىلانلارغا ئولتۇرۇپ قىشە ئاتلاپ، نە-نەلەرگە بېرىپ پۇلغا بېلەت ئېلىپ ئويان كۆرىدىكەن. بايىقى ئەرزىمەس ھەرىكەتلىرىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ھېچبولمىسا رەھمەتمۇ دېيىشمەملا؟

تارقىماي تۇرغانلارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىشكەنىدى. تارقاۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدىن پىخىلدىغان، خىرىلدىغان، كۇسۇلدىغان، غىژىلدىغان، مەقسەتسىز يۆتەلگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

يىگىت ئاندا-ساندا كېلىپ بىر يۈەن، بەش مو، ئىككى مودىن پارچە-پۇرات پۇل تاشلاۋاتقانلارغا رەھمەت ئېيتقاچ نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى. خەقلەرنىڭ نەزەر-ئېتىبارىغا ئېرىشەلمىگىنى ئۈچۈن بولسا كېرەك، چىرايى تاتىرىپ، ئوساللىشىپ كەتكەنىدى.

بۇياقتا تارقاپ كېتىۋاتقان كىشىلەر ھەدەپ غوتۇلداپ، ئۆزلىرىچە بىرنېمىلەرنى مۇلاھىزە قىلىشىۋاتاتتى:

— بىز بەلەن ئويان كۆسەتكىلى تۇرۇپتىكەن، نېمەدەيدىكىن دەپتىمەن تېخى.

— پۇلنىڭ جېدىلىكەن ئەمەسما.

— تۆل ئانامنى باقىمەن دەپقويغىنىنى...

— تۆل ئانىسىنى باقامدا، يا ئۇۋۇ قىزىل چاچلىق ئانىسىنى باقامدا، چىم بىلىدا؟

— ھا-ھا-ھا...

— ئاشۇنداغ دەپ ئىدەم ئالدايدىغان ئالدامچىمۇ تېخى.

— شۇ. بۇنداق گۈيلىغا پۇل بەرسە ساۋابى يوق.

— راس، يىتتە ئەزاسى بېجىرىم تۇسا.

— پۇل دېگەننى ئاجىز-ئورۇق، غېرىپ-مىسكىنلەرگە بەسە ساۋاب تاپىدا.

— بۇ گۆي بىز بەگەن پۇلغا ئانىسىنى باقسىغۇ باقتى.

ناشايان بازادا ئاشنا ئويىنسا گۇناغا شرىك بولاپ قالىمىز.

ــ تاس قاپتىمە، مەنمۇ گۇناغا شرىك بوغلى.

ــ ھەي باللا، چىم بىلمدا تىخى، ئۇ گۇي بىزنى ئويانغا گول قىپ ئولاشتۇرۇپ قوياپ، شىرىكلىرى يانچۇقلىرىمىزنى سوقاپ كەتتىمۇ؟

ــ قايلاپ باقلى جۇما، بۇمۇ باگەپ.

كىشلەر بىردىنلا جىددىيلىشىپ ئىشتان ـ چاپانلىرىنىڭ يانچۇقلىرىنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈشكە باشلىدى. لېكىن تېزلا كۆڭۈللىرى ئارامىغا چۈشتى.

ــ خۇداغا شۈكرى. يانچۇقلا چىڭلىق.

ــ يامان نىيىتى ئىشقا ئاشمىدى ئۇ لەڭ ـ لەڭ ئاداشنىڭ.

شۇ ئارىدا يېرىم خالتا كۈنجۈرىنى ئۆشنىسىگە سېلىپ كېتىۋاتقان بىر ياش بالا تونۇشنى كۆرۈپ توختىدى:

ــ ماگەماسىلە ئىشتىڭ؟

ــ نەگە؟

ــ ئويان كۆگىلى.

ــ ئەمدى كۆدۈق ئۇ لەڭ ـ لەڭ ئاداشنىڭ ئويۇننى. يانا قايسى ئويان؟

ــ چوڭ يولنىڭ بويىدا ئەرتىسلەر ئويان قوياۋېتىپتۇ. بىزنىڭ نايىدىن چىققان داڭلىق ناخشىچىمۇ بامىش.

ــ ئۇخ!

ئۇلار ئالدىراش قەدەم ئېلىپ ئۇلاغ بازىرىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىشتى.

ــ ئۇلامۇ ئويانىنى تۈگىتىپلا پۇل دەممۇ يا ئاداش؟

ــ بېرىپ كۆرەپ باقىمىز. دەپ قالسا غىپلا...

ــ ھى ـ ھى ـ ھى... ماقا،كەتتۇق.

دېگەندەك، دۆلەت يولىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى بىر چوڭ بوش سەينادا ئادەملەر دېڭىزدەك چايقىلاتتى. ۋاقىتلىق راسلانغان ئاددىي سەھنىدىكى يوغان ياڭراتقۇلار بازاردىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى بېسىپ كەتكەنىدى. مىغ ـ مىغ ئادەم تاپانلىرىنى كۆتۈرۈپ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ، كۈن چاققان كۆزلىرىنى قىسىپ، ئېغىزلىرىنى يېرىم ئېچىشقانچە سەھنىدىكى تونۇش چىرايلارغا قىزىقىپ قارىشاتتى. ناخشىچىلارنى كۆرسىتىپ: «ئۇۋۇ پالانى، ماۋۇ پۇستانى»دەپ تونۇپ كۆرەتتى. تېلېۋىزوردا كۆرۈپ تونۇش بوپكەتكەن ئارتىسلارنى ئۆز يۇرتىدا، توپىلىق سەھرا بازىرىدا كۆرەلىگەنلىكىدىن خۇشھال بولۇشاتتى، سۆيۈنۈشەتتى.

سەھرا بازىرىدىكى بۇ ئويۇننى قايسىدۇر بىر دېھقانچىلىق ئەشيالار شىركىتى ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، ئۆز مەھسۇلاتلىرىغا ئوبراز ۋەكىلى بولغان ئارتىسلارنى دېھقانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش، مەھسۇلاتلىرىنى تېخىمۇ تونۇتۇش ئۈچۈن ئويۇنغا مۇشۇ يەرلىك دېھقانلار بىلەن بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى تەڭ ئىچىپ چوڭ بولغان بىر داڭلىق ناخشىچىنىمۇ ئالاھىدە تەكلىپ قىلغانىكەن. ئويۇن كۆرۈۋاتقانلار ئۇنىنى يەنە ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە زورلاپ سەھنىدىن چۈشۈرمىدى. ئارىدىن بىر دېھقان سەھنىگە يۈگۈرۈپ چىقىپ بېشىدىكى تۇمىقىنى ناخشىچىنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ قويۇپ يېنىپ چۈشۈۋېدى، توپ ئىچىدىن گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىدى. ناخشىچى بۇ چاقچاقچى دېھقانغا ھۆرمەت بىلەن سالام قىلىپ يەنە بىر قانچە ناخشا ئېيتتى.

ھەربىر ناخشا تۈگەپ، يەنە بىر ناخشىچى سەھنىگە چىقىش ئارىلىقىدا دېھقان تاماشىچىلارغا مەھسۇلات تونۇشتۇرۇلدى ۋە مەزكۇر مەھسۇلات ھەققىدە ئەركىن زېھىن سىنالدى. ئۇدا، تېز ۋە توغرا جاۋاب بېرەلىگەن بىر قانچە دېھقانغا بىر خالتىدىن خىمىيۋى ئوغۇت مۇكاپات قىلىپ بېرىلىپ ئويۇن تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى.

بۇ كۈنكى بازار دېھقان خەقلەر ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز بازار بولدى. مەھەللە ـ كوي، ئۆزۈن ـ توغرا كوچىلاردا مۇشۇ ئىشلار قىزىق تېما بولغانىدى:

ــ دەنشىدە كۆگەندىنمۇ بەك پەيزى ئوقدى.

ــ ئويان باشلانماستا سامسا بازىرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتەپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەنتىم. يۇرتلۇقىمىز بوغاندىكىن ، ھەم دەنشىدە كۆرگەندىكىن بەكلا كۆرەشكىم كەلدى.

ــ قانداق قىلدىڭ ئاندىن؟

ــ ئىلىك ئامىسا ئوسال بولامەنمىكىن دەپ تاتىنىپ قالدىم.

ــ ماگەۋاي، ئۇ ناخشىچى بەك كىچىك پېل، ئوڭلۇق يىتىمكەن. ئۇۋۇ قىغىز مەلىسىدىكى ئەمەت ئەخمەت سەھنىگە چىقىپ تۇمىقىنى كەيدۈرۈپ قويسا يەنە نەچچىنى ئوقۇۋەتتى ئۇ كىسپۇرۇش.

ــ ھە ئە، پەقەت ھالى يوق تۈزۈك ئىدەمكەن.

ــ بىزنىڭ ژۇتتىن شۇنچىلىك ئىدەم چىقتى زادى.

ــ ھېلىقى خانىم قىز باللا بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ سوراپلا نەچچە قاپ ئوغۇت تاقىتىۋەتتى ـ يا؟

ــ ئۇ دېگەن زېھىن سىناش، كالۋا! ئىنئام ئاغاندەك.

ــ سوئاللىرىغۇ تەسمۇ ئەمەسكەن. بىرمو يەگە نەچچە كىلو يالتىراق كېتىدىكەن؟ ئوغۇتىمىزنىڭ ئازوت مىقدارى قانچە؟ تۇپراققا قانداق بېرىلىدۇ دېگەندەك...

ــ ئەسلىي بىزنىڭ ناخشىچى ئۆز يۇرتۇم دەپ ئاشىنداغ بەگۈزگەن گەپ.

ــ كېلە بازادا يەنە كېلەما؟

— يانا ئىنتام ئالاما؟

— ھەقچان كېلىدۇ جۇما. ئۆزىنىڭ يۇتى ئەمەسما.

— ئەسلى مەنمۇ بىر سوئالغا جاۋاپ بېرىپ باقاي دەپتىم. ئىدەم جىق، قىستاپ ئالدىغا ئۆتەممەي يامان جىلە بولدۇم. بوممىسا مەنمۇ بىرە خالتا ئۇغۇت ئېپقالاتتىم.

— ھېلىقى چىرايلىق خانىمگۈل سوئال سورىسا گېپىگىنى ئۇڭلاپ دېيەممەي كېكەچلىسەڭ ئۇغۇتنىڭ خالتىسىنىمۇ بەمەيدا.

— قېنى كۆرىمىز. كېلە بازا كېپقالسا چوقۇم بىر قاپ ئېلىۋېتىمەن زادى.

— سوئالغا جاۋاپ بېرەممىسەڭچۇ؟

— كېلە بازاغىچە بەش كۈن با. ئاڭغىچە ئۇغۇتنىڭ ئىچىدىن چىققان مەھسۇلات چۈشەندۈرۈشىدىن ئۆگىنىپ قويىمەنتىم.

— ھەي، بازا كۈنى سەھەررەك بارىلى جۇما. ئىدەم چەتتە قېپقالىدىكەن.

بىر قانچە كۈن ئىچىدە پۈتكۈل يېزىغا كىم تاپقىنى نامەلۇم خەۋەر تېزلا تارىدى:

— سەيشەنبە كۈنى ئۆتكەنكى ئويان قويغانلا كېلىمىش.

— ئۇغۇت-يالتىراق تارقىتىمىش.

— سوئالغا توغرا جاۋاپ بېرەلىسىلا مۇكاپىتى نەقمىش.

دېگەندەكلا، بازار كۈنى سەھەردە بەس-بەس بىلەن ھارۋىلىرىنى چاپتۇرۇشقان كىشىلەر ئۆي-ئۆيدىن چىقىپ تارام-تارام كىچىك يوللاردىن قوشۇلۇپ، بازارغا سەلدەك ئاقتى. يول بويىدىكى بىر ئۆينىڭ پېشايۋىنى ئاستىدا ئالدىراش ئۆزۈن پايپاقلىرىنى تارتىپ كىيىۋاتقان چاسا يۈز، سېمىز ئايالنى ئېشەكىنىڭ نوقتىسىغا چىلىڭ ئېسىلىپ تىت-تىت بولۇپ تۇرغان پاكار بويلۇق توڭكاي چىش ئايال ئالدىراتتى:

— خەيرىكاچا، بوسلا چاققان، خەقنىڭ ئالدى ماڭغىلى نىۋاخ.

— خەقنىڭ ئالدىرىغىنى باكا، بۇ چالا ساۋات خەقلە ھېلى ئويلىغان گېپىنى ھېلى تاپالمايدۇ. مەن دېگەن تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇغان، گېپىمنى باغلاشتۇرالايمەن.

بازارغا بارىدىغان يول بىردىنلا قايناپ كەتتى. بەيگىگە چۈشكەن ئېشەك ھارۋىلىرى بىر-بىرىدىن قىزغىنىشىپ يول تالىشىپ، توپا توزىتىشىپ، قىستىلىشىپ چېپىشىپ بازارغا ئالدىراش ئېقىۋاتقاندا تۇيۇقسىز ھاۋانىڭ پەيلى بۇزۇلۇپ شامال چىقىشقا باشلىدى. دەسلەپ لەرزان چىققان شامال ھەش-پەش دېگۈچىلا قارا بورانغا ئايلاندى. ئەتراپ قويۇن چىققاندەك قويۇق چاڭ-توزان ئىچىدە قېلىپ، ئېتىزلاردىكى تېخى يېڭىلا يېپىلغان سۇلياۋ يوپۇقلار شامالدا پالاقشىپ«ئاق بايراق»چىقىرىشقا باشلىدى. ئادەملەر ئېتىزلاردىكى ئوقەت-دۇنيالىرىدىن قىلچە ئەنسىرەپمۇ قويماستىن چوقايغا مەھكەم ئېسىلغىنىچە تېز ماڭمىغان ئېشەكلىرىنى ئېغىزغا ئالغۇسىز ئەپسانە-سەت گەپلەر بىلەن تىللىشىپ، تاقەتسىزلىك بىلەن ئالدىغا ئېتىلاتتى. قوللىرىدىكى يوغان، ئۈچلۈق تاياقلىرىنى ئېشەكلىرىنىڭ قۇيرۇق-سۆڭگەچلىرىگە زەردە بىلەن سانجىيتتى. ھېلى ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ يۈگۈرۈپ كېتىدىغان ئەلپازدا ئالدىرايتتى. بازار ئىچى پاتىپاراقچىلىق ئىدى. شۇنچە قاتتىق بورانغا قارىماي كېلىشكەن كىشىلەرنىڭ كۆپلىكىدىن دەڭلەرگە ھارۋىلار تۇشۇپ، ئۇلاغ باغلىغۇدەك يەرنىڭ تايىنى قالمىغانىدى. بۇ بېسىقچىلىقنى كۆرگەن دەڭچىلەر ھويلا-قورۇلىرىنى كەڭرەك قىلىۋالمىغانلىقىغا ئىچىدە پۇشايمان قىلىشاتتى. بازاردىكى ھېلىقى سەينا ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ، قوشنا يېزىلاردىنمۇ تەلەي سىناپ باققىلى كەلگەن كىشىلەر بىر-بىرىدىن ئورۇن تالىشىپ، قىزغىنىشىپ، جەينەكلىشىپ، نوقۇشۇپ، پۈتلىشىپ-ئىتتىرىشىپ، ئالىيىشىپ ھەيۋە قىلىشىپ، غوتۇلدىشىپ، كوتىلدىشىپ، پىچىرلىشىپ، بىر-بىرىگە يول بەرمەي قىستىلىشاتتى.

شىددەت بىلەن چىقىۋاتقان بوران بۇ بازارچىلارنىڭ ھالىدىن پەرۋايى پەلەك قويۇن چىقىرىپ توپا سورۇيتتى. ھەممە ئادەمنىڭ ئۈستىۋاش، چىراي-ئەڭلى توپا-توزاندا قارىغۇسىز كۆمۈلۈپ قالغان. توپا كىرگەن بۇرۇن تۆشۈكلىرى قاقاچ باغلاپ، كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ، ياشاڭغىراپ كەتكەنىدى.

ئادەمسىز قالغان مەھەللىلەردىكى سالا ئېتىزلاردا بورانغا بەس كېلەلمىگەن سۇلياۋ يوپۇقلار يېڭىلگىنىگە تەن بەرگىنىنى جاكارلىغاندەك «ئاق بايراق»چىقىرىپ پالاقشىيتتى. ئۇ يەر-بۇيەردە بىر قانچە كىچىك بالا بىلەن بىر قانچە بوۋاي-موماي بوراندا سەنتۈرۈلۈپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ يىرتىلغان، بوسۇلگەن سۇلياۋ يوپۇقلارنىڭ پېشىدىن تارتىپ توپا باسۇرۇپ كۆمۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

بازاردىكى چوڭ سەينادا توپلاشقانلارنىڭ كۆزلىرى كىملەرگىدۇر، نېملەرگىدۇر تەقەززا بولۇپ تىكىلگەنىدى. كۆزلىرى بىر نىشاندا قىستىلاتتى، جەينەكلىشەتتى، نوقۇشاتتى، ئىتتىرىشەتتى...

چوڭ سەينا بولسا جىمجىت، ھە ياق، جىمجىت ئەمەس، بوران ئېلىپ كەلگەن توپا-چاڭ، ئەخلەت، چاۋار-چاتقاللارنى قويۇق ئۇچۇرۇپ ھۇشقىتاتتى...

2008-يىل ئاپرېل. سەھرايى ئەرمۇدۇن

ئاپتور: قىرغىز، يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزا قىرغىز مەھەللىسى كەنتىدە دېھقان، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى(M1)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# «ياغلىق قاپاق» ۋە بۇلغانغان كىملىك

## جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى «قالپاق نەزەرىيىسى»دىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بۇلغانغان كىملىكىگە نەزەر

زۇلپىقار بارات ئۆزباش

«بىرىنىڭ كاساپىتى مىڭغا»

— ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى (مەسئۇل مۇھەررىردىن)

## تېمىغا كىرىش: «ياغلىق قاپاق» ئۇقۇمىنى چۈشىنىش

**پاكىت تەھلىلى(1)**

ئۇ ئايالنىڭ ئىسمى نۇرخان سەتەڭ ئىدى. ئات كۆتۈرۈپ قالغانچا، قولۇم-قوشنىلار ۋە مەھەللە-كويدىكىلەر ئۇنىڭدىن قاچاتتى. ئىككى قىزغا ئانا بولغان بۇ ئايال ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆز ھەۋىسى — ئويۇنچىلىقىنى تاشلىمىدى. خەقنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى پاراڭلىرىغىمۇ، ئېقىپ يۈرگەن گەپلىرىگىمۇ پەرۋا قىلىپ كەتمىدى. «بەربىر خەق مېنى ياخشى دېمەيدۇ» دېگەن قاراش بىلەن ئۆزى بىلگىنىنى قىلاتتى. ئاياللار ئۇنىڭدىن

**بىرىنىڭ كاساپىتى مىڭغا**

قورقاتتى، يەنە ئارقىسىدىن باشقا ئەرلەر بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا ئىچ پىرىش ئارتىشىپ يۈرگەنلىكى ھەققىدە ھېكايىلەرنى تارقىتىپ يۈرۈشەتتى. بالىلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئىككى قىزى بىلەن ئوينىشىشىغا يول قويمايتتى. ئىشىكى ئالدىدىن ئاگاھ-ناگاھدا ئۆتۈپ قالغىنىمىزدا، ئۇنىڭ قاش-كۆزلىرىنى بوياپ، ياسىنىپ، دەرۋازىسى ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلىقىنى، گاھىدا جىلىم تارتقاچ يولدىن ئۆتكەن ئەرلەرگە قاش ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتۇق. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەۋىسىنى تاشلىمىغان بۇ ئايال قازا قىلغاندىن كېيىن، ئىككى قىزى ئات كۆتۈرۈپ قالغان ئانىسىنىڭ كاساپىتى بىلەن قېرى قىز بولغانغىچە ياتلىق بولالمىدى. گەرچە بۇ قىزلار ئانىسىدەك ئەگرى يولدا ماڭمىغان بولسىمۇ، مەھەللە-كويدىن ئۇلارغا لايىق چىقمىدى.

نۇرخان سەتەڭنىڭ چىرايى ھازىرغىچە ئېنىق ئېسىمدە. كىچىكىمدە بىز بىلەن بىر مەھەللىدە ئولتۇرىدىغان بۇ ئايالنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەچكىمۇ، ياكى ئۇنىڭ شەخسىيىتى ھەققىدە تارالغان ھېكايىلەر بەك قىزىقارلىق ئاڭلانغاچقىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇنى ۋە ئۇنىڭ كاساپىتى بىلەن بەختى

ئېچىلمىغان ئىككى قىزنى پات-پات ئەسلەپ قالىمەن. ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىدا جەمئىيەتشۇناسلىق دەرسىدە «قالپاق نەزەرىيىسى» (LabelingTheory,标签理论)نى ئۆگىنىپ تەھلىل قىلىش جەريانىدا نۇرخان سىڭىل ۋە ئۇنىڭ ئىككى قىزنى ئەسكە ئالدىم. نۇرخان سىڭىلنىڭ كەچۈرمىشى ۋە ئۇنىڭ بەختى ئېچىلمىغان ئىككى قىزنىڭ قىسمىتى «قالپاق نەزەرىيىسى»دە ۋە بۇ ماقالىدە نۇقتىلىق تەھلىل قىلىنىدىغان «ياغلىق قاپاق»(Stigma,污名 ) («يامان ئات كۆتۈرۈپ قېلىش» دەپ چۈشىنىش ھەم مۇمكىن. - مەسئۇل مۇھەررىردىن) ئۇقۇمىغا ئۇبدان مىسال بولالايتتى. نۇرخان سىڭىل مەھەللىسىدىكى ئىجتىمائىي توپنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلانغان مىزانلارغا مۇخالىپ ئىش- ھەرىكەتلەرنى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى مەھەللە- كوي ئارىغا ئالمىغانىدى: ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈشكەنىدى. ئەھلى جامائەت ئارىغا ئالمىغان، يەكلىگەنسېرى ئۇ ئۆزى بىلگەن يولدا مېڭىۋەرگەن، خەقنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن ھېسابلاشماي ئولتۇرمىغانىدى. خەقنىڭ ئۇنى «بۇزۇق» دېيىشى ۋە ئۇ ئايالنىڭ ئۆز ھەرىكىتى ھەم ئۆزى ھەققىدىكى باھالارغا ئاساسەن كىملىكىنى مۇقىملىشى، ئۇنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىجتىمائىي بىنورمال ھەرىكەت(social deviant,越轨行为)لەرنى سادىر قىلىشىغا سەۋەبچى بولغانىدى. دىققەتكە ئەرزىيدىغان تەرەپ شۇكى، ئانىسىنىڭ يامان ئات كۆتۈرۈشى ئىككى قىزنىڭ تەقدىرىگىمۇ سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەن ۋە «بەرىبىر خەق بىزنى ياخشى دېمەيدۇ»دېگەن قاراش بىلەن ئەگرى يولدا داۋاملىق مېڭىشىغا تۈرتكە بولغانىدى. «بۇزۇق» دېگەن نام بىلەن ئات كۆتۈرۈش ئۇنىڭ ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىجتىمائىي كىملىكى(social Identity,社会身份)نى بۇلغىغانىدى. بۇلغانغان كىملىك(spoiled identity, 败坏的身份) ئائىلە ئەزالىرىنىمۇ يامان ئاتلىق قىلغانىدى. ئۇيغۇرلار بۇ خىل ھادىسىنى «ياغلىق قاپاق»دېگەن ئىبارە(Discource,话语) بىلەن ئوبرازلىق سۈرەتلەيتتى. خەلق ئارىسىدا كەڭ تارالغان «ياغلىق قاپاق»، «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق» دېگەن تەمسىللەر «قالپاق نەزەرىيىسى»نىڭ ۋە بۇ ماقالىمىزنىڭ دىققەت مەركىزىدە تۇرىدىغان «بۇلغانغان كىملىك»ئۇقۇمىنىڭ مېغىزىنى بەكمۇ جايىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنىدى.

ماقال- تەمسىل ۋە لەتىپە بىر مىللەت روھىي ۋە ھەرىكىتىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى.« ئىدىيە تارىخى — تەمسىل تارىخى»[1]. ئىجتىمائىي ھادىسىلەر جەمئىيەتشۇناسلىقتا نەزەرىيە، يەنى كەڭ بىر تۇرمۇش كارتىنىسىغا تەتبىقلىغىلى بولىدىغان ئىدىيە مودېللىرى ئارقىلىق شەرھلەنسە ، خەلق فولكلورىدا قايىل قىلىش كۈچى بولغان ئىستىلىستىكا ياردىمىدە ئەسلىدىكى مەنىنى مېغىزلىق، جانلىق ئېچىپ بەرگەن ماقال- تەمسىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. قايەردە مەنە بولىدىكەن ، شۇ يەردە قايىل قىلىش كۈچى بولىدۇ. قايەردە قايىل قىلىش كۈچى بولىدىكەن، شۇ يەردە ئىستىلىستىكا بولىدۇ. تۇرمۇشنىڭ ئېنىقسىزلىقى بىزگە ئىستىلىستىكىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. مەسىلەن، ئىقتىسادشۇناسلىقنىڭ پېشۋاسى، بازار ئۇقۇمىنى ئەڭ بۇرۇن ئېچىپ بەرگەن شوتلاندىيىلىك مەشھۇر مۇتەپەككۇر ئادام سىمىسنىڭ بازار نەزەرىيىسىدىكى يادرولۇق ئۇقۇم بولغان «كۆرۈنمەس قول»(Invisible hand) نىڭ ، يەنى بازارنىڭ تەسىرىنى ئابستراكت بايانلار بىلەن چۈشەندۈرمىگەندە ،«كاجنى بازار ئوڭشايدۇ»دېگەن ئۇيغۇر ماقالى بۇ ئۇقۇمنىڭ مېغىزىنى ئۇبدان چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى روبېرت مېرتون(1913-2003) نىڭ «كۈتمىگەن ئاقىۋەت نەزەرىيىسى» نىڭ مېغىزىنى ئابستراكت ئۇقۇملار بىلەن ئېنىق چۈشەنگىلى بولمىغاندا، «بىرنىڭ كاساپىتى مىڭغا» دېگەن ئۇيغۇر ماقالى ئارقىلىق چۈشىنىش مۇمكىن. بۇ ھال جەمئىيەتشۇناسلىق پېنى بىلەن ئەمدىلەتىن ئۇچرىشىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات داۋامىدا كەڭ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى نەزەرىيىدىن مۇستەسنا ھالدا ئوبرازلىق تىللار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ ۋە مۇنداق نۇقتىنى سەممىزگە سالىدۇ: جايىدا قويۇلغان بىر ئاتالما ياكى جانلىق بىر فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمە مەلۇم بىر خىل ئىجتىمائىي پاكىتتىن دېرەك بېرىدۇ. ئاممىباب تىل بىلەن ئېيتقاندا جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيىسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئىشلارنىڭ قانداق ۋە نېمە ئۈچۈن يۈز بەرگەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايە. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارالغان «سايىمئاخۇن» (سايىمئاخۇن — دراماتورگ، سېنارىست تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ «كۈتۈلمىگەن توي» ناملىق دراممىسى ۋە شۇ دراما ئاساسىدا ئىشلەنگەن كىنودىكى «خوتۇنىدىن قورقىدىغان» ئوبراز. - مەسئۇل مۇھەررىردىن)، «يۇمشاقباش»، «شۇۋىگەدەن»، « پۇلباش»، «قۇچقاچ قىزلار»، «جانباقتى»، «نان كۈچۈكى» دېگەن ئوبرازلىق بىرىكمىلەر ئەمەلىيەتتە كەڭ بىر ئىجتىمائىي كارتىنىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ. ئوبرازلىق بىر ئېيتىم ياكى ئاتالما جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيىسىدە ئوخشىمىغان ئۇقۇم ئۆتتۈرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئىزاھلاشنىڭ پىلتىسى بولىدۇ.

«ياغلىق قاپاق»— دەل ئەنە شۇنداق جايىدا قويۇلغان ئاتالما بولۇپ، بۇلغانغان كىملىك ھادىسىسىنى ئىخچام سۈرەتلەپ بېرىدۇ. بۇ يەنە بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئوبرازى خۇنۇكلىشىش، ھەرخىل سەلبىي نام بىلەن ئاتىلىش ھادىسىسىنىڭ سەۋەبىنى ئىزاھلاشتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە، بولۇپمۇ بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە يامان ئات كۆتۈرۈشى، كىملىكىنىڭ بۇلغانغانلىقى بىر پاكىت. بىز بۇ ماقالىدە جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى «قالپاق نەزەرىيىسى»نى نۇقتىلىق تەتبىقلاپ، «بۇلغانغان كىملىك» ئۇقۇمى بىلەن ئۇيغۇر فولكلورىدا كەڭ تارالغان «ياغلىق قاپاق»ئاتالمىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا «ئۇيغۇرلار ئىچكىرى ئۆلكىلەردە نېمىشقا يامان ئات كۆتۈردى؟ بۇلغانغان كىملىك ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي ھالىتى ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكىتىگە قانداق تەسىر كۆرسەتتى؟ كىملىك قانداق بۇلغىنىدۇ؟ مىللىي

كىملىك ئۇچۇن بىر شەخس نېمە قىلىپ بېرەلەيدۇ؟» دېگەن تەتقىقات سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشكە تىرىشىمىز. تەتقىقات مېتودى جەھەتتە« سۈپەت تەتقىقاتى»(定形研究) نىڭ پاكىت تەھلىلى(case studies, 情景分析) ۋە پاراگ ئانالىزى(话语分析, discource analysis)قاتارلىق مېتودلىرىدىن پايدىلىنىمىز.

## مىللىي كىملىك ۋە بۇلغانغان كىملىك

زامانىۋىلىشىش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ، شەھەرلىشىش ۋە يەرشارىلىشىش نەتىجىسىدە بۈگۈنكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ كىملىكى، خاسلىقىنى بىر قەدەر تار، ئۆزىگە يېقىن ئىجتىمائىي توپ ئىچىدىن ئىزدەيدىغان بولدى. دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە دېگۈدەك كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە باشقىلار بىلەن بولغان پەرقى ھەققىدە ئويلىنىدىغان بولدى. «بىز كىم؟ بىز زادى قايسى توپقا مەنسۇپ؟» دەپ سوئال قويىدىغان بولۇشتى. ھەتتا شۇنچە زور ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئېرىشكەن ياپونلارمۇ مۇنداق بىر پاكىت ئىچىدە ئازاب بىلەن ئويلانماقتا:«جۇغراپىيىلىك ئورۇن، تارىخ ۋە مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن بىز ئاسىيالىقمۇ؟ بايلىق، دېموكراتىك تۈزۈم ۋە زامانىۋىلىشىش نۇقتىسىدىن بىز غەربلىكمۇ؟»[2] مىللىي كىملىك نۇقتىسىدىن ئالغاندا ، ھەممە مىللەتتە ئۆز كىملىكىنى باشقا مىللەتلەرگە تونۇتقۇزۇش ئارزۇيى بولىدۇ. ئۇيغۇر مۇقامى دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغاندا ، ب د ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ئورگىنى قارار ماقۇللاپ، 2008 ـ يىلى مەھمۇد قەشقەرىينى ئۆز ئىچىگە ئالغان 67ئالىمنى دۇنيا مىقياسىدا خاتىرىلەشكە چاقىرغاندا ئۇيغۇرلار چەكسىز خۇشھال بولۇشتى، پەخىرلەندى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا ئۇيغۇرلارنى تاشقى دۇنياغا مەدەنىيەتلىك مىللەت دەپ بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت بىر گۈزەل ئارزۇ يوشۇرۇنغانىدى. ھالبۇكى، ئاچچىق بىر پاكىت شۇكى، بىر مىللەتنىڭ مەلۇم بىر خىل كىملىكىنى تاشقى دۇنياغا ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئارزۇسى شۇ خىل كىملىككە ئېرىشىپ بولغان مىللەتلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەندىلا رويابقا چىقىدۇ [3]. مەسىلەن، «سوغوقچىلىق ئۇرۇشى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن شەرقىي ياۋروپادىكى سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئۆزگەرتكەن دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىرى ئۆزلىرىنى غەربلىكتەك كۆرسىتىشكە تىرىشتى. ئەمما غەربلىكلەر ئېتىراپ قىلغاندىلا ئۇلار غەربلىك بولالايتتى. تۈركىيىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى كىشىلەر غەربلىك دەپ ئاتىلىشقا شۇنچىلىك كۆچىگەندى. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسى— ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كىرىش چۈشى بۈگۈنگە قەدەر رېئاللىققا ئايلانمىدى.

بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ئۆزىنى «مەدەنىيەتلىك مىللەت، مەدەنىيەتلىك جۇڭگو پۇقراسى »دەپ ئويلىغىنىدا ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەرنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بۇلغىنىۋاتقان كىملىكى بۇ مىللەتنىڭ پەخىرلىنىش ھېسسىياتى ۋە ئۆزىنى تاشقى دۇنياغا بىلدۈرۈش ئارزۇسىغا سوئال تاشلايدۇ.«بىزنىڭ مەھمۇد قەشقەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك جاھانشۇمۇل ئالىملىرىمىز، ئون ئىككى مۇقام قاتارلىق مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز بار»دەپ پەخىرلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۆز ئىچىدىن چىققان بەزى مىليونلار سەۋەبلىك ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى «ياغلىق قاپاق» بولۇشقا سەۋەبچى بولغان كىملىكىدىن ئەندىكىدۇ: قانداق بولۇپ مەدەنىيەتلىك مىللەت دېگەندەك تەرىپلەر بىلەن سۈپەتلەنمەي، «ئوغرى»، «كاۋاپچى» دەپ ئاتىلىپ قالغىنىغا ھەيران قالىدۇ (بۇ گەرچە ئومۇملۇق بولمىسىمۇ). ئەمما بۇ پاكىتتۇر. ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بىر ەر سالاپەتلىك ئۇيغۇر پروفېسسورى شەخسىي ئىش بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئۇيغۇرچە خەت بار كىملىك گۇۋاھنامىسى ئارقىلىق ياتاق ئالماقچى بولسا بىرمۇنچە ئاۋارىگەرچىلىككە ئۇچرىشى مۇمكىن. قارشى تەرەپ ياخشى مۇئامىلە قىلمىغىنىدا، ئۇ ئەپەندى ئۆزىنىڭ بىرەر ئىشنى خاتا قىلماي تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئادالەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى چۈشەنمەي ئازابلىنىشى، تېرىكىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ، ئۇنى مۇشۇنداق ئادالەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچراتقىنى،يەكلەتكىنى بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئاللىبۇرۇن «ياغلىق قاپاق» بولۇپ يامان ئات كۆتۈرگەن خۇنۇك ئوبرازى ۋە بۇلغانغان كىملىكىدۇر .

پاكىت تەھلىلى(2)

2004 - يىلى 14- ئۆكتەبىر بىر نەچچە خىزمەتدىشىم بىلەن شاڭخەيگە كاماندىروپكىغا باردىم. ئۈچىنچى كۈنى قىلىدىغان ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ شاڭخەيدىكى ئاۋات كوچا نەنجىڭ كوچىسىغا نەرسە- كېرەك سېتىۋالغىلى كىردىم. چەت ئەللىككە ئوخشىتىپ قالغاچقىمۇ ، يەرلىك تىجارەتچىلەر ماڭا ئىنگلىزچە سالام قىلاتتى، دۇكىنىغا تەكلىپ قىلىشاتتى. بىر دۇكانغا كۆڭلەك سېتىۋالغىلى كىرگىنىمدە يەرلىك تىجارەتچى ماڭا ئىنگلىز تىلىدا كۆڭلەكنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى. مەنمۇ جاۋابەن ئىنگلىز تىلىدا جاۋاب قايتۇردۇم. كۆڭلەكنى ئالماقچى بولدۇم. ئەمما مېنى چەت ئەللىك دەپ قالسا باھادا ئۆرلۈۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، خەنزۇ تىلىدا ئەرزانراق بېرىشىنى ئېيتتىم. مېنى چەت ئەللىك دەپ قالغان يەرلىك تىجارەتچى ئايال خەنزۇچە سۆزلىشىمدىن ھەيران قالدى.

— قارا، بۇ لاۋۋەي(چەت ئەللىك)خەنزۇ تىلىنىمۇ ياخشى سۆزلەيدىكەن، — دېدى ئۇ يېنىدىكى ياردەمچى قىزغا. ئۇ مېنى مالايسىيالىق ياكى سىنگاپورلۇققا ئوخشىتىپ قالغانىدى.

— مەن چەت ئەللىك ئەمەس، جۇڭگولۇق، — دېدىم خەنزۇ تىلىدا.

ئۇ ئىشەنمىدى.مەن ئاخىرى ئۆزۈمنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن كەلگەن ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم.

— مۇمكىنمۇ؟ — دېدى ئۇ، — بىز كۆرگەن ئۇيغۇرلار ساڭا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. ئۇلار ئوغرى، دۇكىنىمىزغا كىرسە ماللىرىمىزنى ئوغرىلىشىدىن ئەنسىرەيمىز. يەنە كېلىپ ئۇيغۇرلار ئىنگلىز تىلى بىلمەس....

يەرلىك تىجارەتچى بارلىق ئامال بىلەن ماڭا كۆڭلەكنى سېتىۋېلىشنىڭ كويىدا. ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرقى گەپلىرى مېنى كۆڭلەكنى جايىغا قويۇپ قويۇشقا مەجبۇر قىلدى.

— مەن راست ئۇيغۇر، — دېدىم، — ئۇيغۇرنىڭ ھەممىسى ئوغرى

ئىدىم، ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئىنگلىز تىلىنى سۆزلىيەلەيدىغانلار جىق. سىز ئۇيغۇرلارنى خاتا چۈشىنىپ قاپسىز .

كۆڭلەكنى ئالماي دۇكاندىن چىقتىم. ئىچىم ئاچچىق بولدى. بۇ مېنىڭلا ئەمەس، ئىچكىرىگە بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى دۇچ كېلىش ئېھتىماللىقى بولغان رېئاللىق ئىدى. ئەمما مېنىڭ بىر كازىچىكتىن رەنجىشكە ئاساسىم يوق ئىدى. تۆتىنچى كۈنى خىزمەت ئىشى بىلەن بېيجىڭغا باردىم. شاڭخەيدىكى مىللىي كىملىكىمگە مۇناسىۋەتلىك كەچۈرمىش بەك تەسىر قىلغاچقىمۇ، بېيجىڭدا ئاپتوبۇسقا چىققاندا ئۆزۈمچە خۇدۇكسىرەپ، باشقا يولۇچىلارنىڭ مېنى ئوغرى دەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ مەقسەتلىك ئارىلىق ساقلاپ تۇردۇم.

يۇقىرىقى ئەھۋالدا مەنمۇ، پىركازچىكمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ھېسابلىناتتۇق. بۇ يەردە كىملىكىم ئۇيغۇرنىڭ بولغانلىقى كىملىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتاتتى .مەن ھېچقاچان ئوغرىلىق قىلىپ باقمىغان بولسامۇ، «قالپاق كىيىش» — «يامان ئات كۆتۈرۈش» (being stigmatized) ئۆزلۈك ئوبرازىم ۋە ئىش- ھەرىكىتىمگە تەسىر كۆرسىتىپ، مېنى خۇدۇكسىرىتىپ قويغانىدى. پىركازچىك بولسا بولغانغان كىملىك ۋە «ياغلىق قاپاق» ئوبيېكتىغا ئايلىنىشنىڭ دەستىكى بولغان بىر تەرەپلىمە قاراش (prejudice، 偏见) نىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ پۇتكۈل ئۇيغۇرغا باھا بېرىۋاتاتتى . ئۇ بىرەر ئۇيغۇرنىڭ ئوغرىلىق قىلغىنىنى كۆرگەندۇ ياكى كۆرمىگەندۇ. ئەمما ئۇ ئادەتكە ئايلانغان قاتمال تەسىرات (steortyped bias) نىڭ تەسىرىدە ئاللىبۇرۇن مۇقىملىشىۋالغان قاراش بىلەن ئۇيغۇرغا باھا بېرىۋاتاتتى. بۇ ھال بىزگە مۇنداق بىر رەھىمسىز پاكىتنى چۈشەندۈرىدۇ: بىر مىللەتتىكى قىسمەن ئادەمنىڭ بولمىغۇر ئىش- ھەرىكىتى باشقىلارنىڭ بۇ مىللەتنىڭ كىملىكىنى باھالاشنىڭ ئاساسى بوپقالىدۇ، بۇنداقلارنىڭ مىللىي كىملىكنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە نەپكە ئېرىشمەكچى بولۇشى پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئوبرازىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر مىللەتنىڭ «ياغلىق قاپاق» بولۇپ «يامان ئات كۆتۈرۈپ قېلىشى» مانا مۇشۇنداق ئادالەتسىز ۋە كۆلكىلىك بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بىر ئادەم بىر مىللەت ئوبرازىنىڭ ئەينىكى، ئەلچىسى دەپ قارالسا بولىدۇ. ئامېرىكىلىق مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس راندال كوللىنس (1942 — ) نىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، «جەمئىيەتتىكى مەلۇم بىر تەرەپ كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيانكەشلىك بىلەن يىتىمچىلىك، ئۆزى بىلەن كەتمەيدۇ، بەلكى تېزلىك بىلەن جەمئىيەتنىڭ باشقا ساھەلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.»[4]

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بولغانغان كىملىكنىڭ سەۋەبى، ئاقىۋىتى، مەنە قاتلاملىرىنى جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى «قالپاق نەزەرىيىسى» (labeling theory، 标签理论) بىلەن ئىنچىكە چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. «قالپاق نەزەرىيىسى» جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى ئۈچ چوڭ غول نەزەرىيىنىڭ بىرى بولغان «سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيىسى» (符号互动论 Symbolic Interactionism) دىن شاخ ئايرىپ چىققان. «سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيىسى» شەخس ھەر خىل ئەھۋال ۋە ئالاقىدە ئىپادە قىلغان مەنىنى تەھلىل قىلىدۇ. «قالپاق نەزەرىيىسى» بولسا سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيىسىدىكى مۇشۇ نۇقتىنى تۈۋتقا قىلىپ راۋاجلانغان بولۇپ، ئۆز ھەرىكىتىگە تۈشلۈق ئات كۆتۈرۈش — «قالپاق كىيىش» نىڭ شەخسكە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى بەكرەك كۆزىتىدۇ. «قالپاق نەزەرىيىسى» نىڭ مېغىزلىق ئۇقۇمى بويىچە چۈشەندۈرگەندە، ھېچقانداق ھەرىكەت نام قويۇلمىغىچە ئىجتىمائىي بىنورماللىق ياكى جىنايەت ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن ئالايلۇق، پارا ئېلىش جىنايىتى بىلەن سوتقا تارتىلغان بىر مەنسەپدار قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇن قانچە قېتىملاپ چاندۇرماي پارا ئالغان ۋە بۇ ئىشنىڭ ئىس - بۇسىنى چىقارمىغان بولسا، دېمەك ئۇ يەنىلا پارىخور ھېسابلانمايدۇ. «پارىخور» دەپ نام ئالغاندىن كېيىن ئۇ «پارىخور» دېگەن ئاتنى كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئادەم بېدىكى»، «شوۋىگەدەن» دېگەن ئىبارىلەر شەخسنىڭ ھەرىكىتىگە نام قويۇپ، ئۇنىڭ ئىگىسىنى «ياغلىق قاپاق» ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرغان ئوبرازلىق بىرىكمىلەردۇر. بىز جەمئىيەتنى ئوبدان كۆزىتىدىغان بولساق ، ئاللىبۇرۇن جەمئىيەتلەشكەن، ئەمما تېخى گۇناھ ياكى جىنايەت دەپ نام بېرىلمىگەن ياكى ئاۋام تەرىپىدىن توغرا چۈشىنىلگەن نۇرغۇن ئىجتىمائىي بىنورماللىقنى ئۇچرىتىمىز. نام بېرىلمىگەچكە مەلۇم بىر ھەرىكەت ۋە ئۇنىڭ ئىگىسى «ياغلىق قاپاق» ئوبيېكتىغا ئايلانمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئوبرازىنىڭ خۇنۇكلىشىشى— دەل پۈتكۈل مىللەت ئوبرازىنىڭ بەزى نائەھلىلەرنىڭ ئوغرىلىق بىلەن يامان ئات كۆتۈرگەنلىكى سەۋەبىدىن «قۇربانلىق قوزا» غا ئايلانغانلىقىنىڭ مەھسۇلى.

ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس خوۋارد بېككېر (1928 — ) «كەلگۈندىلەر: ئىجتىمائىي بىنورماللىق جەمئىيەتشۇناسلىقى» (outsiders: Studies in the sociology of deviance) دېگەن كىتابىدا «قالپاق نەزەرىيىسى» نى ناھايىتى جايىدا تەتبىقلىغان. خوۋارد بېككېرنىڭ كۆزىتىشىچە، «قالپاق كىيىش» — «ياغلىق قاپاق» بولۇش جەريانىدا بىر ئادەمنىڭ ئۆز ھەرىكىتى ھەققىدىكى ئىنكاسى ئەمەس، بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئىنكاسى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. «قالپاق نەزەرىيىسى» يەنە پاھىشىلەر، خروئىن چەككۈچىلەر تەتقىقاتىدىمۇ تەتبىقلىنىدۇ. مەيلى پاھىشىلەر بولسۇن ياكى ئوغرى- يانچۇقچىلار بولسۇن، كۆتۈرگەن ئېتى ياكى «ياغلىق قاپاق» بولۇشى ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى ھەرىكىتىگە ئاساس بولىدۇ. مەسىلەن، بىر پاھىشىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن «بۇزۇق» دېگەن ئاتاققا قالغاندىن كېيىنكى ھەرىكىتى تېخىمۇ ئەدەپ كېتىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ باشقىلاردىن ئۆزى ھەققىدە شۇنداق ئىنكاسلارنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ بىر ئىجتىمائىي كىملىكنى مۇقىملايدۇ ۋە « خەق بەرىبىر مېنى ياخشى دېمەيدۇ ، بولۇشۇم شۇ» دېگەن قاراش بىلەن تېخىمۇ جىق ئىجتىمائىي بىنورماللىقنى سادىر قىلىدۇ. ماقالىمىزنىڭ بېشىدا مىسالغا ئېلىنغان نۇرخان سەتەئىنىڭ كەچۈرمىشىمۇ دەل بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئىنكاسىنىڭ «يامان

www.uyghurkitap.com

ئات كۆتۈرۈش» ۋە كىملىكنىڭ بۇلغىنىشىدا دەستەك بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. «قالپاق كىيىش» ــ «يامان ئاتلىق»بولۇش جەريانى ياتلار ياكى يەكلەنگۈچىلەر توپى (outsiders)نى بارلىققا كەلتۈرىدۇ ۋە بىر توپنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى قىياسىغا ئاساس بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «قالپاق نەزەرىيىسى» جىنايەت ئۇقۇمى ۋە ئىجتىمائىي بىنورماللىق ئۇقۇمىنىڭ قانداق قوبۇل قىلىنىدىغانلىقى، بىر توپ ئىچىدە ئىجتىمائىي جەھەتتىن قانداق سىڭىپ كىرىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ ۋە ئۆز نۆۋىتىدە روھىي كېسەل تەتقىقاتىغىمۇ تەتبىقلىنىدۇ.

## شەخسنىڭ ھەرىكىتى ۋە مىللەتنىڭ بۇلغانغان كىملىكى

1980 ـ يىللاردا بېيجىڭ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگە بىر تۈركۈم ئۇيغۇر تىجارەتچى بېرىپ سودا پۇرسىتى ۋە پايدىغا ئېرىشتى. ھۆكۈمەتمۇ دەسلەپتە سىياسەت جەھەتتىن ئېتىبار بېرىپ ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرنى قوللىدى، ئېتىبار بەردى. كېيىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان بەزى مەلئۇنلارنىڭ قارا گۇرۇھ ــ «قوشۇن» بولۇپ كوللېكتىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى، خىروئىن، ئادەم سودىسى قىلىش، ئوغرىلىق قىلىش، زەھەر چېكىش قاتارلىق جىنايەتلەرنى سادىر قىلىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر ئوبرازى تېز سۈرئەتتە خۇنۇكلەشتى. ھەتتا بەزى جايلاردا ئۇيغۇر ئوبرازىنىڭ خۇنۇكلىشىشى ئۇيغۇرلارنى پەقەتلا قارشى ئېلىنمايدىغان مىللەتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى. بېيجىڭدىكى گەنجياكۇ، ۋېيگۇڭسۇن قاتارلىق جايلارنىڭ «جىنايەت ئۇۋىسى» دەپ قارىلىپ چېقىلىپ، قايتا ئۆزگەرتىلىشىمۇ بۇ پىكرىمىزنىڭ دەلىلى.

بۇ تەتقىقات ئۈچۈن ماتېرىيال ئىزدەپ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، ئىچكىرىدە تىجارەت قىلىدىغان تۇرپانلىق 50ياشلاردىكى بىر سودىگەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ئۇيغۇرلار ئوبرازىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ياخشى ئەمەسلىكى ھەققىدە سورىغان سوئالىمغا مۇنداق جاۋاب بەردى: «1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ياتاقتا ياتماقچى بولساق كىملىكنىمۇ كۆرسەتمەي پوكەيگە بىر سىقىم قۇرۇق ئۈزۈم قويساق، مېھمانخانا كۈتكۈچىلىرى بىزنى: ‹شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار›دەپ قارشى ئالاتتى. ياتاق بېرەتتى. بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز قىلغان خەق! ھازىر ئىچكىرى ئۆلكىلەردە شىنجاڭنىڭ كىملىكى بىلەن ياتاق ئالمىقىمىز بەك تەس.» بۇ ئاشۇ تۇرپانلىق سودىگەرنىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىي تەسىراتى، ئومۇمىي خۇلاسە چىقىرىشقا ئاساس بولالمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ جاۋابى ھېچبولمىغاندا مۇنداق پاكىتتىن دېرەك بېرىدۇ: شەخسنىڭ ھەرىكىتى مىللىي كىملىكنىڭ ئەينىكىدۇر. باشقىلار ئاشۇ ئەينەكتىن بىر مىللەتنىڭ ئوبرازىنى كۆرىدۇ ۋە ئىجتىمائىي سېزىمى ھەم ئادەتلىنىپ قالغان جامائەت پىكرى ئاساسىدا بىر مىللەتكە باھا بېرىدۇ. مېنىڭ مىللىي كىملىك نۇقتىسىدىن «بىر ئادەم ــ بىر مىللەت دېمەكتۇر»دېگەن ھۆكۈمىنى تەكىتلىشىم دەل مۇشۇ سەۋەبتىن.

**پاكىت تەھلىلى (3)**

*2008 ـ يىلى مارتنىڭ بېشىدا مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 12 ـ قانىلىنىڭ بىر پروگراممىسىدا بىر نەچچە ئۇيغۇر بالىنىڭ ئوغرىلىق قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشى ۋە ساقچىلارنىڭ ئۇلارنى تۇتۇش جەريانى كۆرسىتىلدى. ھېيت ئۆتۈپ بۇ فىلىم «تاكى CCTVدا سارايى بولغىچە»دېگەن نام بىلەن «شەبنەم» تورىدا ئېلان قىلىندى ۋە كېيىن باشقا نۇرغۇن تور بېكەتكە چاپلاندى. بۇ ھەقتە نۇرغۇن غۇلغۇلا بولدى. غۇلغۇلا ۋە مۇنازىرىنىڭ ئاساسلىق نۇقتىسى ئوغرىلىق قىلغان ئاشۇ بالىلارنى «مىللەتنىڭ يۈزىنى تۆكتى» دەپ تىللاشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي خېبېي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ قانۇنغا مۇناسىۋەتلىك پروگراممىسىدا ئادەمنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغان بىر فىلىم كۆرسىتىلدى. فىلىمدە ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلغان ئىككى ئۇيغۇر قىزنىڭ ساقچىخانىدا يىغلاۋاتقان كۆرۈنۈشى كۆرسىتىلدى. دىققەتكە ئېرىزىيدىغان بىر ئەھۋال شۇكى، ئۇيغۇر قىزلارنىڭ بىرى ئېغىر ئاياغ ئىدى. شۇ ئارىدا تۇيۇقسىز بىر ئەھۋال يۈز بېرىپ ساقچىلارنى ئۈركۈتۈۋەتتى: بىر قىز يەرگە ئۆرۈلۈپ، بۇيان دومىلاپ يىغلاشقا باشلىدى. يەنە بىر قىز يەردە خارقىراپ يېتىپ قالدى. ساقچىلار: «120 گە تېلېفون قىلىڭلار!» دەپ تۇرۇشىغا، يەنە بىر يېشىلرەك ساقچى كىرىپلا قالغانلارغا تېلېفون بېرەلمىگىنى ئېيتتى ۋە يەردە خارقىراپ يېتىپ قالغان ئېغىر ئاياغ قىزنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ خېلىغىچە ھەپىلىشىپ بىرنەرسىنىڭ يۇچۇقىنى ئالدى. ئەسلى ئۇ قىز ساقچىلارنى قورقىتىپ، بۇيەردىن كېتىۋېلىش مەقسىتىدە بىرنەرسىنىڭ يېرىمىنى يۇتۇۋېلىپ جان تالاشقان قىياپەتكە كىرىۋالغانىكەن. يەنە بىر قىز بولسا ساقچىلارنىڭ قويۇۋېتىشى ئۈچۈن تامغا ئۇسسۇپ ئۆزىنى يارىدار قىلىپتۇ. بۇ ئىشلارنى ئىككى ۋىجىك ئۇيغۇر قىزنىڭ قىلغانلىقىغا ھەيران بولۇپ، بىرنەرسىنى يۇتۇۋالغان قىزنىڭ قانداقسىگە زەھەرلىنىمىگەنلىكىنى چۈشەنمەي تۇرغىنىمدا ئايال دوختۇرنىڭ تۆۋەندىكى گېپى ۋە شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندىكى ئىنتوناتسىيىسى دىققىتىمنى تارتتى: «بۇ ئەسلىدە شىنجاڭلىق ئوغرىلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئوغرىلىق جىنايىتى سادىر قىلىش داۋامىدا يەكۈنلىگەن خۇلاسىسى بولۇپ، ئۇلار بىر ئامالار بىلەن ھوشىدىن كېتىش، بىرنەرسىنى يۇتۇۋېلىش، ھامىلىدار ئاياللارنى ئوغرىلىققا سېلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن جىنايەتتىن قۇتۇلۇپ قېلىش مەقسىتىگە يېتەكچى بولىدۇ.»*

جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئىجتىمائىي ۋەقەدىن ئىجتىمائىي پاكىت ئىزدەيمىز. بىزنىڭ يۇقىرىقى ۋەقەدىن ھېس قىلىدىغان پاكىتىمىز شۇكى، ئۇيغۇرنىڭ بۇلغانغان كىملىكىگە سەۋەب بولۇۋاتقان شەخسنىڭ ھەرىكىتى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ھەقىقەتەنمۇ مەۋجۇد. ئىجتىمائىي پاكىتنى ھەرىكەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇيغۇرنىڭ بۇلغانغان كىملىكىنىمۇ دەل ئۇيغۇر دەپ نام ئالغان بەزى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ نۇقتىنى ئەنگلىيە جەمئىيەتشۇناسى زىگمۇند باۋمەن(1928 ـــ )نىڭ مۇنۇ بايانىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ: «شەخس ــ ئومۇمنىڭ ئەك

چولڭ دۈشمىنى. ھازىرقى ئادەملەر ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ئومۇم تەقدىرى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدى.»[5] بۈيۈك گېرمان شائىرى ھېيىنىنىڭ 19-ئەسىردە شۇ ۋاقىتتىكى گېرمانلارنىڭ خۇنۈك تەرەپلىرىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ: «شەخس نۇقتىسىدىن گېرمانلاردىن يىرگىنىمەن، ئومۇم نۇقتىسىدىن گېرمانلارنى چەكسىز سۆيىمەن» دېگىنى بىكار بولمىسا كېرەك. مەيلى «قالپاق نەزەرىيىسى» بولسۇن ياكى ئۇنىڭ ئاساسى بولغان «سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيىسى» بولسۇن، شەخسنىڭ ئالاقىدىكى ھەرىكىتىدىن مەنە ئىزدەيدۇ. تېلېۋىزورغا چىققان يۇقىرىقى ئىككى قىزنىڭ ھەرىكىتىدە ئىپادە بولۇۋاتقان مەنە باشقا مىللەتكە نىسبەتەن ئۇيغۇرغا سىمۋول بولىدىغان سەلبىي نەتىجىدۇر. يەنى ئوغرىلىق، يانچۇقچىلىق ئوبرازىدۇر. بىز بۇنىڭدىن مۇنداق خۇلاسىگە كېلەلەيمىز: قىسمەن كىشىنىڭ كوللېكتىپ كىملىكىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئېتىراپ قىلىنماقچى بولۇشى مىللەتنىڭ كىملىكىنى بۇلغايدۇ. بۇ يەردە «ئېتىراپ قىلىنىش» دېگەن گەپنى ئىشلىتىشىمدە سەۋەب بار. مەن بۇ قېتىمقى يۇرتقا قايتىش سەپىرىمدە بېيجىڭدا تۇرۇش جەريانىدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى «قوشۇن»نىڭ ئادەملىرى بىلەن ھەر قانچە قىلىپمۇ كۆرۈشەلمىدىم. ئۈرۈمچىگە كېلىپ باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بۇرۇن بېيجىڭدا «قوشۇن»دا تۇرغان بىر ئۇيغۇر يىگىت بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ مېنىڭ «ئاز ساندىكى ئۇيغۇر ئىچكىرى ئۆلكىلەردە نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ؟ نېمىشقا شۇ يامان يولدىن قايتمايدۇ؟»دېگەن سوئالىمغا مۇنداق جاۋاب بەردى: «بۇ ياشلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز يۇرتلىرىدا بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتالماي ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بارىدۇ. مەنمۇ شۇنداقلارنىڭ بىرسى. ھەممە ئادەمنىڭ باشقىلاردەك بولغۇسى، باشقىلاردەك ياخشى كىيگۈسى، يېگۈسى كېلىدىغان گەپكەن! يەنە كېلىپ ئۇ يەرلەردە بەربىر ئۇيغۇرنى ياخشى دېمەيدۇ!» نۇرغۇن سەۋەب تۈپەيلى ئازغىنە جاۋابىدا كەڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن بېشارەت بېرىپ ئۆتكەن بۇ يىگىتتىن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەھۋال ئىگىلەشكە ئامالسىز قالدىم. ئۇنىڭ جاۋابى كىشىنىڭ ئېسىگە ئامېرىكىلىق مەشھۇر پسىخولوگ، «بىمارنى ئاساس قىلىش» نەزەرىيىسى(Client_centered Theory) بىلەن «ۋەھىي يەتكۈزگۈچى»دەپ نام ئېلىپ پسىخولوگىيە ساھەسىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن كارل روگېرس(1902-1987 )نىڭ «ئادەم قوبۇل قىلىنىشنى ئىستەيدۇ. قوبۇل قىلىنىش ئۈچۈنلا ئۆزىنى ئىپادىلەشكە ئىنتىلىدۇ»[6] دېگەن گېپىنى ئەسلىتىدۇ.

مەيلى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىسىدا چىققان يانچۇقچى ئۇيغۇر باللار بولسۇن ياكى خېنەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا چىققان ئىككى يانچۇقچى ئۇيغۇر قىزى بولسۇن ۋەياكى زىيارىتىمنى قوبۇل قىلغان ئۇيغۇر يىگىت بولسۇن ئۆز ھەرىكىتىنىڭ مىللەت ئوبرازىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئويلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى بىرلا — قانداق قىلىپ ياخشىراق تۇرمۇش كەچۈرۈش. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھەرىكىتىنىڭ ئاقىۋىتى مۇھىم ئەمەس، مەنپەئەت مۇھىم. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى بۇلغاۋاتقىنى دەل شەخس ھەرىكىتىنىڭ ئاقىۋىتىدۇر. ھەرىكەتنىڭ ئاقىۋىتى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، «نۇرغۇن كىشى ئاۋۋال قىلىدۇ، ئاندىن ھەرىكىتىگە تۇشلۇق ئاساس ئىزدەيدۇ ھەم ئاشۇ ساختا ئاساسلارغا ئىشىنىدۇ.»[7] ئۇنىڭدىن باشقا شەخسنىڭ ئۆز كىملىكى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىمۇ ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. زىيارىتىمنى قوبۇل قىلغان ئۇيغۇر يىگىتنىڭ «بەربىر بىزنى ياخشى دېمەيدۇ» دېگەن جاۋابىنىڭ ئۆزىلا بىر ئادەمنى ئوراپ تۇرغان ئىجتىمائىي توپنىڭ ئىنكاسى بىر ئادەمنىڭ كىملىك تەرەققىياتىدا نەقەدەر مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. مەكتەپتە ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتقۇچى «دۆت» دەپ تىللاۋەرسە، ئۇ ئوقۇغۇچى ئاشۇ باھا ئاساسىدا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى مۇقىملاپ تېخىمۇ دۆتلىشىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا «قالپاق كىيىش» — «يامان ئاتلىق بولۇش» كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ تېخىمۇ نۇرغۇن ئىجتىمائىي بىنورماللىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە ئېغىرلاشقاندا بىر مىللەتكە باھا بېرىشنىڭ دەستىكى بوپقالىدۇ. باشقىلارنىڭ پىكرىگە ئاساسەن ئۆز كىملىكىگە باھا بېرىش — ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ ئۆز قىياپىتىمىزگە قاراشقا ئوخشايدۇ. ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس چارلىز خورتون كۇلى «ئىجتىمائىي ئۆزلۈك» (social self) دېگەن ماقالىسىدە بۇ ئەھۋالنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «بىز ئەينەكتىن ئۆز چىرايىمىزنى، بەدىنىمىزنى، كىيىم-كېچەكلىرىمىزنى كۆرگىنىمىزگە ئوخشاشلا، تەسەۋۋۇرىمىزدا باشقىلارنىڭ ئۆزىمىز ھەققىدە قانداق ئويلايدىغانلىقىنى قىياس قىلىمىز ۋە ھەرخىل شەكىلدە مۇشۇ قىياسلىرىمىزنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايمىز.»[8] بىر ئۇيغۇر «باشقىلار مېنى كۆزگە ئىلمايدۇ» دەپ قارىسا، ئۇ ئۆز قىياسى ئاساسىدا داۋاملىق باشقىلارنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچرايدىغان ئىش-ھەرىكەتلەردە بولىدۇ. شۇڭا ساموئېل خۇنتىڭتوننىڭ «كىملىك — تەسەۋۋۇردىكى ئۆزلۈك»[9] دېگىنى ناھايىتى توغرا گەپ.

قىسقىسى، مىللەتنىڭ بۇلغانغان كىملىكىنى شەخسنىڭ ھەرىكىتى — «قالپاق كىيىش» جەريانىدىن ئىزدەش مۇمكىن. «قالپاق كىيىش» — ئىجتىمائىي بىنورماللىق ياكى جىنايەت دائىرىسىگە كىرىدىغان ھەرىكەتلەرنىڭ تەسىرىدە يامان ئاتاققا قېلىش جەريانىدىن ئىبارەت. ئېرۋىڭ گوفمان باشقىلارنىڭ «قالپاق كىيگەن» — «يامان ئاتلىق» بولغان ئادەمگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ئەمەلىي تەجرىبە جەريانىدا كۆزىتىپ مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ ‹ياغلىق قاپاق› بولغان ئادەملەرگە تۇتقان پوزىتسىيىمىز ناھايىتى ئېنىق: يەنى بىز قارشى تەرەپنى

www.uyghurkitap.com

ئادەم قاتاردا كۆرمەيمىز ۋە قىلغان سۆزىمىزنىڭ مەنىسىنى ئويلىشىپ ئولتۇرمايلا ئۇلارغا ھەرخىل ئاتاقنى سوۋغا قىلىمىز.»[10]

## قاتمال تەسىرات، بىر تەرەپلىمە قاراش ۋە بۇلغانغان كىملىك

بىر مىللەتنىڭ بۇلغانغان كىملىكگە شەخسنىڭ، شۇ مىللەت ئەزالىرىنىڭ ھەربىكىتى مەنبە بولسا، شۇ مىللەتكە قالپاق كىيدۈرگەن باشقا مىللەتنىڭ قاتمال تەسىراتى ۋە ئادەت كۈچىگە ئايلانغان جامائەت پىكرى ئاساس بولىدۇ. ئادەتتە بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەت ھەققىدىكى جامائەت پىكرى بىر تەرەپلىمە قاراش، پىكىر ئاغمىچىلىقى ، بىر تاياقتا ھەيدەش پسىخىكىسى ئاساسىدا يېتىلىدۇ ۋە كۆپ ھالدا ئادالەتسىز، بىر تەرەپلىمە بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىت نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ھەتتا قېرىنداش مىللەتلەردىن بولغان ئۇيغۇر بىلەن قازاقنىڭ بىر-بىرىگە بەرگەن باھاسىمۇ بەكمۇ يۈزەكى، بىر تەرەپلىمە. ئۇيغۇر بىلەن قازاقنىڭ بىر-بىرىنى كەلتۈرۈپ ئېيتقان چاقچاقلىرىدا قاتمال تەسىرات ، بىر تەرەپلىمە قاراش بىلەن يېتىلگەن نامۇۋاپىق جامائەت پىكرى ئەكس ئېتىدۇ. ئۇيغۇر ۋە قازاق ئارىسىدا بۇ ئەھۋال گەۋدىلىك بولۇۋاتقان يەردە، باشقا مىللەتلەرنىڭ ناموۋاپىق باھالارنى بېرىشى تەبىئىي. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بۇلغانغان كىملىكىمۇ يەنە بىر نۇقتىدىن ئالغاندا قاتمال تەسىرات، بىر تەرەپلىمە قاراشنىڭ قۇربانى. بۇ قېتىم ۋەتەنگە قايتىش سەپىرىمدە بېيجىڭدا توختاپ ئۇيغۇرنىڭ بۇلغانغان كىملىكىنى چۆرىدەپ بېيجىڭ يۇقۇرىلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان قىسقا سۆھبىتىم بۇ پىكرىمنى دەلىللىدى.

**پاكىت تەھلىلى(4)**

### «مەن كۆرگەن ئۇيغۇرلار ئوغرى، مەيىنەت»

2008-يىلى 28-ماي چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە، بېيجىڭ پايتەخت ئايرودرومىدىن ئۈرۈمچىگە قايتىش مەقسىتىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى ئالدىدا بىر تاكسىغا ئولتۇردۇم. تاكسى شوپۇرى بېيجىڭلىق بولۇپ، كېلىشكەن، چىقىشقاق، 50ياشلار چامىسىدىكى كىشى ئىكەن. يېرىم يولغا كەلگەندە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ گېپىنىڭ تېمىسىنى يۆتكىدىم-دە، ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە ئوبرازى ياخشى ئەمەسلىكىنىڭ سەۋەبىگە قىزىقىدىغانلىقىمنى، ئۇنىڭ ئۇيغۇرغا قانداق قارايدىغانلىقىنى سورىدىم.

— راست گەپنى دەمدىم؟ — دېدى ئۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

قارىغاندا، بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئوبرازى ھەققىدە دادىل سوئال سورىشى ئۇنى ھەم قىزىقتۇرغاندەك، ھەم ھەيران قالدۇرغاندەك قىلاتتى.

— ھەئە، راست گېپىڭىزنى دەڭ، — دېدىم.

— راستىنى دېسەم، — دەپ گېپىنى باشلىدى ئۇ، — سىز شىنجاڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسى ئالدىدا تۇرغان بولغاچقا مەن سىزنى قورقۇپ ئالمىغان بولاتتىم. ئۇ يەردىن ئايرودرومغا بېرىش ئۈچۈن تاكسىغا ئولتۇرىدىغان ئۇيغۇرلار ساپالىق ھەم ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى. مەن باشقا جايلاردا ئۇيغۇرلار تاكسى توسسا توختىمايمەن.

— ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىسىز؟ نېمىشقا توختىمايسىز؟

— چىرايىدىن بىلىمەن. مەن كۆرگەن ئۇيغۇرلار بىر بولسا ئىشلەپ يۈرۈپ، ئۇزۇن چاچ قويۇۋالىدۇ، بىر بولسا ئۇستىۋېشى مەينەت . توختىمايدىغانلىقىمدىكى سەۋەب، ئىككى-ئۈچ يىل بۇرۇن بىر نەچچە ئۇيغۇر بالا ماشىنامدا ئولتۇردى. ئۇلار چۈشۈپ كەتكەندە قارىسام ، قول تورمۇزنىڭ يېنىغا قويۇپ قويغان يانفونۇم يوق تۇرىدۇ. ئالدىدا ئولتۇرغان بالا شۇ قىسقا ئارىلىقتا يانفونۇمنى سوقۇۋېلىشقا ئۈلگۈرۈپتۇ. يەنە بىر سەۋەب، ماشىنامدا ئولتۇرغان ئۇيغۇرلار بەك مەينەت — بەدىنىدىن بىر خىل بەتبۇي پۇراق كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاكسى شوپۇرلىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەم بۇلىغانلىقى، خۇرۇش ساتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. ئىشقىلىپ بېيجىڭلىقلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا بەرگەن باھاسى ياخشى ئەمەس.

— ھەممە مىللەتتە ئوغرى-يانچۇقچى چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. سىز ئۇيغۇردىن باشقا مىللەتلەردە ئوغرى يوق دەپ قارامسىز؟

— ئۇنداق ئەمەس، ھەممە مىللەتتە ياخشى ئادەملەرمۇ، يامان ئادەملەرمۇ بولىدۇ. بىزنىڭ خەنزۇلار ئارىسىدىمۇ ئاز ساندا ئوغرىلار بار. ئەمما، شىنجاڭلىق ئوغرىلار بەك يامان. مەن كۆرگەن كۆپىچىلىك ئۇيغۇرنىڭ ماڭا قالدۇرغان تەسىرى ياخشى ئەمەس.

— سىز ئۇيغۇردىن باشقا موڭغۇل، جۇاڭزۇ قاتارلىق باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە بېيجىڭدا ئوغرىلىق قىلىدىغانلارنىڭ بارلىقىنى كۆرگەنمۇ ياكى ئاڭلىغانمۇ؟

— ياق.

— سىزچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىن ياخشى ئادەملەر چىقامدۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس. «يىلىك شاھى» ئادىل ھوشۇرنى ۋە ئىقتىدارلىق ناخشىچى بالا ئەرفان(خەنزۇچە مەنبەلەردە "阿尔法" دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ)نى ياخشى بىلىمەن . ئۇلار نەزىرىمدە ياخشى ئۇيغۇرلار. نۇرغۇن بېيجىڭلىق ئۇلارنى تېلېۋىزوردا كۆرگەن.

— ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ «يانچۇقچى، ئوغرى، كاۋاپچى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىشىدىكى سەۋەب نېمە؟

— كۆپ قىسىم ئۇيغۇرنىڭ بېيجىڭلىقلارغا بەرگەن تەسىرى شۇنداق.

— سىزچە شۇ يانچۇقچى-ئوغرى ئاتالغان بالىلار بېيجىڭغا نېمىشقا كېلىدۇ؟

— ھۆكۈمەت ئۇلارنى بەك بوش قويۇۋېتىدۇ، جىق ئېتىبار بېرىدۇ. ئوغرىلىق قىلسا قويۇۋېتىدۇ. ھۆكۈمەت ئەسلى چىڭ باشقۇرسا بولاتتى.

تاكسى شوپۇرىنىڭ بايانى جامائەت پىكرىنىڭ بىر مىللەت ئەزالىرىغا باھا بېرىشتە دەستەك بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ، يانفونىنىڭ يوقاپ كەتكىنىنى ئۇيغۇر بالىدىن كۆرىدۇ ۋە ئاڭلىغان گەپلىرىگە ئاساسەن پۈتكۈل ئۇيغۇرغا باھا بېرىدۇ. كۆرگەنلىرى ئىچىدە ياخشى ئۇيغۇر ئاز، ئەسكى ئۇيغۇر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدا«ئۇيغۇر دېگەن مۇشۇنداق خەققەن»دېگەن ئىجتىمائىي تەسىرات پەيدا بولغان ۋە شۇ

تەسرات ئاساسىدا ئۇيغۇرغا تۇتقان پوزىتسىيىسى شەكىللەنگەن. بۇ خىل ئەھۋالنى جەمئىيەتشۇناسلار ئوخشىمىغان نۇقتىدىن چىقىپ ھەرخىل شەرھلەيدۇ. ئېرىخ فىروم «ئۇمۇمىي خۇلاسە چىقىرىش—بىر مىللەت ئەزالىرىنىڭ پىسخىكىسىغا ھۆكۈم قىلىشتىكى ئەڭ چوڭ خاتالىق»[11]دېسە، جوناتان پوتتېر « پاراڭ ۋە جەمئىيەت پسىخولوگىيىسى » دېگەن كىتابىدا: «قاتمال تەسرات—ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇنلاشقان، ئادەتلەنگەن تونۇش جەريانىنىڭ ئاقىۋىتى. مىللىي تەسراتتا، باشقا مىللەتلەرگە بەرگەن ھۆكۈمىمىزدە ئاساسلىنىپ قالغان قاراش مۇھىم رول ئوينايدۇ»[12] دەيدۇ. جورجىي رىتزېر: «بىز مەڭگۈ باشقىلارنى چۈشىنىپ بولالمايمىز. باشقىلار بىز ئۈچۈن سىرلىقتۇر. باشقىلار مەۋجۇد بولغاندىلا ئاندىن يىراقلىشىش كېلىپ چىقىدۇ»[13]دەپ كۆرسىتىدۇ ۋە باشقىلار ھەققىدىكى جامائەت پىكرىنىڭ ئۇمۇمغا ئەگىشىش ،دورامچىلىق نەتىجىسىدە شەكىللىنىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «جامائەت پىكرى—بىر خىل تەقلىدىي بۇيۇم.» [14]

جامائەت پىكرى قاتمال تەسرات ۋە پوزىتسىيىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. پوزىتسىيە شەخسنىڭ كۆرگەن-ئاڭلىغىنى ۋە بىر تەرەپلىمە قارىشىنى ئاساس قىلىدىغان بولغاچقا ، كۆپىنچە ھالدا ئادىل بولمايدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ شەكىللىنىپ بولغان پوزىتسىيىسىنى ئەڭ توغرا دەپ قارىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەلۇم بىر خىل كۆز قاراش جەمئىيەت تەرىپىدىن ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىنغانسېرى شۇ جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا شۇنچە تېز بازار تاپىدۇ. ھەممە بىپىچەكلىق بىرەر ئۇيغۇرنىڭ ئوغرىلىق قىلغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولۇشى ناتايىن. ئەمما، ئۇلار ئاڭلىغىنى ۋە جامائەت پىكرى ئاساسىدا ئۇيغۇر ئوبرازى ھەققىدە بىر ئىجتىمائىي تونۇشقا كەلگەن ھەم پوزىتسىيە شەكىللەندۈرگەن. پوزىتسىيە شەكىللىنىپ بولغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە ياخشى ئادەملەرنىڭ كۆپلىكىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ ئۇلار ئۇيغۇرغا بەرگەن نام ۋە باھاسىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.

بىر مىللەتنىڭ «ياغلىق قاپاق» بولۇشىغا ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر تەرەپلىمە قاراش (prejudice) ۋە «ئادەت كۆچى»( stereotype)مۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر تەرەپلىمىلىك: ««بىر ئىجتىمائىي توپ ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىغا تۇتۇلىدىغان سەلبىي پوزىتسىيە»[15]نى كۆرسەتسە، ئادەت كۆچى: «بىر ئىجتىمائىي توپ ھەققىدىكى چۈشەنچە، تەسراتلارنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، بىر تەرەپلىمىلىكتەك ھەمىشە سەلبىي تۈس ئالمايدۇ»[16]. بىر تەرەپلىمىلىكمۇ، ئادەت كۆچىمۇ بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئەزالىرىنى مەلۇم بىر ئىجتىمائىي كاتېگورىيىگە تەۋە قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. يەكلەش ۋە كەمسىتىش دەل مۇشۇنداق ئىجتىمائىي كاتېگورىيىگە تەۋە قىلىش جەريانىنىڭ ھەرىكەت جەھەتتىكى ئاقىۋىتى. بىر شەخس ھەرىكىتىنىڭ سەلبىي نەتىجىسى باشقىلارنىڭ شۇ مىللەت ھەققىدىكى قاتمال تەسراتى ۋە پوزىتسىيىسىنى شەكىللەندۈرسە، شۇ پوزىتسىيە ۋە قاتمال تەسرات ئاساسىدا يېتىلگەن ئادەت كۆچى ھەم بىر تەرەپلىمىلىك شۇ مىللەت ئەزالىرىنىڭ يەكلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇلغانغان كىملىكنىڭ بىر مىللەتكە قانچىلىك زور سەلبىي تەسىر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى مۇشۇنىڭدىن چۈشىنىش مۇمكىن. ئېرۋىڭ گوفمان «ياغلىق قاپاق» كىشىلەرگە تۇتقان مۇئامىلىمىزنى تەھلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:«ياتلار ئالدىمىزدا پەيدا بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆز ئەزالىرىنىڭ ئاجىز، قورقۇنچلۇق، ناچار تەرەپلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى ئاۋۋال ئويلىۋالىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەسەۋۋۇرىمىزدا نورمال ئادەملەر ئەمەس، بەلكى بەلگە قويۇلغان، ئوبرازى چۈشكەن كىشىلەر سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ»[17]. بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىمىز «ياغلىق قاپاق» بولغان ئادەمگە بولغان ئادالەتسىز مۇئامىلىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.ئەمەلىيەتتە، «بىر تەرەپلىمە قاراشتىن ۋاز كەچمىگەن ئادەم — كاللىسى تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغان ئادەمدۇر.»[18]

## ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە بۇلغانغان كىملىك

بىر مىللەتنىڭ بۇلغانغان كىملىكى يىلتىزىدىن سۈرۈشتۈرۈپ كەلگەندە شۇ مىللەت ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. چۈنكى، كىملىك ئۆز نۆۋىتىدە يەنە قۇرۇلما ۋە ئىدېئولوگىيىنىڭ مەھسۇلى. «بىر جەمئىيەتتە مەلۇم ئىجتىمائىي توپ ئەزالىرىغا بېرىلىدىغان مۇۋەپپەقىيەت پۇرسىتىنىڭ كەم بولۇشى ئىجتىمائىي بىنورماللىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.»[19] شۇ بىنورماللىقلار نەتىجىسىدە ئاشۇ بىر توپ كىشى ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى قىممىتىدىن گۇمانلىنىدۇ، خۇدۇكسىرەيدۇ، ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدىكى خۇنۇك تەرەپلەرنى ئاۋۋال كۆرىدۇ. شۇ خىل ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئۇلارنىڭ «ياغلىق قاپاق» بولۇشىغا يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىدىغان چىركىن تەرەپلەر ۋە ئىجتىمائىي بىنورماللىق سادىر قىلىشى ئۈچۈن«ئۈلگە»بولغىدەك ھەرىكەت مودېللىرى تېپىلىدۇ.بىز بىراۋغا «پارىخور»،«بۇزۇق»،«ئوغرى»دېگەن ناملارنى «سوۋغا »قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، شۇ ناملارنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللارنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ زاپچاسلىرى سۈپىتىدە ئاللىبۇرۇن بىر جەمئىيەتتە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنغان، يەكلەنگەن بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئەزالىرى «ياغلىق قاپاق»قا ئايلىنىدۇ. جەمئىيەتتىكى ھوقۇق، ئىمتىيازغا ئىگە ئىجتىمائىي كۈچ تەرىپىدىن قارىشى ئېلىنمايدىغان ئىرق، مىللەت، دىن كاتېگورىيىسىدىكى كىشىلەرنىڭ كىملىكى ئاسان بۇلغىنىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا يەھۇدىيلارنىڭ ناتسىستلار تەرىپىدىن يەكلىنىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە غەرب دۇنياسى تەرىپىدىن خاتا چۈشىنىلىشى، دەل ئۇلارنىڭ كىملىكىنىڭ بۇلغانغانلىقىدىن بولغان بولۇپ، ماھىيەتتە شۇ نامنى ئالغان ۋاقىتتا ھوقۇق جەھەتتە ئاجىز

كەلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ «ياغلىق قاپاق» ئوبيېكتىغا ئايلىنىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ بار - يوقلۇقى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا بىر جەمئىيەتتە قانچىلىك ھوقۇق، نوپۇزنىڭ بارلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئىمتىيازى يوق ئىجتىمائىي توپنىڭ ھوقۇقلۇق ئىجتىمائىي توپ تەرىپىدىن يامان ئاتاققا قېلىش — «ياغلىق قاپاق» ئوبيېكتىغا ئايلىنىش مۇمكىنچىلىكى كۈچلۈك. ھالبۇكى، بۇ ئاتاق ياكى نام شۇ ئاجىز توپنىڭ پېشانىسىدىن ئۇزۇنغىچە كەتمەيدۇ. نەتىجىدە شۇ ئىجتىمائىي توپنىڭ جىمىكى ئەزاسى ئىجتىمائىي بىنورماللىق سادىر قىلغان - قىلمىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كەملىكى بۇلغىنىش تەھدىتىگە دۇچ كېلىدۇ. ئىمتىيازغا ئىگە ئىجتىمائىي توپ ئەزالىرى «ياغلىق قاپاق» بولغان توپ ئۆزىنى ئاقلىسىمۇ ئارىغا ئالمايدۇ ۋە ئۇلار بىلەن باراۋەر يوسۇندا ئالاقە ئېلىپ بېرىشنى خالىمايدۇ. «ياغلىق قاپاق» بولغان ئىجتىمائىي توپ ئەزالىرىنىڭ جەمئىيەتتىن قوبۇل قىلىۋالغان ئۆلچەم، مىزانلىرى ئاخىرى بېرىپ ئۇلارنى جەمئىيەت ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ.

2006 - يىلى ئۆكتەبىر، دۆلەت بايرىمى كۈنى ئۈرۈمچىدىكى ئۆيۈمدە تېلېۋىزور كۆرۈۋېتىپ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ قانۇن قانىلىدا كۆرسىتىلىۋاتقان بىر پروگراممىغا دىققىتىمنى تارتتى. قانالنى ئېچىپ تۇرۇشۇمغا 20ياشلاردىكى ئىككى ئۇيغۇر بالىنىڭ يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان كۆرۈنۈشى چىقتى. ئىككى بالىنىڭ يېنىدىكى داسقا سۇلياۋ بىلەن ئورالغان خورما چوڭلۇقىدىكى قارا نەرسىلەر تۇراتتى. ئەسلى بۇ ئۇيغۇر باللار زەھەرلىك چېكىملىكنى يۇتۇۋېلىپ يۆتكەش داۋامىدا ئايرودرومدا قولغا چۈشكەنىكەن؛ داستىكى قارىقۇرا نەرسىلەر ساقچىلارنىڭ سوراق قىلىپ بېسىم ئىشلىتىشى نەتىجىسىدە مۇشۇ باللارنىڭ تەرەت يولىدىن چىققان خروئىن ئىكەن. ھاڭ - تاڭ قالدىم. ئۇلارنىڭ شۇنچە يوغان، شۇنچە جىق خروئىننى قانداق قىلىپ قورسىقىدا ساقلىغانلىقىغا، قانداق چىقىرىپ بەرگىنىگە ئەقلىم يەتمەيدۇ. ئاشۇ كۆرۈنۈشلەرمۇ ھازىرغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. كېيىن مەن يەنە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پروگراممىلاردىن ئادەم، ئېپىيات سودىسى قىلغان، خروئىن ساتقان، ئوغرىلىق - يانچۇقچىلىق قىلغان ئۇيغۇرلارنى كۆردۈم. بۇ بىر قاتار ئىش ئۇيغۇرنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە كەملىكىنىڭ بۇلغىنىشى ۋە باشقا مەدەنىيەتلىك، ياخشى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ خاتا چۈشىنىلىشىنى ئاساس بىلەن تەمىنلەيتتى. مەن «نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟»دەپ سوئال قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئويلاندىم. بىر ئادەمنىڭ ياكى بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئىجتىمائىي بىنورماللىق سادىر قىلىشىغا مەنبە بولىدىغان ئىچكى مېخانىزم ۋە ئىمكانىيەت شۇ جەمئىيەتنىڭ ئۆزىدىن كېلىدۇ. «پارىخور» دېگەن ئاتاقنى بىراۋغا سوۋغا قىلىپ، شۇ پارىخورلۇق يىلتىز تارتىدىغان تۇپراق — ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدىكى نامۇۋاپىق تەرەپلەر ئۆزگەرتىلمىسە، بىر ئىجتىمائىي توپقا «ئوغرى - يانچۇقچى» دېگەن ئاتاقنى بېرىپ، يەنە ئىچكى قىسمىدىن شۇ خىل ھەرىكەتلەرگە يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىدىغان ئىجتىمائىي مۇھىت تۈزەلمىسە، ئۇ ھالدا بۇلغانغان كەملىكنىڭ مەنبەسىنى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدىن ئىزدىمەي ئامال يوق. چۈنكى، كۆپ ھالدا شەخسنىڭ مەسىلىسى جەمئىيەتنىڭ مەسىلىسى. ئىجتىمائىي ئامىلدىن مۇستەسنا ئىنسان بەختسىزلىكى بولمىغىنىدەك، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ تەسىرىدىن خالىي ھالدا كەملىك بۇلغانمايدۇ. ئوغرى تۇغۇلۇشىدىنلا ئوغرى بولۇپ تۇغۇلمىغان. ئۇ ئوغرىلىقنىڭ ھەرىكەت مودېلى ۋە ئىمكانىيىتىنى شۇ جەمئىيەتنىڭ ئۆزىدىن تاپقان. بىر پاھىشە تۇغۇلۇشىدىنلا پاھىشە بولۇپ تۇغۇلمىغان؛ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياشاش ئىمكانىيىتىنى تارايتىپ، مەۋجۇدلۇقىغا تەھدىت ئېلىپ كەلگەن كۈچ يەنىلا شۇ جەمئىيەتنىڭ ئۆزىدىن كەلگەن. بىز بىر ئىجتىمائىي توپقا ھەرخىل نام - ئاتاقنى سوۋغا قىلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، بۇلغانغان كەملىككە ئاخىرقى ھېسابتا ئىجتىمائىي مېخانىزم سەۋەب بولىدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى، ئەنگلىيە جەمئىيەتشۇناسى ئانتونىي گىددېنسنىڭ (1937 —)تىلى بويىچە ئېيتقاندا، «ساغلام بولمىغان مەدەنىيەت ئاساسىدا يېتىلگەن ئىجتىمائىي مۇھىت كۆپ ھالدا قانۇنسىز پائالىيەتلەرگە يوچۇق ئېچىپ بېرىدۇ.»[20]

بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ «ياغلىق قاپاق» ئوبيېكتىغا ئايلىنىشى، بىر مىللەت كەملىكىنىڭ بۇلغىنىشىدىكى سەۋەبلەرنى شەخسنىڭ ھەرىكىتىدىن، بىر تەرەپلىمە ئىجتىمائىي تونۇشتىن، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدىن ئىزدىگەندىن باشقا تارىخىي يىلتىزدىن ۋە بىر مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئېغىز ئالغان پسىخىكىلىق جاراھەتتىنمۇ ئىزدەش كېرەك. جالالىددىن رۇمىي: «ھەر قانداق نەرسە سەندىن تاشقىرى ئەمەستۇر. سەن نېمە ئىزدىسەڭ ئۆزۈڭدىن ئىزدىگىن»[21]دەپ ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك، ئۇيغۇرنىڭ بۇلغانغان كەملىكىنىڭ مەنبەسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە — جۈملىدىن تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلى يېتىلگەن كىرزىسلىق روھىي ھالىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. سەۋەبى:«مىللىي كەملىكنىڭ يىلتىزى تارىخىي مەنبەئەدۇر.»[22]؛ فرانسىيە بۈگۈنكى زامان مۇتەپەككۇرى ئېتيېن باليبار (1942 —)نىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «جىمى ئادەمنىڭ كەملىكى شەخسىي كەملىكتۇر. ئەمما تارىخىي ئامىلنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا بىرمۇ كەملىك مەۋجۇد ئەمەس.»[23] ئەسەد سۇلايمان بولسا بۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى تونۇشىنىڭ يېتەرسىزلىكىگە باغلاپ مۇنداق تەھلىل قىلىدۇ: «مىللىتىمىزنىڭ كېيىنكى ئەسىرلەردىكى پاجىئەسى دەل ئۆزىمىزنى تونۇشىمىزنىڭ كەملىكى ۋە ئەقلىي تەپەككۇرىمىزنىڭ سۇسلىقىدا ئىدى. بىزدە مەۋجۇدلۇقىمىزنى ئىپادە قىلالايدىغان، روھىي دۇنيايىمىزنى نۇرلاندۇرالايدىغان

ئىرادە بولمىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە قانچىلىغان تارىخىي پاجىئە، كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان يامان ئاقىۋەت ۋە تراگېدىيىلىك قىسمەت گويا يوقالماس سايىدەك مىللىتىمىز كەينىدىن سوگدىشىپلا كەلدى.»[24] ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بۇلغانغان كىملىكى — دەل شەھەرلىشىش ۋە بازار ئىگىلىكى داۋامىدىكى يىغىنچە تىراگېدىيىلىك قىسمەت ۋە پاجىئە، شۇنداقلا شەھەرلىشىش، تەرەققىيات، دەۋرنىڭ پۇرسەتلىرىدىن كۆرەڭلەپ ئۆزىگە پاتمايۋاتقانلار ئۈچۈن مەسخىرىلىك سوئال بەلگىسى.

## بۇلغانغان كىملىكنىڭ ئاقىۋەتلىرى

ئازغىنە كىشىنىڭ سەلبىي نەتىجە پەيدا قىلىدىغان ھەرىكىتى ئۆزى بىلەن كەتمەيدۇ؛ بەلكى ئۆزىنى قويىنىغا ئېلىپ تۇرغان ئىجتىمائىي توپ ۋە بىر خىل مىللىي كىملىكتىكى كىشىلەرنىڭ ئوبرازى، روھىي ھالىتى ۋە كەچۈرمىشلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بۇلغانغان كىملىكى مىللەت سانىغا نىسبەتەن ئازغىنە كىشى پەيدا قىلغان ئاقىۋەت بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىجتىمائىي پاكىت باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىكىسى، ھېس-تۇيغۇلىرى، ھەتتا ئەقلىي تالللىشى، ئۆزلۈك چۈشەنچىسىگە تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇلغانغان كىملىكى پەيدا قىلغان ئاقىۋەتلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

1. ئۆزىگە ئۆچ بولۇش(Self hatred). ئادەملەرنىڭ ئۆز كىملىكىنى ھېس قىلىشى ئەمەلىيەتتە بەكمۇ ئاددىي بولىدۇ: ئۆزىنى ئېتىراپ قىلغۇزۇش ئۈچۈن مەلۇم ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلىدۇ؛ ئەگەر ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى ئەتراپىدىكىلەرنىڭ قارشى ئېلىشى، قوللىشى، مەدھىيىسىگە ئېرىشسە، ئادەم ئۆزىنىڭ باشقىلار نەزىرىدىكى كىملىكىنى ئاشۇ باھالار ئاساسىدا مۇقىملايدۇ-دە، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاشىدۇ؛ ئۆز كىملىكىدىن پەخىرلىنىدۇ، ھۇزۇرلىنىدۇ. ناۋادا ئۆز ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى ئەتراپىدىكىلەر تەرىپىدىن يەكلەنسە، چەتكە قېقىلسا، زەربە بېرىش ئوبيېكتىغا ئايلانسا، ئادەم تەبىئىي ھالدا ئۆزىنىڭ باشقىلار نەزىرىدىكى كىملىكىنىڭ ئەرزىمەس، تۆۋەن ھالەتتە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئازابلىنىدۇ، خۇدۇكسىرەيدۇ، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ئازلايدۇ. ھەتتا «ياغلىق قاپاق» بولۇش نەتىجىسىدە، ھېچقانداق خاتالىق ياكى ئىجتىمائىي بىنورماللىق سادىر قىلمىغان بىر خىل مىللىي كىملىكتىكى باشقا كىشىلەرمۇ خاتا چۈشىنىلىپ يەكلىنىدۇ. بۇ ھال داۋاملىق قىلىۋەرگەنسېرى مىللىي كىملىكى تۆۋەنلەپ ئادالەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغان كىشىلەردە ئۆز مىللىتى، ئۆزىنىڭ كىملىكىگە ئۆچ بولۇش ھېسسىياتى شەكىللىنىدۇ.

**پاكىت تەھلىلى(5)**

ئۇ سودىگەر ئايالنىڭ ئىسمى زىبىرنىسا. مەن ئۇ ئايال بىلەن 2008-يىلى 25-مايدا كۆرۈشتۈم. ئۇ ئىچكىرىدە ئۇزۇن مۇددەت سودا قىلىپ ھاللانغان، ھالال تىجارەت قىلىدىغان، 45 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، گەپ-سۆزى جايىدا ئايال ئىكەن. ئۈرۈمچىدىكى دۇكىنىغا مال ئەكېلىش ئۈچۈن ھەر ئايدا بىر دېگۈدەك شاڭخەي، بېيجىڭ، خاڭجۇ قاتارلىق جوڭ شەھەرلەرگە قاتنايدىكەن. ئۇ، بارلىق ئارىلىقىدا ئۆزىنىڭ ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ناچارلىقىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ نەچچە قېتىم ياتاق ئالالمىغانلىقىنى دەپ ئۆتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر بولغانلىقىنى يوشۇرالمىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— بىز ئۇيغۇر دېگەنمۇ بىرلا ئىسكى خەقكەنمىز. ياتاق ئالالمىغان يەكلەنگىنىمدە ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر بولغانلىقىمنى شۇنداق يوشۇرغۇم كەلدى. بەزىدە ياتاق بەرمىگەن مېھمانخانا خىزمەتچىلىرى بىلەن سوقۇشۇپمۇ كېتىمەن. ھازىر قايسى شەھەرگە بارايلى، مۇقىم بىر مېھمانخانىغىلا چۈشىدىغان بولدۇم. بۇنداق بولغاندا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئارىدا ئىشەنچ شەكىللىنىدىكەن. ئەمما مېھمانخانا خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ بولغىچە بىرلا جىق بەدەل تۆلىدىم. ئىچكىرىدىكى ناچار ئۇيغۇرلار نامىمىزنى بىرلا بۇلغىۋەتتى. بەزىدە ئۇيغۇر دېگەن ئىزىمنىڭ مۇشۇنداق تۇغۇلۇپ بولمىغىنى ياخشى بولاتتى، ناچار مىللەت ئوخشايدۇ، دەپ ئۆزۈمگىمۇ ئۆچ بولۇپ كېتىمەن.

— ناچار ئۇيغۇرلار دېگىنىڭىز قانداق ئۇيغۇرلار؟

— ئوغرى-يانچۇقچىلىق قىلىدىغان، خۇرۇش ساتىدىغان، ئادەم سودىسى قىلىدىغان ئۇيغۇرلار ۋە تېنىنى ساتىدىغان قىزلار بولامدۇ!

زىبىرنىسانىڭ ئارىلاپ پەيدا بولغان ئۆزىگە ئۆچ بولۇش ھېسسىياتى — ئۇنىڭ مىللىي كىملىكىنىڭ بۇلغانغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. كىملىكى بۇلغانغان توپ ئۆزىنى باشقىلار ئالدىدا تايانچسىز، قەدىرسىز ھېس قىلىدۇ؛ شۇ توپ، شۇ قوۋمنىڭ ئەزاسى بولۇپقالغانلىقىنىڭ كاساپىتىگە ئۇچرايدۇ-دە، بىراقلا يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىپ ئۆزىگە، ئۆز توپىغا ئۆچ بولىدۇ. ئۆزىگە ئۆچمەنلىك كۆپىنچە ھالدا بىر ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلالمىغان، چەتكە قېقىلغان، ئادالەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغان كىشىلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. ۋاقتى كەلسە، شۇ توپ ئەزالىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى، ھەتتا ئارىلاپ ئېرىشىپ قالىدىغان شان-شۆھرىتىمۇ شۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ۋە ئۆز قوۋمىغا بولغان ئۆچمەنلىك ھېسسىياتىنى يوقىتالمايدۇ. ئەمما، ئۆزى بىرەر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ قەدىرلەنگەندە، ئېتىراپ قىلىنغاندا ئۆزىگە بولغان ئۆچمەنلىكى سۇسلايدۇ. شۇڭا ئۆزىگە بولغان ئۆچمەنلىك — ئەمەلىيەتتە كىملىكنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئارزۇسىنىڭ ئەلتۈكۈس بەربات بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

2. ئۆزىنى كەمسىتىش. مىللىي كىملىكنىڭ بۇلغىنىشى نەتىجىسىدە بەزى كىشىلەر ئۆزىگە ئۆچ بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۆزىنى كەمسىندۈرۈش ھېسسىياتى (Self_humiliation, 自卑感) دىن قۇتۇلالمايدۇ. چۈنكى، «ياغلىق قاپاق» ئوبيېكتىغا ئايلانغان خەلقنىڭ باشقا مىللەت نەزىرىدىكى ئوبرازى قاتمال تەسىرات نەتىجىسىدە شەكىللىنىپ بولغان بولىدۇ. شۇ ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە كىملىكى

www.uyghurkitap.com

بۇلغانغان مىللەت ئۆزى ھەققىدىكى چۈشەنچىنى باشقىلارنىڭ تەسىراتىدىن ئېلىپ، ئۆز كىملىكى ھەققىدە قارار چىقىرىدۇ. جامپسىنىڭ :«خەلق دېگەن كىملىكى بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىن قارار چىقىرالايدىغان كىشىلەر»دېگەن سۆزى ئاساسسىز ئەمەس.

پاكىت تەھلىلى(6)

ئىلۇپ — بېيجىڭدىكى مەلۇم بىر ئىدارىدە ئىشلەيدىغان ئۇيغۇر يىگىت. ئۇ 2008 ـ يىلى 24 ـ مايدا ماڭا مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى يېنىدىكى«يامىر ئاشخانىسى»دا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بۇلغانغان كىملىكى ھەققىدىكى قارىشىنى مۇنداق بايان قىلدى: «ئامموۋى سورۇنلاردا ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ كەتمەيمەن، ئاشكارىلىمىساملىقىم ئۇيغۇر بولغانلىقىمدىن تانغانلىق ئەمەس، بېيجىڭلىقلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى دەپ بىر قىسما مۇئامىلە قىلىشىدىن ئەنسىرىگىنىمدىن. راستىنى دېگەندە، ئۇيغۇر دېيىلەم باشقىچە كۆزدە مۇئامىلىگە ئۇچراش ئېھتىماللىقى كۈچلۈك. بۇنداق چاغلاردا ئىختىيارسىز ئۆزۈمنى كىرىستىپ قالىمەن.»

ئارۇپنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئامموۋى سورۇندا ئاشكارىلاپ كەتمەسلىكى، مېنىڭ بايا تىلغا ئالغان مىسالدىكى بېجىڭ سەپىرىمدە ئاپتوبۇسقا چىققاندا باشقىلارنىڭ يېنىدىن مەقسەتلىك نېرى تۇرۇشۇم— ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى كەمسىندۇرۇش ھېسسىياتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. كىملىكى بۇلغانغان مىللەت ھامان ئۆزىنى پەس كۆرىدۇ؛ ئۆزىدىن خۇدۇكسىرەيدۇ. مۇشۇ خىل ئىجتىمائىي كارتىنا ئامېرىكىلىق قارا تەنلىك يازغۇچى رالف ئېللىسوننىڭ 1960 ـ يىللاردا ئامېرىكىدا زىلزىلە قوزغىغان مەشھۇر رومانى «كۆرۈنمەس ئادەم»دە ناھايىتى ياخشى سۈرەتلەنگەن. رالف ئېللىسون كىملىكى بۇلغانغان— «ياغلىق قاپاق» بولغان نېگىر باش پېرسوناژنىڭ ھېسسىياتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «بىر خىل شەكىلسىز يۈز، ئۈنسىز ئاۋاز (faceless face, voiceless voice) روھىي دۇنيارىمنى باشقۇرۇپ تۇراتتى. مەن ئۆزۈمگە ئىگە بولالمايتتىم، ئۆزۈمگە ئىشىنەي دەپ ئىشىنەلمەيتتىم.»[25]

3. ئىجتىمائىي بىنورماللىقنىڭ ئېغىرلىشىشى. «قالپاق كېيىش»— «يامان ئات كۆتۈرۈش» تېخىمۇ كۆپ بىنورماللىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئانتونىي گىددېنسنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا «ئىجتىمائىي بىنورماللىق زەئىپ مەدەنىيەت تۈپىدا كوللېكتىپ پەيدا بولىدۇ.» شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئوغرىلىق سادىر قىلىپ «ئوغرى ـ يانچۇقچى»دەپ ئاتىلىش بۇ ھادىسىنىڭ تېخىمۇ ئەدىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خىروئىن چېكىدىغان، ئېيىتىنى ساتىدىغان، ئوغرىلىق قىلىدىغان، ئاشىندارچىلىقنى ئەيىب كۆرمەيدىغان، «رەڭلىك سورۇن»نى جەمئىيەت مىقياسىدا قوبۇل قىلغان ھادىسىلەرنىڭ ئەدەپ كېتىشى، شۇ ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلغۇچىلارنىڭ خىيالىدا ئۆز كىملىكىنى مۇقىمداپ، ئۆزىنى مەيلىگە قويۇۋەتكەنلىكىدىن.

4 .يىمىرىلگەن ئۆزلۈك. ئۆزلۈك ئوبرازى ئادەمنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى كۆزىتىشىدىن كېلىدۇ. ئۆزلۈك — ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقى، ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى تونۇشى. ئۆزلۈكى يىمىرىلگەن ئادەم خاسلىقى ئاجىزلاشقان، ئۆزگە قوۋمنى چوڭ كۆرۈش ھېسسىياتى كۈچىيىپ كەتكەن، خاراكتېرى چاڭگاللاشقان، ئۆزىنىڭ قىممىتىدىن گۇمانلىنىدىغان ئادەمدۇر. «ئۆزلۈككە قايىتقان ئادەم بولسا سۈيۈق بولغانلىقى ئۈچۈن سۇدىن، قاتتىق بولغانلىقى ئۈچۈن تاشتىن قورقمايدىغان ئادەمدۇر.»[26] كىملىكى بۇلغانغان ئۇيغۇر ئىجتىمائىي توپىغا كىرىكى دەل مۇشۇنداق ئۆزلۈككە قايىتقان ئادەمدۇر. ھالبۇكى، يىمىرىلگەن ئۆزلۈك شەخسكە خىرىس ۋە تەھدىتنى ھېس قىلدۇرۇپ تۇرغان رېئاللىقنىڭ نەتىجىسى بولغاچقا، «ياغلىق قاپاق» كىشىلەر ئۆزىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۇرۇنۇشى مەغلۇپ بولغاندا غۇرۇرىنى يوقىتىپ، مىللەتنىڭ باشقا ئەزالىرىغا ئەگەشمە زىيانلار ۋە پاسسىپ تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى. «ئۇيغۇر»دېگەن نامنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئۆز مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ ئىجتىمائىي بىنورماللىق سادىر قىلغانلار ئادەمگە ئېرىخ فروممنىڭ:«ئۆزلۈك ئىگە بولمىسا كىملىككە ئېنتىلىش ئېھتىياجىمۇ بولمايدۇ»[27] دېگەن گېپىنى ئەسلىتىدۇ.

## خۇلاسە

«بۇلغانغان كىملىك»— كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا ئازسانلىق كىشىنىڭ بىر جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي مىزان ياكى قانۇن ـ پەرمانلارغا خىلاپ بىنورمال ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلىشى نەتىجىسىدە، قالغان جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ «ياغلىق قاپاق» ئوبيېكتىغا ئايلىنىشى— يامان ئاتاققا قېلىشىغا سەۋەب بولىدىغان، جەمئىيەت تەرىپىدىن سەلبىي نام بېرىلىدىغان كىملىك ئوبرازىدۇر. مىللىي كىملىكنىڭ بۇلغىنىشى باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئالاقىدە شەخسنىڭ ئوبرازىغا سەلبىي بەلگە چاپلايدۇ. بىر مىللەتنىڭ بۇلغانغان كىملىككە شەخسنىڭ ھەرىكىتى، شۇ شەخسنى ئوراپ تۇرغان ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى كىشىلەرنىڭ بىر تەرەپلىمە قارىشى، ماكرو جەھەتتىن ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە تارىخىي ئامىل سەۋەب بولىدۇ. «قالپاق كېيىش»— «يامان ئات كۆتۈرۈش» بىر مىللەتنىڭ ئۆزلۈك ئوبرازىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ ھەرىكىتى، تۆيغۇسى ماشىنىلاشقان؛ خاراكتېرى چاڭگاللاشقان، كىملىك تۇيغۇسى ئاجىز، غۇرۇرسىز ئادەملەرنى ئاۋۇتىدۇ؛ ئۆزلۈكنىڭ يىمىرىلىشىنى تېزلىتىدۇ. «قالپاق كېيىش»— «يامان ئات كۆتۈرۈش» بىر مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسىنى تۆۋەنلىتىدۇ، ھەتتا ئۆزگە بولغان ئۆچمەنلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نەتىجىدە تېخىمۇ جىق ئىجتىمائىي بىنورماللىق سادىر بولۇپ، مىللەت ئوبرازىنى «ياغلىق قاپاق» ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرىدۇ.

«بىر مىللەتتە ئۆزىنىڭ ئۇتۇقلىرى بىلەن بىللە يەنە ئۆز زەئىپلىكلىرى ۋە ئاجىزلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىدىغان جۈرئەت بولۇشى كېرەك.»[28] ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بۇلغانغان كىملىكى دەل ئۇيغۇرلار ئېتىراپ قىلىشقا ھەم ئويلىنىشقا تېگىشلىك پاكىت. «ئۇيغۇرلار بىزنىڭ مەھمۇد قەشقەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپىمىز بار، 12 مۇقامىمىز بار»دەپ پەخىرلىنىۋاتقان چېغىدا، ئۆزىنىڭ مىللەت ئوبرازىغا كۆلەڭگە تاشلاۋاتقان بىر رەھىمسىز پاكىتنى— ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بۇلغانغان كىملىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى ھەم شەخس

نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئامېرىكىدا ئاكتىپ ئىجابىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشى زۆرۈر. شەخس بىلەن مىللەتنىڭ تەقدىرى شۇنچىلىك زىچ باغلانغانكى، مىللەتنىڭ كىرىزىسى — شەخسنىڭ كىرىزىسىدۇر. شەخسنىڭ ھەرىكىتى — بىر مىللەت ئوبرازىنىڭ سۈزۈك ئەينىكىدۇر. بىزنىڭ ئازغىنە مەنپەئەت ئۈچۈن تېرىغان شالتىقىمىز ۋاقتى كەلسە ئۆزىمىز بىلەنلا كەتمەيدۇ، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرنىڭ كىملىك ئوبرازى ھەربىر شەخسنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنىغا تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ھەر بىر شەخس ئاۋۋال ئۆزىگە يۈز كېلىش، مىللەتكە يۈك بولۇپقالماسلىقى ئۈچۈن ئاكتىپ ھەرىكەتكە ئۆتۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆز ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى ئالدىدا جاۋابكار بولۇشى كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بۇلغانغان كىملىكى كىرىزىسىدە بىر ئادەم ئاۋۋال ئويلىشىشقا تېگىشلىك مەسىلە بىرلا: بىر ئادەم بىر مىللەت دېمەكتۇر. ئۇيغۇرنىڭ بۇلغانغان كىملىكى ئالدىدا، قانچىلىك ئاجىز ۋە ئۈمىدسىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىزنىڭ يېنىلا ۋىجدان، ئەخلاق چاقىرىقلىرىغا مۇراجىئەت قىلماقتىن باشقا ئامالىمىز يوق. ئۆزىنى كەمسىتىش، چۈشكۈنلىشىش، تۆكۈلۈۋېلىش يولى بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. ھەر بىر شەخس مىللىي كىملىك ئۈچۈن قەرزدار ھەم مەسئۇلىيەتچان ھەرىكەت بىلەن ئەتىنى كۈتۈۋېلىشى كېرەك. جۇڭگو قان سىستېمىسىدىن بولغان ئاۋسترالىيىلىك مۇتەپەككۇر جېن ۋېيگونىڭ كېيىن بويىچە ئېيتقاندا، «تۈنۈگۈنكى قۇياش ئۆلتۈردى، ئىنسان ھامان ئەتىكى قۇياشنى كۈتۈۋېلىشى كېرەك.»

## ستاتا مەنبەلىرى

[1] جېك بوچېك:«زامانىۋىلىقتىن چىقىش»

成伯清: "走出现代性", 社会科学文献出版社, 2005年, 第82页

[2] سامۇئېل خۇنتىڭتون:«بىز كىم؟»

塞缪尔.亨廷顿（美）: "我们是谁? ", 新华出版社, 2005年, 第12页

[3] يۇقىرىقى كىتاب 22 ـ بەت.

[4] راندال كوللىنس، مايكىل ماكاۋۇسكىي:«جەمئىيەتنى بايقاش»

兰德尔.克林斯, 迈克尔. 马科夫斯基（美）: "发现社会之旅", 中华书局出版社, 2006年, 第380页

[5] جېك لى: «زىگمۇند باۋمەننى چۈشىنىش»

郑莉: "理解鲍曼", 中国人民大学出版社, 2006年, 第151页

[6] كارل روگېرس:«ئادەم بولۇش توغرىسىدا»

Carl R.Rogers:"个人形成论", 中国人民大学出版社, 2005年, 导言, 第4页

[7] راندال كوللىنس، مايكىل ماكاۋۇسكىي:«جەمئىيەتنى بايقاش»، 341 ـ بەت.

[8] ھېنرىي پونتېل:«ئىجتىمائىي بىنورماللىق» (4 ـ نەشرى)

Henry N. Pontell "Social Deviance"(Fourth Edition), Prentice Hall, p.52

[9] سامۇئېل خۇنتىڭتون:«بىز كىم؟»، 21 ـ بەت.

[10] ئېرۋىڭ گوفمان:«ئەيىبناق: بۇلغانغان كىملىك ھەققىدە خاتىرىلەر»

Erving Goffman:"Stigma, Notes on the Management of Spoiled Identity"

[11] ئېرىخ فروم:«ساغلام جەمئىيەت»

Erich Fromm: "健全的社会"（美）, 国际文化出版公司, 2003年, 第12页.

[12] جوناتان پوتتېر:«پاراڭ ۋە جەمئىيەت پسىخولوگىيىسى»

Jonathan Potter: "话语和社会心理学", 中国人民大学出版社, 2006年, 第128页

[13] جورجى رىتزېر:«كېيىنكى مودېرنىزم جەمئىيەتنىڭ نەزەرىيىسى»

George Ritzer : "后现代社会理论", 华夏出版社, 2003年, 第141页

[14] يۇقىرىقى كىتاب 137 ـ بەت.

[15].[16] جېن پېتېر، م .ۋىللېمسېن باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «ئاز سانلىق مىللەتلەر»

Jan Pieter Van Oudenhoven Tinke M. Willemsen: "Ethnic Minorities", Amesterdam: Lisse Publishing, 1989, p.15

[17] ئېرۋىڭ گوفمان:«ئەيىبناق: بۇلغانغان كىملىك ھەققىدە خاتىرىلەر»، 5 ـ بەت.

[18] جېن پېتېر، م .ۋىللېمسېن باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «ئاز سانلىق مىللەتلەر»، 17 ـ بەت.

[19] ئانتونىي گىددېنس:«جەمئىيەتشۇناسلىق»

Anthony Giddens: "社会学", （第四版）, 北京大学出版社, 2001, 第263页

[20] يۇقىرىقى كىتاب 264 ـ بەت.

[21] رادىي فىش:«جالالىددىن رۇمىي»، تاشكەنت 1986 ـ يىل ئۆزبېكچە نەشرى 46 ـ بەت.

[22]، [23] ئېتىيېن بالىبار، ۋاللېر ستەيىن:«مىللەت، سىنىپ، ئىرق: مەۋھۇم كىملىك»

Eteine Balibar, Waller stain:"Nation, Class, Race: Ambiguous Identities", Vintage Press, 1998, p.94

[24] ئەسەد سۇلايمان: «ئۆلۈم ئېڭى ۋە مەدەنىيەت پسىخىكىمىزنىڭ يوشۇرۇن قاتلىمى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1996 ـ يىل 1 ـ 2، (قوشما سان؛ «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىل نەشرى 457 ـ، 458 ـ بەتلەر.

[25] رالف ئېللىسون:«كۆرۈنمەس ئادەم»

Ralph Ellison: "Invisible Man", Foreign Language Teaching and Research Press, 2002

[26] كارل روگېرس:«ئادەم بولۇش توغرىسىدا»، 164 ـ بەت، ئاپتورنىڭ يەنە بىر پسىخولوگ ئابراھام ماسلوۋنىڭ بايانىدىن ئالغان نەقلى.

[27] ئېرىخ فروم:«ساغلام جەمئىيەت»، خەلقئارا مەدەنىيەت نەشرىياتى (خەنزۇچە) 2001 ـ يىل نەشرى.


[28] ئەسەد سۇلايمان: «ئۆلۈم ئېڭى ۋە مەدەنىيەت پسىخىكىمىزنىڭ يوشۇرۇن قاتلىمى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1996 ـ يىل 1 ـ 2، (قوشما سان؛ «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە» 458 ـ بەت.

---

ئاپتور : ئامېرىكا ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتى جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى(M1)

ماقالىنى تەكلىپلىك بېكىتكۈچى: ئىمىن ئەھمىدىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



**روھ يىلتىزى**

## ھەبىبۇللا توختى

1

ئۆرنەكسىز يارىتىلغان كائىنات. ئاتوم زەررىچىلىرىدىن پلانىتالارغىچە بارلىق شەيئىدىكى نەچچە مىليون ئەسىرلىك مۇنتىزىم ھەرىكەت جەريانى ئۆزىگە سىڭگەن چەكسىز سەلتەنەت ئارقىلىق بىزنى ھەمىشە مەپتۇن قىلىدۇ. شۇ دەقىقىلەردە تەپەككۇرىمىز ئۆزىدىكى بارلىق ئىمتىيازنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. تەپەككۇردىن ھالقىغان ئاللىقانداقتۇر بىر سېزىم تەپەككۇرىمىزغا بۇ چەكسىز سەلتەنەت بىلەن بىزدىكى مەپتۇنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى غەيبىي قۇدرەت ۋە غەيبىي گۈزەللىكتە بولغان ئىبۇنىش دەپ ئىدرىجىمە قىلىپ بېرىدۇ.

بىز يۇلتۇزلۇق ئاسماندىن ھېچبىر نۇقسانىنى كۆرمىگەن، ئەمما كۆزىمىز تالغان ھالدا ئۆزىمىزگە، تاپىنىمىز ئاستىدا پېيىلىپ ياتقان مۇقەددەس تۇپراققا قايتىپ كېلىمىز. تۇپراقمۇ ئوخشاشلا گۈزەللىك ۋە مۆجىزانە مەنزىرىلەرگە تولغان: چۈمۈلە بىلەن پىلنىڭ قامىتىدىكى مۆجىزانە ئىپادە تەبىمۇ تىدۇ. چۈنكى ئۇلارنى ئاپىرىدە قىلغان قۇدرەت ئۇلارنىڭ ھەجمىنى ئۆزىدىكى

ئېنېرگىيە ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى مەۋجۇدىيەت دۇنياسىغا بېغىشلىماقچى بولغان ھېكمەت ۋە رەھمەت، قىسقىسى، گۈزەللىك ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن شۇ يوسۇندا بەرپا قىلغان. چۈنكى، بۇ قۇدرەت ئالدىدا قىيىنلىق ـ ئاسانلىق دەرىجە سۈپىتىدە ئەمەس، پەقەت يارالمىش مەۋجۇدلۇق سۈپىتىدىلا مەۋجۇدتۇر.

مانا بۇ گۈزەللىكنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن چۈشىنىلىنىشى ۋە ئىشىنىلىشى ـــ مەدەنىيەت؛ كونكرېت شەكىلگە كىرىپ تاكامۇللىشىشى ـــ شەھەرگە، قەلئەگە، مەكتەپكە ئايلىنىشى ھەزارەتتۇر.

شۇڭا بۇ گۈزەللىك دۇنيا تارىخىدا ئۆزىنىڭ كونكرېت ئىپادىسىنى تاپقان، شۇنداقلا ھەر بىر شەخسنى مەدەنىيەت كىملىكىدىن ئىبارەت سالاھىيەت ئىسپاتى بىلەن تارتۇقلىغان. ئىنسانلاردىكى ئەقىدە، ئەمگەك (ئەمەل) ۋە تەپەككۇرنى مۇنبەت تۇپراق قىلغان بۇ گۈزەللىكنىڭ مەھسۇلى بولمىش مەدەنىيەت ئۆز تاكامۇلى باسقۇچىدا شۇنداق سېھىرلىك بىر تۇستە بىزنى ئوراپ تۇرغان روھىي ئاتموسفېرادۇركى، ئۇ بىزگە ئەمەس، بىز ھەمىشە ئۇنىڭغا موھتاج. بىز پەقەت ماددىي ۋە روھىي تىرىكچىلىكىمىز تۈپەيلىدىنمۇ، بۇ سېھىرلىك ئاتموسفېرادىن تىن ئېلىشقا مەجبۇرمىز. ئۇ ھەمىشە ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئېرىتىش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش كۈچى ئارقىلىقلا بىزگە كىلىماتقا ماسلىشالمىغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈنلەي نەسلى قۇرۇپ كەتكەن گىگانت مەخلۇق دىنوزاۋۇرنىڭ ئېچىنىشلىق ھالاكىتى بىلەن، كىلىماتقا ماسلىشالىغانلىقى ئۈچۈن ھايات قالغان چۈمۈلىنىڭ ئەقلىي سەلتەنىتىنى سېلىشتۇرما سۈپىتىدە ئەسلىتىپ تۇرىدۇ.

دېمەك مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەت كىملىكى ھەربىر شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ پائالىيىتىنىڭ رولچىسىدۇر. بىز كونا، يېڭى تاش قوراللار دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئىنسانلار توپىدىمۇ ئوخشاشلا مەدەنىيەت كىملىكىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ۋە قىيا تاش ئويمىلىرىدىن ئېنىق پەرقلەندۈرەلەيمىز.

قىسقىسى، ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرىدىن تاكى ھازىرغىچە بولغان تارىخىي مۇساپىسى، كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ئورمان ۋە ئۆڭكۈرلەرنى پاناھ تۇتۇپ ياشىغان ئىنسانلارنىڭ كېيىنچە بەنى ئىسرائىل پەيغەمبىرى، گرېك پەيلاسوپى، ھىندى ھۆكۈماسى، ئەرەب شائىرى، خەنزۇ تارىخچىسى ياكى تۈرك مۇزىكانتىغا ئايلىنىشىغىچە بولغان جەريان ھېچقاچان ئەقىدە ياكى مەدەنىيەت كىملىكىدىن ئايرىلىپ باققان ئەمەس.

بىز ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئادەملىرىنىڭ ئەۋرىتىگە تېرە تارتىپ يۈرگەن ھالىتىدىن تارتىپ، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت كىملىكى ۋە ئىجتىمائىي قاتلام تەۋەلىكىگە خاس كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى بەرپا قىلىش باسقۇچى ياكى مەقامىغىچە، مەزكۇر باسقۇچ ياكى مەقامدىن ئەمدىلىكتە يەنە ئەۋرىتىگە لاتا تارتىۋېلىش دەرىجىسىگە چۈشۈپ قېلىشىغىچە بولغان تارىخىي مۇساپىدە ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ ئورتاق بىرخىل غەيبىي كۈچنىڭ تەسىرىدىن پائاللىشىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا ئىنسانلاردىكى ئەقلىي فۇنكسىيىنىڭ بىر خىل قېلىپتا قويۇلغانلىقىنى... شۇڭا ئىنسانىيەتنىڭ ئىرسىي ۋە ئىرقىي پەرقتىن خالىي ھالدا ئەقەللىيسى «ئەۋرەت ئېڭى»دە بولسىمۇ بىردەك قاراشتا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مەدەنىيەت گەرچە ئەقلىيەت، ئىجتىمائىيەت ۋە سىياسى ـ ئىقتىساد ئامىللىرى ئاساسىدا تاكامۇللاشسىمۇ، مەزكۇر ئېلېمېنتلار بىردەك مەزكۇر مەدەنىيەتنىڭ كىملىك ساھىبى بولمىش شەخسنىڭ تەپەككۇرىدا، جەمئىيەتنىڭ تەپەككۇر سىستېما ئۇسلۇبىدا جەۋھەرلەشكەن تەرزدە گەۋدىلىنىدۇ.

تەپەككۇر ئۆز نۆۋىتىدە مەدەنىيەتنىڭ خېمىر تۇرۇچى بولۇش بىلەن بىرگە، جەمئىيەتتىكى مەدەنىي ئاتموسفېرانىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ھەمدە ئۆزئارا تولۇقلىنىش ۋە تاكامۇللىشىش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ رېئاللىشىشى دۆلەت ۋە ئەلنىڭ كېلەچىكىدۇر.

ئالايلۇق، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى بىلەن تۈركىيىدىكى مىللىي ئىنقىلاب تەڭ باشلانغان، بۇ ئىككى ئەلدىكى ئىچكى ئىسلاھاتمۇ تەڭ باشلانغان. ئەپسۇسكى، مۇستاپا كامالنىڭ ئىسلاھاتى دەسلەپ كاللىدىكى ئىدىيىنى ئالماشتۇرۇش ئەمەس، بۆكنى شلەپىگە ئالماشتۇرۇش، قۇرئاننى تۈركچە تىلاۋەت قىلىش، نامازنى مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ئوقۇش... قاتارلىق بىر قاتار بىمەنە ئىسلاھاتنى يۈرگۈزۈۋاتقاندا، روسىيە ئىزچىل تۈردە دۇنيادىكى داڭلىق ئىلمىي ۋە پىكرىي ئەسەرلەرنى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىشنى باشلانما قىلغان. لېنىننىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكىدە باشلانغان بۇ تەرجىمە ھەرىكىتى ئىزچىل داۋاملىشىپ، يېرىم ئەسىردىن كېيىنلا رۇسلار ئاي شارىغا قەدەم قويغان تۇنجى ئىنسان پۇشتى بوپقالغان. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىمۇ روسىيىدە نەشر قىلىنغان 250 پارچە ئىلمىي ژۇرنالنى ئۆز قەرەلىدە، ئۆز پېتى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تارقىتىشنى قارار قىلغان. ھالبۇكى تۈركىيە بۇ چاغلاردا غەربنىڭ قورال

ئىسكىلاتى بولۇپ قېلىۋەرگەن.

بىز كۆز ئالدىمىزدىكى دۇنيا خەرىتىسىگە مەدەنىيەت ـ ھەزارەت پەرقىگە ئاساسەن رەڭ بېرىپ چىقساق، يەنىلا ھەزارەت ئورتاقلىقىغا ئىگە مىللەت ياكى جامەئەلەرنىڭ رايون ياكى ئىرقىي پەرقلەردىن خالىي ھالدا ئوخشاشلا بىر خىل ئىجتىمائىي قاتلامدا ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ نېفىت بەلبېغىغا ئىگە ئەرەب ئەللىرىنىڭ يىللىق مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى مىكروسوفت ياكى نوكىيا شىركىتىنىڭ مۇقىم مەبلىغىدىنمۇ، ياكى ئىسپانىيىنىڭ يىللىق كىرىمىدىنمۇ ئاز ئىكەن. مۇقەددەس دىن، مۇقەددەس زېمىن ۋە چەكسىز بايلىققا ئىگە بۇ ئەللەردىكى تەپەككۇر نامراتلىقى ئۇلارنى غەرب ئالدىدا ھازىرچە مۇتلەق مۇنقەرز قىلىپ قويمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى خارزەبۇن ھالىتىنى بەلگىلەپ قويغان.

دېمەك، ئورتاق ھەزارەتكە ئىگە مىللەت ـ قوۋملارنىڭ تەپەككۇر ئۇسلۇبىنى بايقاش، شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ «گېن خەرىتىسى»نى سىزىپ چىقىش دېمەكتۇر. بىز بۇ خەرىتە ئارقىلىق مەزكۇر مەدەنىيەتنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسىنى ئوخشاشلا كۆرەلىشىمىز ۋە ئۇنىڭدىكى ئىللەتلەرگە داۋا تاپالىشىمىز مۇمكىن.

2

ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر تارىخى ماھىيەتتە ئىنسانىيەت كەچۈرمىشىنىڭ «تېز سىزمىسى»دۇر. بىز ئىنسانىيەت بېشىغا كەلگەن ھەربىر قازا ۋە ئۇتۇق، ئەزگۈلۈكلەرنىڭ ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ تەپەككۇر ئادىتىگە ئۆچمەس تامغا باسقانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

ئىنسانىيەتنى ئۇلاردىكى ۋەھىمە بىلەن قوشۇپ يۇتۇۋەتكەن توپان بالاسى ھاياتلىقنىڭ ھەمىشە گۇمران بولۇش ئېھتىماللىقىدىن يىراق ئەمەسلىكىگە ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنى ئاللىقاچان كۆنۈكتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، ئاتوم ـ يادرو ياكى گېن قوراللىرىدىن ئىبارەت بالايىئاپەت ئۇلارنى ۋەھىمىگە سالالمىدى. چۈنكى تاغدەك دولقۇنلار ئىچىدە لەڭ ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى ئۇلارنىڭ ھامان نىجاتلىق ساھىلىغا يېتەلەيدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى.

«تەۋرات»، «ئىنجىل»، «قۇرئان كەرىم» قاتارلىق ساماۋى كىتابلاردىكى ئايەتلەر ئارقىلىق بۇ قىسسىنىڭ تەكرار زىكرى قىلىنىشى، مەزكۇر ھادىسىنىڭ ياكى شۇ شەكىلدىكى بالايىئاپەتلەرنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا ئۇمۇرتقىلىق رول ئوينىغان تىللاردا ئاساسەن دېگۈدەك ئورتاق ياكى شەكىلداش ئاتىلىشى ــ مىسالەن: سام ـ ھام تىللىرى تۈركۈمىدىكى ئەرەب تىلىدا تۇفان (طوفان)، گرېك تىلىدا تىفون (typhon)، ئىنگلىز تىلىدا تايفۇن (typhoon)، خەنزۇ تىلىدا تەيفېڭ (台风) ــ مەزكۇر ھادىسىنىڭ ئىنسانىيەت تەپەككۇرىدىكى ئۆچمەس ئىزناسىنىڭ شاھىتىدۇر.

3

ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ پائالىيەت يۆنىلىشى تارىختىن بۇيان ئۇلارنىڭ زامان ـ ماكاندىن ئىبارەت مەۋجۇدىيەت قېلىپىنى قايسى شەكىلدە كۆزىتىشى ياكى قايسى خىل ھالەتتە چۈشىنىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كېلىۋاتاتتى.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، «ماكان ــ كائىناتنىڭ تېنى، زامان ــ جېنى»دىن ئىبارەت بولۇپ، خۇددى شەكىل بىلەن ماھىيەتتەك ئىككىسىنى ئايرىۋەتكىلىمۇ، بىرلەشتۈرگىلىمۇ بولمايتتى. خۇددى تەبىئىي پەن پەيلاسوپى جان پياگېت ئېيتقاندەك: «زامان ھەرىكەتچان ماكان، ماكان تۇرغۇن زامان» ئىدى.

بۇ ئىككى ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتى جەريانىدىكى ئىنكاسىنىڭ يەكۈنلىمىسى ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشىدىن ئىبارەت ئىدى.

بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مېنىڭچە، بىزنىڭ زامان ـ ماكانغا بولغان مەۋجۇدىيەت نۇقتىئىنەزىرىنى چىقىش قىلغان ھالدىكى چۈشەنچىمىز تەپەككۇرىمىزغا قانۇنىيەت، دۇنيا خاراكتېرلىك چۈشەنچىمىز نەزەرىيە، رايون خاراكتېرلىك چۈشەنچىمىز ئاددىي ساۋات ياكى پاسسىپ كۆنۈكۈش (ئادەتلىنىش) قىسمىتىنى پىچىپ بېرىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئورتاق ئەقلىي تاسقامدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ھاسىل بولىدىغىنى يېڭى نەزەرىيىۋى پىكىر ــ تەلىماتتىن ئىبارەت.

ھراكلىت تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان زاماننىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بارمۇ؟ دېگەن بۇ سوئالغا ئەپلاتوننىڭ: «بار. چۈنكى زامان يارىتىلغاندۇر» دېگەن تەلىماتى توغرا جاۋاب بولسىمۇ، يەنە شۇ زامان ـ ماكان قېلىپىدا تۇرۇپ تەپەككۇر قىلىدىغان ئىنسانلارغا ئاممىباب تىل بىلەن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى زامان يارىتىلغان چاغدا دەيدىغان «چاغ ـ زامان»، جايدا دەيدىغان «جاي ـ ماكان» تەسەۋۋۇردىمۇ بولماسلىقى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئارىستوتېلنىڭ دۇنيانىڭ ئەزەلىيلىكى ھەققىدىكى تەلىماتى نۇقتىسىدىن ئېيتىلغان زاماننىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى يوق ئىكەنلىكى ھەققىدىكى

www.uyghurkitap.com

پىكىر بەكرەك ئالقىشلاندى.

ئارستوتېلنىڭ مەزكۇر نەزەرىيىۋى ئاساس ئۈستىگە بەرپا قىلىپ چىققان تەبىئىي پەن تەلىماتلىرى كېيىنچە باشقا يۇنان ئېقىملىرى بىلەن بىللە ئىنسانلارنىڭ پەننى دىنلەشتۈرۈپ، دىننى پەنلەشتۈرۈپ چۈشىنىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىزچىل تارىخىي پاجىئەسىنىڭ ئەۋجى سۈپىتىدە خرىستىيان چېركاۋ پەلسەپىسى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، خرىستىيان دۇنياسىنىڭ ئەقىدىۋى ئەندىزىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇزاققا سوزۇلغان ئوتتۇرا ئەسىر خرىستىيان دىنىي جاھالىتى دەۋرى مانا شۇنداق باشلىنىپ، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات سىستېمىسىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ئۇزاققا سوزۇلغان بۇ بۇرۇقتۇرمىلۇقتىن ياۋروپانىڭ ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىن ئىبارەت تارىخىي سىلكىنىشى روياپقا چىقتى.

بۇ تارىخىي سىلكىنىشمۇ فارابىي، ئىبىن سىنا قاتارلىق ئىسلام پەيلاسوپلىرىنىڭ ئەمگىكى — يۇنان پەلسەپە مىراسلىرىنىڭ ئەسلىي ھالىتى بويىچە ئىسلام دۇنياسىغا تونۇشتۇرۇلغان تەرجىمە نۇسخىلىرىنى ئوت پىلتىسى قىلغانىدى.

بۇ ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ غەلىبىسى، ئۇلارنىڭ بۇ ساھەنىڭ «تەرجىمانى» بولالىغانلىقىدا، ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيىتى «تەرجىمان» بوپقالغانلىقىدا ئىدى.

ئۇلارنىڭ غەلىبىسى شۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدىكى، ئۇلار ئىسلامىيەتنىڭ ئاساسلىق ئۇل - شاخچە بىلىملىرىنى بىردەك ئەقلىيلەشتۈرۈپ نەزەرىيىۋى تۈسكە كىرگۈزگەن ۋە شۇ ئاساستا يات دىن، يات مەدەنىيەت ساھىبلىرىنى ئۆزمەدەنىيىتىگە جەلپ قىلغانىدى.

ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيىتى، يۇنان پەلسەپىسىدە تەنقىدىي مەيداندا ئەمەس، تەقلىدىي مەيداندا چىڭ تۇرۇشى ئىدى. ئۇلار ھەتتا يۇنانلىقلاردىنمۇ بەكرەك يۇنانلىشىپ كەتكەنىدى، بەرپاچىلىق يوقنىڭ ئورنىدا بولغانىدى.

شۇ سەۋەبتىن تىنىچ تېز لىنىيە بويىچە تاماملانغان ئىسلاملىشىش جەريانىدىن كېيىن ئۇلار بالاغا قالدى. ئىمام غەززالىي «پەيلاسوپلارنىڭ ھالاكىتى» ناملىق ئەسىرىدە ئۇلارنىڭ يىگىرمە چوڭ پرىنسىپال مەسىلىدە خاتالاشقانلىقىنى، ئون يەتتە مەسىلىدە ئىلمىي خاتالىق سادىر قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنداقلا قالغان ئۈچ مەسىلىدە ئۇلارنى ئازغۇنغا چىقىرىۋەتتى.

ئۇنىڭ بىرى، دەل ئۇلارنىڭ ئارستوتېلنىڭ دۇنيانىڭ ئەزەلىيلىكى ھەققىدىكى تەلىماتىغا ئىشەنگەنلىكى ئىدى.

ئىمام غەززالىينىڭ بۇ كەسكىن مەيدانى يەنە دۇنيانىڭ ئەزەلىيلىكى تەلىماتى ۋە يېڭى پىلاتونىزىم تەلىماتىنىڭ چالا تۇغۇندىسىدىن ئىبارەت ئاشقۇن سوپى مۇتەپەككۇرلارنىڭ ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد (پانتېئىزم) ۋە ئاتالمىش «بىرلىشىپ كېتىش» بىدئەت تەلىماتلىرىغىمۇ ئەجەللىك زەربە بەردى.

چۈنكى مەزكۇر تەلىماتلار نورمال ئەقلىي ئۆلچەمنى ئاساس قىلغان ئىسلام ئەقىدىسىگە ماس كەلمەيلا قالماستىن، بەلكى قارشى ئىدى.

بۇ زەربىدىن قاتتىق سىلكىنگەن يۇقىرىدىكى مەسىلەكتىن دەرھال ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد تەلىماتىنىڭ ئەڭ چوڭ نەزەرىيىچىسى، پەيلاسوپى مۇھەممەد ئىبىن ئەرەبىي مەيدانغا چىقتى. ئۇ بۇ تەلىماتنى ئىنتايىن كەڭ ۋە مۇپەسسەل شەرھلەپ چىقتى. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بۇ تەلىماتنى يۈز نەچچە يىللىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى ۋە موڭغۇللارنىڭ يەرشارى خاراكتېرلىك ئىرقىي ۋە مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى تەسىرىدىن ئېغىر بوھرانغا يولۇققان مۇسۇلمانلار روھىيىتىنىڭ زامان - ماكان ئۇقۇمى ئالدىدىكى ئۆز ئەقىدىسىدىن ياتلاشقان روھىي گاڭگىرىشىنىڭ چىن تەسۋىرى ياكى مۇكەممەل بىر چۈشكۈنلۈك پەلسەپىسى دېسەكمۇ خاتالاشمايمىز.

دېمەكچىمىزكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى غايەت زور تارىخىي خاراكتېرلىك پاجىئەلىرىمۇ چوڭ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يەنىلا ئۇلارنىڭ زامان - ماكانغا بولغان تونۇشىنىڭ چولتىلىقىدىن، ياكى خاتا ئەقىدىۋى يۆنىلىش نۇقتىسىدىن چۈشىنىلگەنلىكىدىن بولغان دېيىشكە بولىدۇ.

بۇنىڭ دەلىلى دەل مۇشۇ ھالقىلىق تارىخىي پەيتتە مەيدانغا چىققان ئۆز دەۋرىنىڭ بەرپاچى مۇتەپەككۇرى ۋە ئۆلىماسى، مەشھۇر پەلسەپە تەنقىدچىسى شەيخۇلئىسلام ئىبىن تەيمىيەنىڭ «ئەقىل بىلەن نەقىل ئوتتۇرىسىدا مادارا»، «لوگىكىلارغا رەددىيە» قاتارلىق ئۇلۇغ ئەسەرلىرىدە مەزكۇر مەسىلىلەر ئەقىدىۋى نۇقتىدىن نۇقتىلىق ھەل قىلىنغاندىن كېيىنلا ئىسلام دۇنياسىدا يېڭى بىر گۈللىنىش دەۋرى بارلىققا كەلدى. ئىبىن تەيمىيە دۇنيانىڭ ئەزەلىيلىكى مەسىلىسىدىكى بۇ تۈگۈننى ئۆزىنىڭ: «دۇنيا ئەزەلىي ھادىسىۋى مەۋجۇدىيەتتۇر» دېگەن بىر جۈملە سۆزى ئارقىلىقلا يېشىپ تاشلىدى.

ئىبىن تەيمىيەنىڭ قارىشىچە، دۇنيانىڭ ماھىيىتى غەيبىي ئىرادىنىڭ تەقدىر پىچىمى نۇقتىسىدىن ئەزەلىي بولسىمۇ، كائىنات ئۆز ماددىيلىقى بىلەن نوقۇل ھادىسىۋى رېئاللىقى مەۋجۇدىيەت ئىدى.

شۇڭا بۇ زات ۋەھدەتۇل ۋۇجۇدچىلارنىڭ «تەبىئەت ئىلاھ

www.uyghurkitap.com

بىلەن بىر» دېگەن سەپسەتىسىنى قەتئىي ئىنكار قىلىپ، ئەكسىچە، «مەۋجۇدىيەتتىكى ھەر بىر شەيئى ئۆز ئالدىغا بىر، چەكسىز مەۋجۇدىيەت دۇنياسىدا ئىككى شەيئى مەۋجۇد ئەمەس» دېگەن مەنىدىكى توغرا دۇنيا قاراشنى يەكۈنلەپ چىقتى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە بەيزاۋىي ۋە نەسەفىي قاتارلىق مۇپەسسىرلەرنىڭمۇ قارىشى بوپقالدى.

شەيخۇلئىسلام ئىبن تەيمىيە يەنە يۇنان لوگىكىسىنىڭ مۇسۇلمانلار تەپەككۇرىدىكى زىيىنىنى ئېچىپ كۆرسەتتى، شۇنداقلا ئارىستوتېل لوگىكىسىنىڭ نەزەرىيىۋى ۋە مەرىپەت قىممىتىنىمۇ بىردەك ئىنكار قىلىپ، «ئاقىللار موھتاج بولمايدىغان، دۆتلەر پايدا ئالالمايدىغان يەن» دەپ كۆرسەتتى.

ئىبن تەيمىيە ئىستىباتىك تەپەككۇر دۇنياسىنىڭ قىممىتى ھەققىدە يەنە شۇنى قىستۇرما قىلىمىزكى، ئىسپات ئاساسى بىلەن ئىسپات ئوبيېكتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى نوقۇل ۋە مۇتلەق سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى دەپ چۈشەندۈرىدىغان ئارىستوتېل لوگىكىسى ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇدىيەتكە بولغان بىر تەرەپلىمە قارىشى— بىر لىنىيىلىك تەپەككۇر ئۇسلۇبىنى يېتىلدۈرۈشكە سەۋەب بولغان بولۇپ، تەبىئىي پەنلەر لوگىكىسىنىڭ ئاتىسى دەپ ئاتالغان جورج بول تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنغاندىن كېيىنلا غەرب تەپەككۇر ئىنقىلابىنىڭ قەدىمى تېزلەشتى ۋە غەرب تەپەككۇرىنىڭ ئىلىم-پەن ساھەسىدە نوقۇل ئارىستوتېلچىلارنىڭ، ئەقىدە-پەلسەپە ساھەسىدە پانتېئىستلارنىڭ «مەۋجۇدىيەتتىكى ھەممە نەرسە بىردۇر» دەيدىغان سەپسەتىسى بىلەن خوشلىشىشىغا نەزەرىيىۋى ئۇل ھازىرلاندى ۋە «مەۋجۇدىيەتتىكى ھەر شەيئى ئۆز ئالدىغا بىردۇر» دەيدىغان پەلسەپىۋى فورما ئېتىراپ قىلىندى. نەتىجىدە ماددىي دۇنيانىڭ كۆپ قاتلاملىقلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى ئاساس قىلىپ بارلىققا كەلگەن «ئاتوم ئەندىزىلىك لوگىكىلىق ئانالىز» (logical atomism) مېتودى ئىلىم-پەن ساھەسىدە كەڭ ئىشلىتىلدى.

ئۆز گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، دىكارتنىڭ پەلسەپىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىنى گۈزەللىك، ۋاپادارلىق، خۇشاللىق قاتارلىق قۇرغاق ئېنىقلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ، بىلىش ۋە مەرىپەتتىن ئىبارەت ئەمەلىي جەريانغا يېتەكلىشى نەتىجىسىدە ئىنسانلارنىڭ بىلىش جەريانىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى يەنىلا نيۇتوننىڭ يەنە شۇ زامان-ماكاننىڭ مۇتلەقلىقى ھەققىدىكى تەلىماتى بولدى. ئەمەلىيەتتە بىلىش ئارىستوتېلنىڭ ئاتوم مەركەزچىلىكىدىن قۇتۇلۇپ، زامان-ماكاندىن ئىبارەت كونكرېت ۋە ئۆلچەملىك تېمىغا يۆتكەلدى. ئۇۋكلىد گېئومېترىيىسىنىڭ ۋەزىپىسى يەر يۈزىگىلا قالدۇرۇلدى.

زامان-ماكاننىڭ مۇتلەقلىقى ھەققىدىكى تەلىمات ئىلىم-پەن تارىخىدىكى تۇنجى ئەڭ زور كۆلەملىك ئۇلۇغ ئىنقىلاب سۈپىتىدە تەبىئىي پەنلەرنى مۇكەممەل رامكا بىلەن تەمىن ئەتكەن بولسىمۇ، كائىناتتىن ئىبارەت چەكسىزلىككە بېرىلگەن بۇ چەكلىك تەبىرنى يەنىلا چولتا دېيىشكە بولاتتى. ئەمما مەزكۇر نەزەرىيىنىڭ داغدۇغىسى ھەممىنى جەلپ قىلدى. ئۇ، ئىنسانلارغا كائىناتنى غايەت زور، مەھكەم دۇملەنگەن، ئىنتايىن مۇكەممەل، نوقۇل مېخانىك سىستېما قىلىپ كۆرسەتتى.

ئەمدى بۇ دۇنيادا ھەممە نەرسە مۇقەررەرلىك ئىدى، مۇمكىنچىلىك، ئېھتىماللىق قاتارلىقلارمۇ يوق ئىدى، بولغاندىمۇ ئۇلامۇ مۇقەررەرلىك ئىدى.

ئىنسانلار كائىناتتىكى ھەرقانداق بىر شەيئىگە ئوخشاشلا كائىناتتىكى تولدۇرغان بۇيۇمغىلا ئوخشاپ قالدى. ئۇلارنىڭ كۈلۈشىمۇ، ئۆلۈشىمۇ مۇقەررەرلىك، ئۆتمۈش-كەلگۈسى، ئىجادىيەت... قاتارلىقلارنىڭ ماھىيەتلىك ئايرىمىسىمۇ خىرەلەشتى، چۈشكۈنلۈك باش كۆتۈردى. ماددىي نۇقتىدىن قىشتا باھارغا تەلپۈنۈپ، سەپەردە ئۆيگە تەلپۈنۈپ، قىسقىسى زاماندىن زامانغا، ماكاندىن ماكانغا، ئېھتىماللىقتىن ئېھتىماللىققا كۆچۈپ ئەرمەك بوپكەلگەن ئىنسانىيەتنىڭ زامان-ماكاننىڭ بۇ يېڭى قىياپىتىدىن تېنى شۈركۈنۈپ، روھى چۈشۈپ كەتتى.

ئەمدى ئۇلار چېكىنەي دېسە ئىللىق ماكان ياكى ئىللىق زامان يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پاناھگاھىغا تەلپۈنمەكچى بولدىيۇ، تۇيغۇسىغا ئالدانىدىمۇ، بىردىنلا ئەيتاۋۇر ئۆز قەلبىگە چېكىنىشكە باشلىدى. خىيالپەرەسلىك، جىمغۇرلۇق ئەۋج ئالدى. بۇ خىل ھالەتنىڭ سەنئەتتىكى تەسۋىرى سۈپىتىدە رومانتىزم، سېھرىي رېئالىزم، سۈررېئالىزم ئېقىملىرى باش كۆتۈرۈپ، رېئالىزمنىڭ ئورنىنى ئىگىلەشكە باشلىدى.

شەكىلسىز ماي بوياق رەسىملەر، ئاۋازسىز تىياتىرلار، بىر-ئىككى جۈملىلىك رومانلار مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. سەنئەتنىڭ، ئەخلاقنىڭ، دىنىنىڭ چەك-چېگرىسى ھۆجۇمغا ئۇچرىدى. ئىلىم ساھەسىدىكى ئىپادىسى سۈپىتىدە روھىي ئانالىز ئىلمى بارلىققا كەلدى.

20-ئەسىردە كائىناتنىڭ بۇ قورقۇنچلۇق قىياپىتى ئېينشتېين تەرىپىدىن نەزەرىيە جەھەتتىن ئىنكار قىلىندى. نىسپىيلىك نەزەرىيىسى زامان-ماكاننىڭ مۇتلەقلىقىنى ئىنكار

قىلىش بىلەن بىرگە، زامان-ماكاننىڭ نىسپىيلىكىنى بىر قەدەر مۇكەممەل ئىسپات بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇنداقلا ماددىي دۇنيانى ئۇزۇنلۇق، كەڭلىك، چوڭقۇرلۇقتىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلچەملىك كلاسسىك نەزەرىيىۋى ئەندىزىدىن زامان ئۆلچىمى قوشۇلغان تۆت ئۆلچەملىك سىستېمىغا ئايلاندۇرۇپ ئانالىز قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمەلىيەتتە ئىلگىرىكى نەزەرىيىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز فۇنكسىيىسىنى يوقىتىپ قويدى.

دېمەك «نىسپىيلىك نەزەرىيىسى»نىڭ ئىنسانلار تەپەككۇرىدىكى تەسىرىنى ئىلىم-پەن تارىخىدىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن ھادىسە دېيىش ئارتۇقچە ئەمەس. چۈنكى نيۇتون مۇتلەق زامان-ماكاننى ماددىي مەۋجۇدىيەت ۋە رېئاللىقنى چۈشىنىشنىڭ ئۆلچىمى قىلغان بولسا، ئېينىشتېين بۇنىڭ ئەكسىچە ماددىي مەۋجۇدىيەت ۋە رېئاللىقنى زامان-ماكاننى چۈشىنىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىپ قوللاندى، شۇنداقلا يۈرەكلىك ھالدا مەلۇم بىر پەرەزىي مۇساپىنىڭ A نۇقتىسىدىكى زامان بىلەن B نۇقتىسىدىكى زامان ئوخشىمايدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. نەتىجىدە مەۋھۇم ئەمما مۇتلەق زامان-ماكان ئۇقۇمىغا ئىشىنىپ، كۆنۈپ قالغان ئىنسانلار تەپەككۇرى بىردىنلا بۇزۇلۇپ، ئېنىق ۋە نىسپىي زامان-ماكانغىلا ئىشىنىش ھالىتىگە قاراپ يۈزلەندى. «زامان ئۇقۇمىنى تولۇق چۈشىنىمەن، ئەمما ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە ئاغزاكى جاۋاب بېرەلمەي خاتالىشىمەن» (ئاۋگۇستىن) دېگەندەك ئابستراكت جاۋابلار ئەمدى ئۇلارنى ئەرمەك قىلالمايدىغان بوپقالدى. ئەلۋەتتە ئىنسانلار زاماننىڭ بۇ كونكرېت تەسۋىرىدىن ھاياجانغا چۆمدى. ئەمدى ئۇلار ئۆزلىرىنى تارىختىن بۇيان گاڭگىرىتىپ، تاڭ قالدۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇ شەيئىنى تولۇق چۈشەنگەندەك، ھەتتا ئۆز قولىغا ئېلىپ سىلاپ كۆرۈۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېپقېلىشتى-دە، بىردىنلا خورىكى ئۆسۈپ ئۆزلىرىنىڭ ئاچالمايدىغان سىرى يوقتەك تۇيغۇغا كېپقېلىشتى؛ ھەممىنى پەن ۋە ئەقىل ھەل قىلالايدۇ دەيدىغان ئەقىل ۋە پەن خۇراپاتلىقى باش كۆتۈردى؛ ئەمدى ھەركىمنىڭ ئۆز مەسىلىسىنى ئۆزى ھەل قىلغۇسى كېلىۋاتاتتى. نەتىجىدە مەنپەئەتپەرەسلىك، ئۆزۈمچىلىك، ھەممىگە گۇمانىي، نىسپىي نەزەردە ئۆكتىچىلىك ۋە ئىنكارچىلىق نۇقتىسىدىن قاراش باش كۆتۈردى؛ ئەدەبىيات-سەنئەتتە تاشقى پلانېتا ھۇجۇمى مەزمۇنىدىكى فانتازىيىلەر جاھاننى بىر ئالدى؛ چۈنكى زامان-ماكان توسالغۇسى ئىلگىرى ئىنسانلارنىڭ ئەپسانىۋى تەپەككۇرىدا يىمىرىلگەن بولسا، ئەمەلىيەتتە ئىلمىي نۇقتىدىمۇ يىمىرىلىۋاتاتتى.

دەرۋەقە بۇنىڭغا ماس ھالدا ئىنسانلارنىڭ ماددىي دۇنيا ئۈستىدىكى غەلىبىسى جاكارلاندى ھەمدە ئىنسانلار ئەقلىي ھەزىمىدىن ئۆتكۈزەلمەيۋاتقان نۇرغۇن ھادىسە ئايدىڭلاشتى. ئەسھابۇلكەھفنىڭ غاردا 309 يىل ئۇخلاپ ئويغانغانلىقى ھەققىدىكى قىسسە ۋە «ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدىكى بىر كۈن سىلەر سانايدىغان مىڭ يىلچىلىكتۇر» قاتارلىق ئايەتلەرگە يالغۇز ئەقىدىۋى نۇقتىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئەقلىي ۋە نەزەرىيىۋى نۇقتىدىنمۇ ئىشەنمەسلىك ياكى چۈشەنمەسلىك، ئەمەلىيەتتە يوقلۇق بىلەن بوشلۇقنى، ماكان بىلەن ماددىنى، زامان بىلەن ھادىسىنى، ياكى شائىر بىلەن مۇخبىرنى پەرقلەندۈرەلمەيدىغان قارا ساۋاتلارنىڭ ئىشى بوپقالدى. چۈنكى «نىسپىيلىك نەزەرىيىسى» نۆۋەتتە دۇنيا ئالىي مائارىپىدىكى نۇقتىلىق ساھە سۈپىتىدە ئومۇملىشىش بىلەن بىرگە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئاممىباب كىتابچىلار سۈپىتىدىمۇ كەڭ تارقىلىپ كەتكەن. ياۋروپادىكى قايسىدۇر بىر ئەلنىڭ مۇنداق بىر خەلق قوشىقىنى كۆرگىنىم ئېسىمدە:

بىر خانىم بار «شوخ» ئېتى،
نۇردىن تېزدۇر سۈرئىتى.
يول ئۈستىدە بىر كۈنى-
چاپلاشقاچ ئاڭا نىسپىيلىك جىنى؛
ئىشقا كېتىپ تۈنۈگۈن،
قايتىپ كەلدى ئۈلۈشكۈن.

«ئىلىم ھەقىقەت بىلەن باشلىنىپ، ھەقىقەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ» دېگەننى ئېينىشتېين. ئەمما مېنىڭچە ئۇ، ئىلىم ھەقىقەت بىلەن باشلىنىپ ھەقىقەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، ئەمما ئاخىرلاشقىچە نېمە بىلەن داۋاملىشىدۇ، بۇنى بىلمەيمەن، دېگەن بولسا ئىنتايىن مۇكەممەل گەپ قىلغان بولاتتى.

**4**

چوڭ پارتلاش تەلىماتى (big bang) ئالەمنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەققىدىكى ئەڭ يېڭى نەزەرىيىۋى تەلىمات بولۇش سۈپىتى بىلەن بايقىلىشتىن ئىبارەت پاسسىپ خاراكتېرى بىلەنلا تەپەككۇرىمىزدا بىر قاتار كەڭ كۆلەملىك پارتلاشنى پەيدا قىلدى

چۈنكى پارتلاش، بىزنىڭچە، ئەسلىدە مۇنتىزىم قانۇنىيەت ۋە گۈزەللىككە نىسبەتەن چوقۇم ۋەيران قىلىش خاراكتېرىنى ئېلىشى كېرەك ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمىدى، ئەكسىچە چوڭ پارتلاشتىن مۇنتىزىم سىستېما، گۈزەل ۋە سىرلىق ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە، ھەر لەھزىدە چەكسىزلىككە شىددەت بىلەن كېلىپ تۇرىدىغان ئاجايىبات دۇنياسى كائىنات بارلىققا كەلدى.

www.uyghurkitap.com

بۇ بىزنىڭ ياخشىلىق ـ يامانلىق ھەققىدىكى تالاي ئەسىرلىك شەرھلىرىمىزنى بىردىنلا داۋالغۇتۇپ، تەپەككۇرىمىزدىكى مەۋجۇدىيەت ئالىمىنىڭ ياخشىلىق ـ يامانلىق ئوتتۇرىسىغا تىكلىگەن ماھىيەتلىك چېگرىسىنى يىمىرىپ تاشلىغىلى تاس ـ تاماس قالدى.

كۆردۇقكى، بىز يامان كۆرۈپ يۈرگەن بەزىبىر نەرسىلەر بىز ئۈچۈن ياخشىلىق، بىز ياخشى كۆرۈپ يۈرگەن بەزىبىر شەيئىلەر بىز ئۈچۈن يامانلىقلارنى ئاپىرىدە قىپتۇ.

دېمەك، ھەر ئىككىلا نۇقتىدا گۈزەللىك ئۇل ماھىيەت ئىكەن. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»دە بىر يەردە: «سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر» دەپ خىتاب قىلىنغان.

گەرچە بىز بۇ نۇقتىدا مىلادى 8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەردىكى ئىسلام ئەقلىيەتچىلىرى ــ مۇئتەزىلىلەر ۋە سانائەت ئىنقىلابى دەۋرىدىن كېيىنكى غەرب ئوپتىمىستلىرى (ئۈمىدۋارلار) ئوتتۇرىغا قويغان، يامانلىق تولۇق مۇستەقىل مەۋجۇدلۇق ئەمەس، ئۇ پەقەت ياخشىلىقنىڭ يوقلىشى ياكى ئاجىزلىشىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئىككىلەمچى ھادىسە. بۇ خۇددى قاراڭغۇلۇقنىڭ ماھىيىتى نۇرنىڭ يوقلىشىدىنلا ئىبارەت بولغانلىقىغا ئوخشاش، دېگەندەك تەلىماتلىرىنى ياقلاپ كەتمىسەكمۇ، ئومۇمەن گۈزەللىكنىڭ مەۋجۇدىيەتتىكى ئاساسىي ماھىيەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل كۆزىنى ئۆز جامالىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئەمەس، ئۆزىدىكى ھېكمەت تەجەللىيسى بىلەن قاماشتۇرۇش ئارقىلىق ئەقىدە باغلىتىپ كېلىۋاتقان يامانلىقنىڭ ئىلاھىي ياراتما كاتېگورىيىسىدە بولۇش ياكى بولماسلىقىدىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ مەسىلە ئىنسانىيەتنىڭ ئىدېئولوگىيە تارىخىدىكى داۋان سۈپىتىدە ئەجدادلىرىمىز بىر مەھەل ئىشەنگەن، ھەتتا تۇرمۇش ۋە تەپەككۇرىمىزدىن ھېلىھەم تەسىرى يوقالمايۋاتقان زوروئاستېر ۋە مانى دىنلىرى ئەقىدىسىدىكى ئىلاھنىڭ نۇر ۋە زۇلمەتتىن ئىبارەت ئىككى بولۇشىدىن ئىبارەت مەنتىقىي زىددىيەتنى ۋە باشقا دىنلاردىكى مۇشرىكلىك (كۆپ خۇدالىق) ئەقىدىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەندى.

بۇ، تەبىئىيكى شۇ خىل مەدەنىيەت ساھىبلىرى بولغان مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي قاتلىمىدىكى تەبىقىچىلىكنىڭ ئەڭ چوڭ پىكىر دەستىكى بولۇپ شەكىللەنگەن، ئارقىدىن ئىرقىي تەبىقىچىلىك، ئىرقىي تەبىقىچىلىك خاھىشىدىن ئىرسىي تەبىقىچىلىك خاھىشى پىخ سۈرگەن بولۇشى مۇقەررەر. تارىخنىڭ نۇرغۇن بېتى شۇ سەۋەبتىن قان بىلەن يېزىلىپ، ياش بىلەن يۇيۇلغان، نۇرغۇن مىللەت يىلتىزىدىن قۇرۇپ كەتكەن.

ئىرانلار بىلەن تۇرانلارنىڭ ئامۇ دەرياسى بويىدىكى ئىككى مىڭ يىللىق قانلىق توقۇنۇشىنىڭ سەۋەبىنى بۇددا بىلەن ئاتەشپەرەسلىكنىڭ توقۇنۇشى ياكى زېمىن تالىشىش نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى مۇشۇ نۇقتىدىن چۈشىنىشكىمۇ ھەقلىقمىز. بۇنىڭ دەلىلى، ھەر ئىككى مىللەت ئىسلامغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنلا بۇ قانلىق تارىخ خاتىمىلەندى. ئەمما پارسلارنىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بۇ ئىرقىي ئايرىمچىلىق خاھىشى ئۇلارنىڭ ئىسلامنى پارس مىللەتچىلىكى سۈپىتىدە شىئەلەر نامىدا مەيدانغا چىقىرىشىغا سەۋەب بوپقالدى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادىكى مەدەنىي ۋە سىياسىي يېتىملىكىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

تارىختا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى پىكرىي داۋالغۇشلار يەنە نۇرغۇن مىللەتنى كۆپ دىن ئالماشتۇرۇش ياكى كۆپ دىنغا بىرلا ۋاقىتتا ئىشىنىشكە مەجبۇر قىلغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلگەن. ئالايلۇق، «جۇڭگولۇقلار ئۇتتۇق قازانسا كۇڭزىچىلىقتىن، مەغلۇب بولسا داۋجىياۋ دىنىدىن كۆرىدۇ» دېگەن سۆز بىكارغا ئېيتىلمىغان. كېيىنچە ئۇلار ھەر ئىككىلىسىدىن بۇددا تەلىماتلىرى ئارقىلىق روھىي قانائەت ھاسىل قىلىدىغان پىسخىكا شەكىللەندۈرگەن. چۈنكى كۇڭزىچىلىق ئەخلاقىي مەسىلەك بولۇش سۈپىتى بىلەن يېغىنچاقلاپ ئېيتقاندا «ئۇرۇشمايلى ـ تالاشمايلى» دېگەن بىر جۈملە سۆزنىڭ كۆپ خىل ۋارىيانتى. داۋجىياۋ دىنى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئاساسەن شەكلىي جەھەتتىكى پەرق دەپ قارايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ «ھەقىقىي ياڭ، يىن ئىچىدىكى ياڭدۇر» دېگەن تەلىماتىدا روشەن گەۋدىلەنگەن.

بۇ تەلىماتقا مۇنۇ شەكىل سىمۋول قىلىنىدۇ.

مەنىسى: داۋجياۋنىڭ قارىشىچە: ھاياتلىق يىن (阴) (ئاياللىق، قاراڭغۇلۇق، مەنپى) ۋە ياڭ (阳)(ئەرلىك، نۇر، مۇسبەت)تىن تۈزۈلىدۇ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ مەۋجۇدلۇقى بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ. يىن ئىچىدىمۇ ياڭ، ياڭ ئىچىدىمۇ يىن بولىدۇ، ئەمما ھەقىقىي ياڭ، يىن ئىچىدىكى ياڭدۇر.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، داۋجياۋ توغرىسىنى ئېيتقاندا دىن ئەمەس، ئۇ پەقەت بىر خىل دۇنيا قاراش ــ تەرىقەت، خالاس.

دېمەك ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى يامانلىقمۇ ياخشىلىقنىڭ پوستىدۇر. بۇ توغرىدا ئوتتۇرا ئىقلىمدىن شەرقىي جەنۇبىي

ئاسىيا ئەللىرىگە تارالغان مۇنداق بىر ھېكايەت بار:

«بىر كەمبەغەل بوۋاي بولۇپ، بار-يوقى بىر ئوغۇل ۋە بىر ئېتى بار ئىكەن. بىر كۈنى تۇيۇقسىز ئات يوقاپ كېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قوشنا-قولۇملار بوۋايغا ئىچ ئاغرىتىپ ھال سوراپ كېلىپتۇ.

— كىم بىلىدۇ، بۇنىڭدا بىر ياخشىلىق بارمۇ؟ — دەپتۇ بوۋاي.

دەرۋەقە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئات بىر توپ ئېگىسىز ئاتنى باشلاپ قايتىپ كېلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قوشنىلار خۇشاللىقىدىن بوۋاينى تەبرىكلەپ كېلىپتۇ.

— كىم بىلىدۇ، بۇنىڭدا بىر يامانلىق بارمۇ تېخى؟ — دەپتۇ بوۋاي.

قوشنىلار لام-جىم دېيەلمەي چىقىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى بوۋاينىڭ ئوغلى يېڭى ئاتلارنىڭ بىرىنى كۆندۈرىمەن دەپ ئاتتىن يىقىلىپ پۇتى سۇنۇپ كېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قوشنىلار بوۋاينىڭ توغرا بېرەلىگىدىن ھەيران بولۇپ، يەنە ھال سورىغىلى قىيالماي يېنىپ كېتىپتۇ.

— كىم بىلىدۇ، بۇنىڭدا بىر ياخشىلىق بارمۇ تېخى؟ — دەپتۇ بوۋاي ئادىتى بويىچە. قوشنىلارنىڭ ئەمدى رەسمىي ئاچچىقى كېلىپتۇ، يەنە چىقىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى يات ئەللىك تاجاۋۇزچىلىقتا ماڭغان پادىشاھ بۇ يېزىدىن بوۋاينىڭ ئوغلىدىن باشقا ياشلارنىڭ ھەممىسىنى مەجبۇرىي لەشكەرلىككە ئېلىپ كېتىپتۇ ۋە مەغلۇپ بولۇپ نۇرغۇن لەشكەر ئۆلۈپ تۈگەپتۇ، بوۋاينىڭ ئوغلى بولسا سالامەت قاپتۇ.»

ئۇنىڭ ئۈستىگە داۋجياۋ (道 教) سۆزىدىكى داۋ (道) يول مەنىسىدە بولۇپ، ھەرقانداق بىر شەيئى ياكى ھالەتتىن چىقىش يولى ياكى ئىلگىرىلەش نۇقتىسى ئىزدەش مەنىسىدە ۋەياكى ھەرقانداق بىر ھالەتنىڭ چوقۇم چىقىش (ھەل قىلىش) يولى بارلىقى مەنىسىنى ئاساس قىلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا بۇ تەرىقەتتە بارلىق شەيئى ئۆتتۈرىسىدىكى زىتلىق مۇناسىۋىتى كۆچەپ تەكىتلىنىش بىلەن بىرگە، تەبىئەتنىڭ مەزكۇر زىتلىقنى سىغدۇرغۇچى گۈزەل مەۋجۇدىيەت ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. بىلىش مەسىلىسىدە شەيئىلەرگە مەپتۇن بولۇش ياكى ھەيران قېلىش مەرىپەتنىڭ يۇقىرى چېكى بولۇپ ھېسابلانغان، ئەمەلىي ئۇنۇم (يول) قوغلىشىلغان.

كۆڭزىچىلىق تەرىقىتىنىڭ داۋجياۋ دىنى بىلەن ئاستا-ئاستا بىرلىشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە مەزكۇر تەرىقەتتىمۇ كىشىلىك ھاياتنى ئىككى ياقلىملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە كۆزىتىش مېتودى قوبۇل قىلىنىپ قوللىنىلغان. ئەمما تەبىئەت ۋە ھاياتلىق ھەققىدىكى تەلىماتلار يەنىلا داۋجياۋ تەرىقىتىنىڭ، ئائىلە، تەلىم-تەربىيە ۋە ئىقتىسادىي ئالاق كۆڭزىچىلىقنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا بوپكەلگەن. ئىجتىمائىي تۈزۈلمە نۇقتىسىدىن ئانالىز قىلغاندا، داۋجياۋدا ئىنسان پائالىيىتى بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىرا تولۇقلاش مۇناسىۋىتىدە ئىكەنلىكىنىڭ تەكىتلىنىشى، كۆڭزىچىلىق تەرىقىتىدە كىشىلىك ھاياتتىكى ھەمكارلىقنىڭ تەكىتلىنىشى، بىردەك كوللېكتىپ پائالىيەتنىڭ قىممىتىنى شەخسىي پائالىيەتتىن ياكى ئاز سانلىقنىڭ پائالىيىتىدىن ھەمىشە ئۈستۈن كۆرۈش قارىشىنى شەكىللەندۈرگەن.

مەدەنىيەتشۇناسلار يەنە جوڭگو تېبابىتىدىكى يىڭنە سانجىش ۋە دورا ئۆسۈملۈكلىرىگە تايىنىش ئۇسلۇبىنىڭ باشقا ھەرقانداق ئەللەردىن پەرقلىق ھالدا كۆپ قوللىنىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، ئوپېراتسىيە ياكى ئاغرىق ئەزانى كېسىۋېتىش خاراكتېرلىك داۋالاشنىڭ يوقلۇقىنىمۇ داۋجياۋ دىنىدىكى يىن-ياڭ تەلىماتى ۋە شۇ ئاساستىكى تەبىئەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى، ئەزالار ئوتتۇرىسىدىكى گارمونىيىلىك مۇناسىۋەتنىڭ مۇتلەقلىقى نۇقتىسىدىن قارىغان.

ئەدەبىيات-سەنئەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، خەنزۇ شېئىرىيىتىدىكى تەبىئەت تەسۋىرىگە ئائىت شېئىر-نەزمىلەرنىڭ، قار-قۇر بويۇم ۋە رەسساملىق سەنئىتىدىكى ئوۋچى، ئوتۇنچى، نىلۇپەر يىپىدىكى، كۆل بويىدىكى نەيچى ئوبرازى قاتارلىقلارنىڭ كۆپ سالماقنى ئىگىلىشىدە جوغراپىيىۋى سەۋەبنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق بىلەن بىرگە، داۋجياۋ دىنىنىڭ تەسىرىدىن دەپ قاراشقا ھەقلىقمىز. شۇنداقلا ئائىلە، كوللېكتىپ ئىمگەك، تاماق ئۈستىلىدە چوڭلارغا تاماق ئۇتۇنۇش قاتارلىق ئوبرازلارنى كۆڭزىچىلىقتىن دەپ كۆرۈشكە بولىدۇ.

مەزكۇر ئارىلاشما ھالەتتىن كېيىن ئوتتۇرا ئېقىمغا تارالغان بۇددا دىنى يۇقىرىقى ھەر ئىككى تەرىقەتتە كەم بولغان بىلىش نەزەرىيىسىگە ئائىت تەلىماتلارنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولغان. ئەمما بۇ دىندىكى ھەددىدىن زىيادە پاسسىپ دۇنيا قاراش، خىيالپەرەسلىك، ۋاز كېچىش، يەنە ۋاز كېچىش قاتارلىقلارنىڭ قارشى ئېلىنماسلىقى تەبىئىي ئىدى.

ئەلۋەتتە بۇددا دىنىنىڭمۇ ئىجتىمائىي تۈزۈلمە ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى تەسىرى ئۇ ئۆزى تارالغان رايونلاردا ناھايىتى زور بولغان بولۇشى تەبىئىي. ئەمما ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى قايسىلار؟ بۇنى ھازىرچە بىلمەيمەن.

ئەمما دىنشۇناسلار بىردەك خەنزۇلار ۋە ياپونلارنىڭ تارىختىن بۇيان بارلىق مىللەتنىڭ ئەكسىچە مونوئىزم (تەۋھىد ياكى بىر خۇدالىق دىن) قوبۇل قىلىپ باقمىغانلىقىنى ياكى ئۆز مەدەنىيىتىدە شۇنىڭغا ئائىت دۇنيا قاراش ياكى پىكىر-ئىزنالارنى ساقلاپ قالمىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۇنداقتا، داۋجىياۋ تەرىقىتىنىڭ شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىردەكلىكى قارشى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ، كۆكزىبچىلىقتىكى ھەمكارلىق تەلىماتى كوللېكتىۋىزمنىڭ، مونۇسىزمدىكى مۆرەسسەسىز بىر ھەق ـ بىر خۇدالىق قاراشنىڭ خەنزۇلار بىلەن ياپونلار ئارىسىدا يوقلۇقى ئاتېئىزمنىڭ ـ قىسقىسى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودا تېز لا ئۈستۈنلۈككە ئېرىششىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى دەپ قاراشقا بولامدۇ ـ قانداق؟ بۇنى تەھلىل قىلىشنى ئۆز ئەھلىگە قالدۇرىمىز.

شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، كۆز بار جايدا سىرغا ئورۇن يوق، مەسىلە سىردا ئەمەس كۆزدە. ئەمما غەيبىي ھېكمەتنىڭ تامغىسى بېسىلغان سىرلارنىڭ ئېچىلمايدىغانلىقىنى بىلىشمۇ بىر خىل ئېچىشتۇر. چۈنكى ئېچىلماسلىق، غۇۋالىق سىرنىڭ مەۋجۇدلۇقىنىڭ توپ كاپالىتى. ئېچىش، بايقاش كۆزنىڭ توپ قىممەت كاپالىتى. بۇ يەردىكى كۆز ـ نوقۇل فىزىئولوگىيىلىك مەنىدىكى كۆز بولمىسىمۇ، شۇ كۆزنىڭ فۇنكسىيىسىنى مەنبە قىلغان تەپەككۇر ياكى كۆڭۈلنىڭ كۆزىدۇر. كۆزدىن ئىبارەت بۇ تەڭداشسىز نېئمەت بىزنىڭ سىرتقى دۇنيانى كۆزىتىشتىكى كۆزنىكىمىز بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنى كائىناتتىكى گۈزەللىكتىن بەھرىلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئەمدى بۇ مەسىلىنىڭ يېقىنقى زامان دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى تەسىرى، مېنىڭچە، مۇنداق بولدى.

ۋىللىيام جىمسنىڭ پراگماتىزم تەلىماتى چارلىز دارۋىن ئوتتۇرىغا قويغان «ئاجىز تۈرلەرنىڭ شاللىنىشى» نەزەرىيىسىنىڭ سىياسىي ـ ئىقتىساد ساھەسىدىكى كۆلەڭگىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئەسىر خرىستىيان جاھالىتى ئىچىدىكى بورۇقتۇرمىلۇقتىن ئەمدىلا تىن ئېلىشقا باشلىغان ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. «تۇڭغاقلار ئوت ئىلاھىغا، ئىسسىپ كەتكەنلەر مۇز ئىلاھىغا چوقۇنۇش»تىن ئىبارەت بىدئەت ئەقىدە ئەمدى زامانىۋى تۈستە مەيدانغا چىقتى.

ۋىللىيام جىمس ۋاپاتىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپلا جوسىيا رويس كەبىي مۇتەپەككۇرلارمۇ مەيدانغا چىقتى. شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىلاھىيەت پەلسەپە ئېقىمىنىڭ نوپۇزلۇق ۋەكىلى ھېسابلانغان بۇ مۇتەپەككۇر بىر قاتار تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نەزەرىيە جەھەتتىن پراگماتىزمنىڭ ئۆلىنى تەۋرىتەلىگەن بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ بۇنى ئاڭلايدىغانغا قۇلىقى يوق ئىدى.

ئۇ ئۆز تەلىماتلىرىدا، يامانلىقنىڭ خۇدا تەرەپتىن يارىتىلىشى ئىلاھنىڭ كامالىي سۈپىتى تېخىمۇ ئېچىپ بېرىدۇ، دەپ قارىدى.

جوسىيا رويسنىڭ گېرمان پەلسەپە پېشىۋالىرىدىن ھېگېل (گېگىل)، شوپېنخائۇر قاتارلىقلارنىڭ قاراشلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدىكى بۇ قاراشلىرى ئۆز نۆۋىتىدە ئاساسىي جەھەتتىن ئىسلام شەرقىنىڭ كلاسسىك (سەلەپلەر) ئەقىدە سىستېمىسى ئىدى. چۈنكى ساپ ئىسلام پەلسەپىسى شۇنداق قارايدۇكى، يامانلىقمۇ مۇستەقىل توپ مەۋجۇدىيەت بولۇپ، ئۇمۇ گۈزەللىككە ئوخشاشلا خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغان. چۈنكى ھەرقانداق بىر شەيئىنىڭ يارىتىلمىش مەنبەسىنى بىر ياراتقۇچىدىن باشقىغا مەنسۇپ قىلىش، ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ شەيئىلەردىكى تەسىرىنىڭ جۈزئىي بوپقېلىشىدىن ئىبارەت ئېغىر مېتافىزىك ۋە ئەقىدىۋى خاتالىققا ئېلىپ بارىدۇ. يامانلىقنىڭ بىر ياراتقۇچى تەرىپىدىن يارىتىلىشى، ياراتقۇچىنىڭ كامالىتىگە نۇقسان بولماستىن، ئەكسىچە كامالىي قۇدرەتنىڭ ئىپادىسىدۇر. ياخشىلىق ـ يامانلىق، ھايات ـ ئۆلۈم قاتارلىق مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۆز ئارا ئەكسى قۇتۇپلىرىنى ئوخشاشلا ئۆز ئىرادىسى ۋە قۇدرىتىگە بويسۇندۇرۇش بۇ زاتنىڭ ھەممىگە ئوخشاشلا قادىر ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياخشىلىق ـ يامانلىق، پايدا ـ زىيان قاتارلىقلار توپ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتنىڭ سوتسىيال پائالىيەت فورمىلىرىنى دەۋرىي قىلىپ بارلىققا كەلگەن ئوبيېكتىپ بەلگىلەر. ئەمما ئۇنى ئىلاھىي ھېكمەتكە تەتبىقلىغاندا، يەنىلا ئىنسانلار ئېڭىدىكى سۇبيېكتىپ ئۇقۇمغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

## 5

1997 ـ يىلى يانۋاردا پۈتكۈل دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان جانلىقلارنى نۇسخىلاش(كلونلاش)نىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ئۇتۇق قازىنىشى، قارىماققا، بىئولوگىيە ساھەسىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئىنقىلاب ھېسابلانسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر قۇرۇلمىسىدىكى نۇرغۇن قاتماللىقنى پاچاقلاپ تاشلاش جەھەتتىكى ئۇنۇمىمۇ بىر خىل ئىنقىلاب تۈسىنى ئېلىشى مۇمكىن.

چۈنكى جانلىقلارنى ـ مىسالەن: ئىنساننى جىنسسىز رەۋىشتە پەقەت ھۈجەيرە ۋە ھۈجەيرە يادروسىدىكى ھالقىلىق بىئو ـ خىمىيىلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ياردىمىدىلا (ئەلۋەتتە تولۇق تەجرىبىخانا شارائىتىدا) ئۆز پېتى نۇسخىلاپ چىقىش ئىمكانىيىتىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىن مۇمكىنلىكى كىشىگە ساماۋى كىتابلاردىكى قىيامەت كۈنىدە، ئۆلگەن ئىنسانلارنىڭ ئۆز پېتى

تىرىلىپ سوئال- سوراققا ھازىرلىنىدىغانلىقىنىڭ ئەقلىي ئىسپاتىغا ئىشارە قىلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. چۈنكى چەكلىك ئىنسانىي پاراسەت ۋە قۇدرەتنىڭ ياردىمىدە كۆز يېتى نۇسخىلانغان جانلىقلارنىڭ، چەكسىزلىكنى چۈشىنىشتە ئىنسانىنىڭ ئەقلىي ھەزىمى بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئىلاھىي قۇدرەت قولىدا قايتا تىرىلىشى ھېچگەپ ئەمەس.

يەنە ئېيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىز يارىتىلغانلىقىنى ئۆزىنىڭ ئەقلىي ھەزىمىدىن ئۆتكۈزەلمەي «خۇدانىڭ ئوغلى» دەپ ئىلاھلاشتۇرۇپ مۇشرىكلىققا يۈزلەنگەن ئىنسانلار توپى ئۈچۈنمۇ بۇنى ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى دېمەي بولمايدۇ.

ئەقىللىق ئوقۇرمەنگە ئايانكى، بۇ ئەلۋەتتە ئېيسا ئەلەيھىسسالام شۇ تەرىقىدە (كلون شەكلىدە) بارلىققا كەلگەن دېگەنلىك ئەمەس، بۇ پەقەت ئېيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىز يارىتىلىش ئىمكانىيىتىنىڭ يالغۇز ئەقىدىۋى تەلەپنىڭ تۈرتكىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئەقىل تەرىپىدىنمۇ تامامەن قوبۇل قىلىنىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا، ئېيسا ئاللاھنىڭ ئوغلى دېيىشنىڭ بوھتان ۋە سەپسەتە ئىكەنلىكىگە قىلىنغان ئەقلىي ئىشارە، خالاس.

ھازىرقى زامان ھىندى ئىسلام مۇتەپەككۇرى ۋەھىدۇددىن خان 1960- يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ ھەقتە توختىلىپ: «ئالدىنقى ئەسىردىكى سەۋەب- نەتىجە مۇناسىۋىتىنىڭ مۇتلەقلىقى ھەققىدىكى نەزەرىيىلەر ئېيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىز يارىتىلىشىنى ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، بۇ ئەسىردىكى بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى بۇ خىل يارىتىلىشنى مۇمكىن دەپ قاراۋاتىدۇ» دېگەنىدى.

كلون تېخنىكىسىنىڭ ئۇتۇق قازىنىشى يەنە ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ تېخى تولۇق ئېچىلىش ھالىتىدە ئەمەسلىكىنى سەممىزگە سالىدۇ. چۈنكى (مىسالەن) بىر ئايالنىڭ تەن ھۈجەيرە يادروسىنىڭ شۇ ئايالنىڭ يادروسىزلاندۇرۇلغان تۇخۇم ھۈجەيرىسىگە سېلىنىپ، ئۇرۇقلانغان تۇخۇم ھۈجەيرىسى ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن يەنە شۇئايالنىڭ بالىياتقۇسىغا «تېرىش» ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن «كلون پەرزەنت»نىڭ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەت تورى ئىچىدىكى «تېپى» ئىنتايىن غەلىتە بولۇپ، تارىختىن بېرى ئىنسانلارنىڭ ئەپسانىۋى تەپەككۇرىغىمۇ سىغىپ باقمىغان «پەرزەنتنىڭ ئۆز ئانىسىنىڭ بىر تۇغقىنى بولۇپ چىقىشى»دەك ھادىسە بوپقالىدۇ، ئەمما ئۇ ئەمەلىيەت.

چۈنكى پەرزەنتنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە يېرىم ئاساس سالغان كلونلانغان ھۈجەيرە ئانا تېنىنىڭ بىر قىسمى بولۇش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئانىنىڭ ئاتىسىنىڭ «بالىسى»، ئەمما بۇ پەرزەنت ئۇرۇقلانغان تۇخۇم ھۈجەيرىسى ۋە تۇغۇلۇش نۇقتىسىدىن يەنىلا ئانىغا مەنسۇپ.

ئامېرىكا تېمپىل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، مىكرو- بىئولوگىيە پەنلىرى دوكتورى ئابدۇلھادىي مەلۇم بىر تور بېكىتىگە بەرگەن بۇ ھەقتىكى پىكرىدە: «بۇ، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ نۇسخىلىشى بولماستىن، بەلكى ئۆزىنى ئۆزى سۈرىتى مۇبەددەل قىلىشى» دەيدۇ. ئۇ يەنە پەقەت ئانا ھۈجەيرىسىنى مەنبە قىلىپ بارلىققا كەلگەن «كلون پەرزەنت» ھەققىدە: «بۇ پەرزەنت ئۆز ئانىسىنىڭ ئىنسى ياكى سىڭلىسى بولۇپ چىقىدۇ. بۇ، ئەرلەرگە قىلىنغان ھاقارەت بولۇش بىلەن بىرگە، ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن بەلگىلەپ بېرىلگەن نورمال ھاياتلىق تەرتىپىدىن چىقىپ ئۆز قەدىر- قىممىتىنى دەپسەندە قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. مېھىر- مۇھەببەت، مىراس، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى قاتارلىق ئۇقۇملارغا مۇرەككەپ شۇنداقلا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر تۈركۈم مەخلۇق پەيدا بولىدۇ...» دەيدۇ.

گېرمانىيىلىك ئىرسىيەتشۇناس ۋە خرىستىيان دىنى ئېپىسكوپى دىنىر بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلار خۇدانىڭ رولىنى ئېلىشقا ئۇرۇنغاندا ئەڭ كۆپ خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. ئىلىم ئەخلاقى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئالىملارنىڭ ھوقۇقى بۇنچە زور ئەمەس، ئەمما خۇدا يەنىلا يوقتىن بار قىلغۇچى، ئالىملار مەزكۇر يارىتىلمىلار ئاساسىدا ئۆز ئىجادىيەتلىرىنى بەرپا قىلغۇچىلاردۇر».

دېمەكچىمىزكى، ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر سىغىمى مەزكۇر رېئال ھادىسە ئاساسىدا يەنە كېڭەيدى، ئېھتىمال بىزگە مەۋھۇم كەلگۈسىدە بۇخىل ھادىسىلەر يەنە تالايلاپ مەيدانغا چىقار.

دېمەك، تەپەككۇر ئۆزىدىكى ئېلاستىكا ۋە تىرەنلىك ئارقىلىق ئىنسانىنى باشقا جانلىقلار توپىدىن ئايرىپ تۇرغان خاس بەلگە، تىل بولسا تەپەككۇرنىڭ باياناتچىسى ياكى كونكرېتلىشىشى. بۇيەردە شۇنى قىسقىچە قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى لايىق كۆرىمىزكى، ئارىستوتېل لوگىكىسىدىن ئۆلۈك ھالدا ئۆزلەشتۈرۈپ ھەرقايسى ئەلدە، جۈملىدىن ئىسلام دۇنياسى ۋە دىيارىمىزدىكى كلاسسىك مەنتىق (لوگىكا) ئوقۇلمىلىرىدا نەچچە ئەسىردىن بۇيان چاينىلىپ كېلىنىۋاتقان «ئىنسان سۆزلىگۈچى ھايۋان(جانلىق) دۇر» دېگەن تەبىر ئەلۋەتتە خاتا، شۇنداقلا ئىنسانىي قەدىر- قىممەتكە بېرىلگەن چولتا تەبىردۇر.

مەزكۇر تەبىر ئەپلاتوندىكى چېكىدىن ئاشقان ئۇتوپىك ئىدېئالىزمنىڭ رېئاكسىيىسى سۈپىتىدە ئارىستوتېل تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، چەكتىن ئاشقان ماتېرىيالىزملىق پىكرىي ئەندىزىنىڭ مەھسۇلى، خالاس!

دىكارتمۇ «تەپەككۇر قىلغاچقىلا مەۋجۇدمەن» دېيىش ئارقىلىق ئىنسانى قەدىر ـ قىممەتنىڭ تەپەككۇر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

تەپەككۇر تارىخىمىزدىكى بۇخىل ئوخشىمىلىق ۋە سولچىللىق ھەممىشە بىزدىن ئەقلىي سەگەكلىك تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە، شەخسنىڭ ئەقلىي ۋە پىكرىي ئەركىنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ تۇردى، ھەمدە شۇ ئارقىلىق بىزنى كىشىلىك قەدىر ـ قىممەت بىلەن تارتۇقلاپ تۇردى.

شۇڭلاشقا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «تەپەككۇرغا يېتىدىغان ئىبادەت يوق» دېگەنىدى.

پىكرىي ئەندىزىلەرگە نوپۇزنىڭ سىرى ياكى جىلۋىسى تۈپەيلى ئەگىشىپ كېتىش خۇددى مۇرت ـ مۇخلىسلارنىڭ تۆرىلەردىكى ساقالنىڭ «مىللىي ساقال» ياكى «دىنىي ساقال» ئىكەنلىكىنى ئايرىيالماسلىقىغا ئوخشايدۇ. بۇ، كىشىنى ئۆز قىممىتىنى دەپسەندە قىلىشقا، قىسقىسى گۇمراھلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

ئەينى دەۋر نىشاپۇر ۋەزىيىتىدىكى ئىجتىمائىي تەڭپۇڭسىزلىق ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىدىكى ئۆتكۈر كىنايە ۋە چەكتىن ئاشقان مەسخىرىلىك تىلىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ھېسابلانسا، مەزكۇر رۇبائىيلار پەيدا قىلغان سولچىل پىكىر ئېقىمى تەخمىنەن 30 يىلدىن كېيىنلا سەئدىي شىرازىيدەك ئۇلۇغ، ئەمما پاسسىپ خاھىشقا ئىگە شائىرنى پەيدا قىلغان.

ئۇلار بەرپا قىلىپ چىققان پىكرىي لىنىيە بىر تۈز سىزىق سۈپىتىدە پەرەز قىلىنغاندا، مەزكۇر تۈز سىزىقنىڭ ئىككى قۇتۇپى خاتا، ئوتتۇرا قىسمى توغرا بولغان بولىدۇ. مەركىزىي نۇقتىغا ئىنتىلگەنلەر توغرا يولغا ماڭغان بولىدۇ، ئىككى تەرەپكە مايىل بولغانلار ئۆزىنىڭ قۇتۇپلارغا يېقىنلىشىش گرادۇسى بويىچە خاتالاشقان بولىدۇ. چۈنكى «ئىشلارنىڭ ياخشىسى ئوتتۇراھال بولغىنىدۇر» («ھەدىس شەرىف» دىن).

دەرۋەقە، پىكرىي مۆتىدىللىكمۇ ھەممىلا مۇتەپەككۇرغا نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. نېسىپ بولغانلار ئۆز تەپەككۇرىنىڭ سەركەردىگە، قىلچىقا، مەكتەپكە ئايلانغانلىقىنى كۆرەلمەستىن دۇنيادىن كېتىپ قېلىشىدۇ. ئىسلامنىڭ پاكىتى دېگەن نامغا مۇشەررەپ بولغان مۇتەپەككۇر ئىمام غەززالىي (1058 ـ 1111) ئۆز دەۋرىدىكى دىندارلار، دىنسىزلار، مۇشرىكلار، پەيلاسوپلار، سوپى ـ ئىشانلار ۋە مەزھەپ ئەسەبىيلىرى ھەممىسىنىڭ پىكىر دۇنياسى بىلەن تونۇشقان ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئالدى بىلەن گۇمانىي نەزەردە قاراپ چىققان. ئىمام غەززالىي: «گۇمانلانمىغان قارىماس، قارىمىغان كۆرمەس، كۆرمىگەن تەپەككۇر قىلماس، تەپەككۇر قىلمىغان بىلمەس» دېگەن مەشھۇر تەلىماتىنى ئۆزىنىڭ ھەقىقەت ئىزدەش يولىدىكى مېتودى ۋە پىكرىي رامكىسى قىلىپ بېكىتكەن. ئاندىن مەزكۇر مەزھەپ ۋە پىرقىلەرگە بىر ـ بىرلەپ ئۆز جاۋابىنى بەرگەن.

ئىمام غەززالىينىڭ دىنسىزلارغا بەرگەن جاۋابى:

ــ ھەرقانداق بىر ھادىسىنىڭ بەرپاچىسى بولىدۇ، دۇنيامۇ ھادىسە، دېمەك ئۇنىڭ بەرپاچىسى بار.

ــ جانسىز شەيئىلەرنىڭمۇ ئەقلىي ۋە ئىرادىۋى خۇسۇسىيەتتىن خالىي تۇرۇقلۇق مۇنتىزىم قانۇنىيەت بويىچە ھەرىكەت قىلىشى، مەزكۇر قانۇنىيەتنىڭ چەكسىز قۇدرەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. بۇ قۇدرەت نەدىن؟

خرىستىيان، يەھۇدىي ۋە شامان ئەقىدىسىدىكى مۇشرىكلارغا بەرگەن جاۋابى:

ــ سىلەر ئىلاھنى كۆپ دەپ ئېتىقاد قىلىسىلەر. سىلەر ئىلاھ بىر ئەمەس كۆپ، ئۇلار زات، سۈپەت ۋە قۇدرەت جەھەتلەردە تەپمۇتەڭ دەپ قارىساڭلار، ئەلۋەتتە خاتالاشقان بولىسىلەر. ئىلاھ ئەسلىدە بىر بولۇپ، سىلەر ئۇنى كۆپ دەپ ئويلاپ قالغان. چۈنكى سىلەر ئېتىقادىڭلاردەك ھەممە جەھەتتىن تەپمۇتەڭ، ئوپئوخشاش ئىككى ياكى بىر نەچچە شەيئى بولمايدۇ. بار دېيىلگەندىمۇ ئۇ ئەسلىدە بىرلا نەرسە بولۇپ، سىلەر كۆپ دەپ ئويلاپ قالغان. بۇ تۇيغۇدىكى خاتالىق.

ــ ئىلاھلار ئىچىدىكى ھەرقانداق بىرىنى باشقىلاردىن يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە دەپ قارىساڭلار، بۇمۇ خاتا. چۈنكى ئۇلار ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىدىكىسى ئىلاھ، قالغانلار يەنىلا بەندە. چۈنكى ئىلاھتا ئاجىزلىق ياكى تۆۋەنلىك خۇسۇسىيىتى بولمايدۇ. سىلەر ئۇلۇغلارنى ئىلاھ دەپ ئويلاپ قالغان، بۇ ئەقىدىدىكى خاتالىق.

مۇئتەزىلىلەر ۋە يۇنان پەلسەپىسى بىلەن يېڭى پىلاتونىزم ئېقىمىغا ئايىنىپ كەتكەن ئىككى ئۇستاز ــ فارابىي ۋە ئىبنى سىنا قاتارلىق ئەقلىيەتچىلەرگە بەرگەن جاۋابى:

ــ ئەقىل ھەممىنى بىلىشكە قادىر ئەمەس. ئەقىل ھەممىنى بىلىشكە قادىر بولسا ئىدى، پەيغەمبەرلەرگە ساماۋى كىتابلار نازىل قىلىنمىغان بولاتتى. چۈنكى ئەقىل كونكرېت ياكى

www.uyghurkitap.com

ئابستراكت بولسۇن شەيئى ياكى مەۋجۇدلۇق كاتېگورىيىسىنى قىسمەن بىلىشكە قادىر.

— ئەقىلنىڭ شەكىل بىلەن ماھىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىچىسى بەش سەزگۈ ئەزا. سەزگۈ ئەزالار شەيئىلەرنى ئۆز پېتى بىلىشكە قادىر ئەمەس، بەلكى جۇزئىي يوسۇندا بىلىشكىلا قادىر. شۇڭا غەيبىي مەسىلىلەردە ۋەھىيگە تايىنىش كېرەك.

ئەقلىيەتچىلىكنى مۇتلەق ئىنكار قىلغان نەقلىيەتچىلەرگە بەرگەن جاۋابى:

— سىلەر دەۋەت قىلماقچى بولغان دىن (ئىسلام) ئالدى بىلەن شەخستىكى ئەقىدىگە ئەمەس، ئەقىلگە خىتاب قىلىدۇ. چۈنكى ۋەھىينىڭ نازىل بولۇشى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى قاتارلىق تۈپ ئاساسلار ئۇلارنىڭ ئەقلىگە خىتاب بولۇشى كېرەك ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىل تاسقىمىدىن ئۆتۈشى كېرەك. دېمەك ئەقىل ئەقىدىنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

قىسقىسى، ئىمام غەززالىينىڭ كۆپ تەرەپلىمە مۆتىدىل تەلىماتى ئىچكى نىزا، پىكرىي نامراتلىق، شىئە-ئىسمائىلىيە مەزھىپى ئەسەبىيلىرىنىڭ ئىچكى جەھەتتىن ھالسىرىتىشى، خرىستىيان دۇنياسىنىڭ خىرىسى قاتارلىق تۆرلۈك بېسىم ئالدىدا داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا ھاياتىي كۈچ ۋە پىكرىي جۇشقۇنلۇق بەخش ئەتكەن. مەزكۇر مۆتىدىل تەلىمات تېزلىكتە ھەرقايسى ئايماقتا مەدرىسەلەرنىڭ كۆپلەپ قۇرۇلۇشى ۋە ئىمام غەززالىينىڭ پىكرىي ئەندىزىسىنى قوللانما قىلىش بىلەن خاراكتېرلەنگەن. مۇسۇلمانلاردىكى پىكرىي ۋە ئەقىدىۋى بىرلىكنىڭ مۇقەددىمىسى ئېچىلغان. ئىمامنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى بولغان ئىبنى تومرتنىڭ ماراكەشتە مۇۋەھھىدلەر ھاكىمىيىتىنى تىكلىشى، سالاھىددىن ئەييۇبىي جەمەتىنىڭ مەزكۇر مەدرىسەلەردىن بىرى بولغان ئەدىبىيە مەدرىسەسىنىڭ مۇخلىسلىرى بولۇش بىلەن بىرگە، سالاھىددىن قوشۇنىدىكى تايانچ كۈچلەر ۋە چەۋەندازلارنىڭمۇ مەزكۇر مەدرىسە مۇخلىسلىرىدىن بولۇشى قاتارلىقلاردىن غەززالىينىڭ تۆھپىسىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

قىسقىسى، سالاھىددىن ئەييۇبىينىڭ 1178-يىلى ئىرۇسالىمنى خرىستىيانلار قولىدىن تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت ئالەمشۇمۇل غەلىبىسىنى ئىلگىرى ئىمام غەززالىينىڭ دەمەشىق جامەسىدىكى ھۇجرىسىدا ئىككى يىل ئىزچىل ئىشلەپ بارغان پىكرىي ئىستىقامەت ۋە ئېتىكاپلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

بۇ نۇقتىدا يەنە ئىمام غەززالىينىڭ پىكرىي ئەندىزىسىنىڭ جاھانشۇمۇل تەسىرىنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش ئارتۇقچە ئەمەس.

ئىمام غەززالىي ئەسەرلىرى خېلى بۇرۇنلا ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ئاكوينى، پاسكال قاتارلىقلارنىڭ پىكرىي يۆنىلىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن، ھازىرقى زامان غەرب پەلسەپىسىنىڭ ئاتىسى دەپ ئاتالغان دېكارتنىڭ ھەقىقەتكە يېتىشنى شەكلىنىشتىن باشلاش تەلىماتىنى ماھىيەتتە ئىمام غەززالىي تەلىماتىنىڭ فرانسۇزچە تەرجىمىسى دېسەكمۇ خاتالاشمايمىز. ئىمام غەززالىينىڭ پارىژ مىللىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان «زەلالەتتىن قۇتقۇزغۇچى» ناملىق ئەسىرىنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ بىر نەچچە باب ۋە ئابزاسلىرىغا دېكارتنىڭ ئۆز قەلىمىدە: «بۇنۇقتىلارنى ئۆز پرىنسىپىمىزغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك» دېگەندەك ئەسكەرتمىلەرنى يېزىپ قويغانلىقىدىن، ئۇنىڭ ئىمام غەززالىي بىلەن پىششىق تونۇشۇپ چىققانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

فرانسۇز شەرقشۇناسى كارادىي فو: «غەززالىي ئەقىلنىڭ يېتەرسىزلىكى ھەققىدىكى تەلىماتىنى كانتتىن بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ ‹پەيلاسوپلارنىڭ ھالاكىتى› ناملىق ئەسىرى ئەقىلنىڭ قىممىتى ھەققىدە يېزىلغان بىباھا ئەسەر» دەيدۇ.

ئەلۋەتتە ئىمام غەززالىي پىكىر ئەندىزىسىنىڭمۇ يېتەرسىزلىك تەرەپلىرى بار، ھازىرچە بۇ ھەقتە توختىلىش ئارتۇقچە. ئىمام غەززالىيغا بېرىلگەن ئوبيېكتىپ باھا ئۇنىڭ شاگىرتى قازى ئىبنى ئەلئەرەبىينىڭ مۇنۇ بىر جۈملە سۆزىگە يىغىنچاقلانغان دېيىشكە بولىدۇ: «پېشۋايىمىز ئەبۇ ھامىد پەيلاسوپلارنىڭ ھەممىنى بىراقلا يۇتۇۋەتكەن، ئاندىن ئۇلارنى قايتا قەي قىلىپ چىقارماقچى بولغانىدى، ئۇنداق قىلالمىغان».

قىسقىسى، شەرق ۋە غەربنىڭ تارىخىي سەھىپىلىرىدە بۇخىل ئوبرازلارنى ھەمىشە چېلىقتۇرۇپ تۇرىمىز.

ئىسكەندەرزۇلقەرنەيننىڭ ئۇستازى ئارىستوتېل، تاغتۇرا پالۋانلىرىغا باشچى بولغان سۇلۇك جيالڭ، سەيفۇددەۋلە ھەمەدانىينىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىدە ھەمراھ بولغان ئۇلۇغ پەيلاسوپ ئەبۇنەسىر فارابىي، سۇلايمان بۇغراخانغا مۇشاۋىر بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ھۈسەيىن بايقارا ھۇزۇرىدىكى ئەلىشىر نەۋائىي، فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ روھىي ئۇستازى ژان ژاك رۇسسو، ھىتلېرنىڭ روھىي يانتايىقى فرىدرىخ نىچشى، پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ داھىيلىرىدىن ماركس-ئېنگېلس... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئەلەمنىڭ سەپ يۆنىلىشىنى بەلگىلەۋاتقان قەلەمنىڭ سىياسىي-تەپەككۇرنىڭ كۈچىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ھاسىلكالام: دۇنيا بىزنىڭ تەپەككۇر قۇرۇلمىمىزغا خىرىس

قىلماقتا. ھەربىر مەغلۇبىيىتىمىز ۋە ئىللەتلىرىمىزنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە بىرخىل خاتا پىكىر ئەندىزىسىنىڭ كۆلەڭگىسى ئەلەڭلەپ يۈرىدۇ. ئالايلۇق، ئالىم- ئەدىبلىرىمىز، ياش ھەۋەسكارلىرىمىز، ئىشقىلىپ ئۆز تەرجىمىھالىنى ئېلان قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ھەربىرەيلەن دېگۈدەك ئۆزىنى كۈچەپ كەمبەغەل ياكى پرولېتار ۋە ياكى پرولېتارنىڭ ئەۋلادى قىلىپ ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇشلىرىدىن، ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدە مەركەزلىك ھالدا باي- ھالدارلارنىڭ سەلبىي پېرسوناژ قىلىپ يارىتىلىشىدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدە يۇققان «ياماق چاپان كىيىش قەھرىمان بولۇش مەپكۇرىسى»نىڭ ھېلىھەم تەپەككۇرىمىزغا ئىستىخىيىلىك ھالدا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، ئالىم، زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئاتا- ئانىسىدىن تارتىپ دىن بىلەن روھقىچە ھەممىلا نەرسىگە كەسپىي تەلەپچانلىق بىلەن تەتقىقات نەزىرىدە قاراپ پىكىر قىلىشلىرىدىن بىر قېلىپتا قوييۇلۇپ كەتكەن مېخانىكىلىق تۇرمۇش ئەندىزىسىنىڭ تەسىرىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

دەۋرىمىزدە بىزدىن مىللىي گەۋدە سۈپىتىدە كۈتۈلۈۋاتقان رىقابەت شۇنچە كەسكىنكى، بىز ئەقەللىيسى تۇرمۇش قامداش ئۈچۈنمۇ دۇنيا نوپۇسىنىڭ بەشتىن بىرى ئۈچۈن ئېسىلغان بىر داشقازاندىن تاماق ئېلىشىمىز كېرەك. مەزكۇر نىسبەت تەلەپ قىلىدىغان ماددىي ئېھتىياج چىقىش نۇقتا قىلىنىپ بەرپا قىلىنغان غايەت زور، شۇنداقلا مۇرەككەپ ئىقتىسادىي سىستېما مېخانىزمى مەۋجۇدلۇقىمىزنى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئىقتىسادتىن ئىبارەت سىرلىق ئەڭگۈشتەرگە باغلاپ قويغان.

«يەرشارىلىشىش»قا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان شىددەتلىك ئىقتىسادىي دولقۇن بىزدىكى يوقنىڭ ئورنىدا جان ساقلاپ كېلىۋاتقان ئايلانما قۇرۇلمىلىق مىللىي ئىقتىسادىي سىستېمىغا ئاۋۋال تەھدىت ،ئاندىن خىرە- شىرە پۇرسەت ئېلىپ كەلمەكتە. بىز شۇندىلا ئۆزىمىزنىڭ ئەمدىلىكتە يۆلگەنگە، تىلىگەنگە، تېجىگەنگە جان بېقىش ئىمكانىيىتىنىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى ھېس قىلماقتىمىز. ئەمما بىزدىن نۆۋەتتە كۈتۈلۈۋاتقاننىڭ سالماق ئىلمىي ۋە كەسپىي ساپا ھەمدە توغرا تەپەككۇر قۇرۇلمىسى ئىكەنلىكىنى بىر پۈتۈن مىللىي گەۋدە سۈپىتىدە ھېس قىلىپ بولالمىدۇق.

ئۆزىمىز ھەققىدىكى پىكىر- تەلقىنلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى بەرپاچىلىق تۈسىدە ئەمەس، تەنقىدىي فورمىدا ئىپادىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە تەنقىدىي فورمىمۇ بېسىپ ئۆتمىسەك بولمايدىغان بىر باسقۇچ ئىدى. بۇ جەھەتتە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى شەكىلدىن ماھىيەتكە، تەنقىدتىن بەرپاچىلىققا ئۆتۈشتىن ئىبارەت مەنتىقىي تەرتىپ بويىچە ئىش كۆرۈپ، بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزنىڭمۇ يېتىم ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەپ بەردى.

بىزنىڭ تەپەككۇر قۇرۇلمىمىزمۇ ئۆز مەدەنىيىتىمىز ۋە روھىيىتىمىزنىڭ «گېن خەرىتىسى»دۇر. بىز بۇ خەرىتىنى سىزىپ چىقالىساق ئۆزىمىزنى تۈپتىن چۈشىنەلەيمىز. بۇ مۇرەككەپ قۇرۇلۇشقا ئەسەد سۇلايمان، ئابدۇقادىر جالالىدىن قاتارلىق بەرپاچىلىرىمىز، يەنە ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئەختەم ئۆمەر، مەمتىمىن ھوشۇر، ئادىل تۇنىياز، يالقۇن روزى، ئابدۇرېھىم دۆلەت قاتارلىق ئەدىب- زىيالىيلىرىمىز ئۇل قويدى. مېنىڭچە، شۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم زىيالىيمىزدا بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلغۇدەك ئىلمىي ساپا بار. ئەپسۇسكى، ھېچقايسىمىز ھازىرغىچە رېئاللىقىمىز بىلەن غايىمىز ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقنى ئۆزىمىزگە خاس نەزەرىيىۋى سىستېما ئاساسىدا يورۇتۇپ بېرەلمىدۇق.

سىستېماتىك يوسۇندا، ئىزچىل نەزەرىيىۋى تۈستە پىكىر قىلىۋاتقانلار يوق دېيەرلىك. بۇ نوقۇل ھالدا بىزدىكى ئىلمىي ساپاغىلا باغلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى بىزنى ھەمىشە تەلپۈندۈرۈپ تۇرىدىغان، ئۆزىمىزنى مەۋجۇدىيەت، رېئاللىق ۋە «بىز»دىن ئىبارەت مۇپەسسەل پەلسەپىۋى قاتلام ۋە ماكرو نۇقتىلاردىن تونۇتۇپ، تەپەككۇرىمىزدىكى چېچىلاڭغۇلۇق ۋە مەنتىقىي زىددىيەتلەرگە، ۋۇجۇدىمىزدىكى پەسكەشلىكلەرگە خاتىمە بېرەلەيدىغان، بىزنىڭ دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى دۇنيا سۇبيېكتىدىن ئىزدەشتىن ئىبارەت «قۇلاققا پاختا تىقىۋېلىپ قوڭغۇراق ئوغرىلاش» تراگېدىيىسىدىن قۇتۇلۇشىمىز ئۈچۈن بىزنى مۇكەممەل پىكرىي رامكا بىلەن تارتۇقلايدىغان ساپ ئەقىدە ۋە ئۇنىڭ تۈپ تەلىپى — ئەمەلنىڭ بولماسلىقىنىمۇ ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. شۇڭلاشقا ئىلمىي ئەسەرلىرىمىزدىكى نەزەرىيىۋى قىممەت ياكى ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدىكى پەلسەپىۋى ئىزچىللىقتىن سەنئەت تۈسى يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا مەن دەيمەن: زىيالىلىرىمىز يەنىلا مەرھۇم ئالىم ۋە مۇتەپەككۇرىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىدەك ئارىپلىق مەقامىنى كۈتۈپ ئولتۇرماي، ۋاقتىدا بىر نەرسىگە چوقۇنغىنى ياخشى.(M1)، (M3).

ماقالىنى تەكلىپلىك بېكىتكۈچى: ئىمىن ئەھمىدىي

www.uyghurkitap.com




▲ ھەرقانداق نەرسە ئۆز ئورنىنى تاپمىغىچە، ياكى ئۇنىڭ ۋاقتى كەلمىگىچە ئېتىبارى بولمايدۇ.

—قەمەرىددىن قادىر

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئىلىشقۇ بازار ئوساغ كەنتىدە، دېھقان

▲ ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ باشقۇرالمىغانىكەنسەن، باشقىلارنىڭ سېنى باشقۇرۇشى زۆرۈردۇر.

—خانقىز سېيىت

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شىمالىي ئوقۇتۇش رايونى تىل ئىنستىتۇتى تەبىئى پەن 5- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇرۇمدىن تۇنجى تامچە

ھاياتلىق سېنى ئۇلۇغلۇققا ئېرىشتۈرۈشى مۇمكىن، چۈنكى سەن ئۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلىگەن.

## تەپەككۇر كۆزى

ھاياتلىق سېنى مەڭگۈلۈك پۇشايمانغا قويۇشى مۇمكىن، چۈنكى سەن ئۇنى ئالدىغان.

ھاياتلىق ساڭا «رەزىللىك تامغا»سىنى بېسىشى مۇمكىن، چۈنكى سەن گۈزەللىكنى دەپسەندە قىلغان.

—بىلقىز تىلىۋالدى

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خەنزۇتىلى تەييارلىق 9- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ خاپىلىق زىللىقتىن، خۇشلۇق بىغەملىكتىن ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

—ئاينۇرەم مامۇت

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خەنزۇتىلى تەييارلىق 9- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تەرمەچلىرى

▲ يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن ۋە يوقۇلۇۋاتقان مەدەنىيەتلەر سەھنىلەردە، ۋارىسلىق قىلىنىپ ساقلاپ قېلىنغان مەدەنىيەت

جەمئىيەتنىڭ ھەممە يېرىدە بولىدىكەن.

▲ ئاچ قالغاننىڭ ئاچ قالغانغا بولغان ھېسداشلىقى قۇرۇق گەپتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

▲ ئەخمەق ـ ھاڭۋاقتىلار چۈشەنمىسە كۈلىدۇ؛ قۇۇ ـ ئالدامچىلار چۈشەنسە كۈلىدۇ.

▲ مەكتەپتە يىل ئوقۇيسەن، جەمئىيەتتە ئۆمۈرلۈك .

▲ ناخشا ـ ئۇسسۇل رىقابەت سەھنىسىگە چىقمۇالماي، پەقەت ياندىن قىزىتىپ بەرسىلا بولدى، خالاس.

ــ مۇھەممەتجان ئابدۇغەنى

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە ئوفىتسېر

## ئەقىلدىن ئۈنچىلەر

▲ ئائىلە ـ پارنىك، بالا ـ كۆچەت، مەكتەپ ـ باغ، جەمئىيەت ـ بازار.

▲ ھەقىقەتنىڭ چىنلىق، ئادىللىق، قەتئىيلىكتىن ئىبارەت ئۈچ ئالاھىدىلىكى بار.

▲ تۈۋرۈك تۈز بولغاچ كۆتۈرۈشلۈك، ھاسا ئەگرى بولغاچ ئەپلىك.

▲ ئاتا ـ ئانا نەسىھىتىنى ھەر ۋاقىتتا ئەسلە، ئۇستاز تەربىيىسىنى ئىش ۋاقتىدا.

▲ مۇسابىقە تاللايدۇ، رىقابەت شاللايدۇ.

▲ ساۋاتسىزنىڭ قولىقى سەزگۈر، زىيالىينىڭ تىلى ئۆتكۈر.

▲ ئۆتكەن كۈن ـ چېكىت، بۈگۈن ـ ئۈندەش، ئەتە ـ سوئال.

▲ نەپسىڭنى يىغ، يۈزۈڭنى چۈشۈرىدۇ؛ تىلىڭنى يىغ، ئوسال قىلىدۇ؛ غەزىپىڭنى يىغ، پۇشايمانغا قويىدۇ.

▲ تەبىئەتتىن تەبىئىي پەننى، جەمئىيەتتىن ئىجتىمائىي پەننى، ئەمەلىيەتتىن پەلسەپىنى تەتقىق قىلىپ ئۆگەنسەڭ ھەر ئىشتا قابىل، ھەممىگە قادىر بولىسەن.

▲ ئاياللار ئەركەكلەرنى باھالىغۇچىلار.

▲ كەيپخور، قىمارۋاز، پاھىشىۋازلار كۆپ جاينىڭ قاۋاقخانا، قاماقخانا، مەيخانا، دوختۇرخانىسى ئاۋات.

▲ شەھەر بالىلىرى تەشتەكتىكى، سەھرا بالىلىرى تەبىئەتتىكى گۈل.

▲ پۇل كۆپ بولسا سەن پۇلغا خوجايىن، پۇل يوق بولسا پۇل ساڭا خوجايىن.

▲ ئۆزىنى تونۇغان ئۆزىگە خوجايىن، تونۇمىغانغا ئۆزگىلەر خوجايىن.

▲ ئۆتكەنگە چېكىت، بۈگۈنگە سوئال، ئەتەڭگە ئۈندەش

بەلگىسى قويۇشنى بىل.

▲ سودىگەرنىڭ ئەقلىنى، خېرىدارنىڭ كۆزىنى بازار ئاچىدۇ.

▲ ئاياللارنى قورقۇتۇش ئاسان، بويسۇندۇرۇش قىيىن.

▲ گۇناھكار ئوقۇغۇچىنى مەكتەپتىن قوغلىۋەتكەنلىك ـ قەبىھستىكى يولۋاسنى تاغقا قويۇۋەتكەنلىك.

▲ دوستلار ئارىسىدا كۈلۈش مۇھەببەتتىن، رەقىبلەر ئالدىدا كۈلۈش ـ نەپرەتتىن.

▲ يالغان ئېيتقىنىڭ ـ يالغۇز قالىدىغىنىڭ .

▲ ئاچچىقتىن ياش، غەزەپتىن قان تۆكۈلىدۇ.

▲ گۆدەكلىك قىلىپ ئويناپ يۈرسەم ساقال چىقىپتۇ، ياشلىقىمنى غەنىيمەت بىلىپ بىغەم يۈرسەم ساقالغا ئاق سانجىپتۇ، ئەمدى بىرەر ئىش قىلاي دەپ يۈرسەم، ماغدۇر قېچىپتۇ.

▲ خىسلەتلىك بەش جۈملە: 1. بىلىمدە بايلىق بار؛ 2. پەزىلەتتە ھۆرمەت بار؛ 3. ھۈنەردە بەرىكەت بار؛ 4. مېھنەتتە قىممەت بار؛ 5. ئەقىلدە كۈچ ـ قۇۋۋەت بار.

▲ تۆتنى يەڭگەن ئادەم خاتىرجەم ياشىيالايدۇ: نەپسىنى، ئىشق ـ ھەۋىسىنى، غەزىپىنى، تىلىنى.

▲ غەزەپ ـ چاقماق، تەبەسسۇم ـ يامغۇر.

ــ ياقۇپ ھەمدۇللا

---

ئاپتور: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

## يۈرەك سۆزلىرىم

▲ ھايۋاننى ئۇرۇپ باشقۇر، ئادەمنى كۈلۈپ .

▲ داڭلىق كارخانىچىلارغا قاراپ مەكتەپتىن جەمئىيەتنىڭ چوڭ ئالىي مەكتەپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

▲ «ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەپتۇ» دېگەن سۆز سالامغا قارىتىلغان بولسا، دەل جايىنى تاپقان بولىدۇ؛ قورقۇنچاقلىققا قارىتىلغان بولسا، ئۇ ھالدا خائىنغا قارىتىلغان، قەھرىمانغا نومۇس ئېلىپ كېلىدىغان سۆز بوپقالىدۇ.

▲ پۇرسەت قولدىن كەتكەندە، ھايات سەكراتقا چۈشكەندە ئۆز قىممىتىنى كۆرسىتىدۇ.

▲ باتۇر مىللەتنىڭ تارىخى، تىرىشچان مىللەتنىڭ كەلگۈسى، ئەخلاقلىق مىللەتنىڭ تەقدىرى نۇر چېچىپ تۇرىدۇ.

ــ ئەسقەر ھوشۇر

---

ئاپتور: بورتالا شەھىرى چىندىل يېزا رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پونكىتىنىڭ مەسئۇلى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ شەھەر— تەرەققىياتنىڭ، سەھرا ساغلاملىقنىڭ ئانىسىدۇر.

▲ «ھازىر»دىن قىسمەت، «ھېلى»دىن قىسمەت تۇغۇلىدۇ.

▲ بەتنام— لېيىغان بۇلاق.

▲ كۆڭۈللۈك ئىش— ئۇنۇملۇك ئىش.

▲ ئۆي سالدىغان يەرنى دەرەخ سېلىپ تاللا.

▲ چوڭلار «قىل» دېگەن ئىشتىن نان چىقىدۇ، «قىلما»دېگەن ئىشتىن قان.

▲ ئادەم ئادەمگە نىسبەتەن ئوقۇتقۇچى، تۇرمۇشقا نىسبەتەن مەڭگۈ ئوقۇغۇچى.

▲ ھايات — دەرس، ئىنسان — ئوقۇغۇچى، جەمئىيەت— مەكتەپ.

— ئابدۇغىنى توختى تۇغرۇل

ئاپتور: يوپۇغا ناھىيە بايئاۋات يېزا گۈلباغ كەنتىدە

* * *

▲ «قولى نازۇك، ئىش قىلالمايدۇ، دىلى نازۇك، گەپ كۆتۈرەلمەيدۇ، بالا كىچىك، ئىش ئۇقمايدۇ» دېسىڭىز، بالىڭىز مەڭگۈ قۇچاقتىن چۈشمەيدۇ.

— ئامىنە سۇلايمان

ئاپتور: تۇرپان تۇرمىسى ئايال سالقچىلارنى تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ خادىمەسى

▲ كۆلكە ئىچىگە يوشۇرۇنغان ساختىلىق ھەسەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى.

— ئاتىكەم ھېكىم

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16- ئوتتۇرا مەكتەپ 3- يىللىق 1- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ رىقابەتچىڭ بىلەن دۈشمىنىڭنىڭ پەرقى: بىرى سېنى كۈچەيتىدۇ، بىرى ئاجىزلىتىدۇ.

— مەنسۇرجان نۇرى

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خەنزۇتىلى تەييارلىق 2007- يىللىق 10- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ ھەقىقىي بىلىملىك كىشىنى پەقەت بىر ئېغىز گېپىگە بەرگەن تەبئىي باھاسىدىن بىلىۋالالايسەن.

▲ كىشىنىڭ قىلىۋاتقان ئاچچىق پۇشايمىنى ھەقىقىي سوتنىڭ ھۆكۈمىدۇر.

▲ داۋاندىن ئاشقانلارنىڭمۇ يەنە دەردى بار، ئۇ بولسىمۇ يەنە قانچىلىك داۋان باردۇ؟

▲ ئىزىڭنىڭ ئۆچۈشى، ئىزچىللىقىڭنىڭ بولمىغانلىقىدىندۇر.

▲ كىچىك چاغدا تەڭسىزلىككە ئۇچراش نادانلىق، چوڭ بولغاندا تەڭسىزلىككە ئۇچراش ئاجىزلىقتۇر.

▲ دۇنياۋى بۈيۈك ئادەمنىڭ بىر قىممەتلىك خاتالىقى، ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ بىر قىممەتلىك قوپالماس زاۋاللىقىدۇر.

▲ مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ باش كۆتۈرەلمەسلىكىنىڭ سىرى، مەغلۇبىيەتنى كۆپ ئويلىغانلىقىدا.

— غوپۇرجان ياقۇپ (سەگەك)

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىشەرىق يېزا قۇملۇق كەنت مەكتىپىدە مۇئەللىم

* * *

▲ ئىرادىنىڭ يېشى يوق.

▲ كىتاب، ئوقۇيدىغان ئادەمنى ئۆزى تاپىدۇ.

— مەھمۇت تۇرسۇن

ئاپتور: باي ناھىيە ج خ ئىدارىسى ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا

▲ باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرەلەيدىغانلار— ئاقىل، كۆرەلمەيدىغانلار— ھەسەتخور، كۆرمەيدىغانلار— ناداندۇر.

▲ پەقەت رەقىبىڭ يوقمۇ؟ ئۇنداقتا، ئۆزۈڭنى ئەڭ ئاجىز دېگىن.

— ئابدۇقەييۇم ئەيسا

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئارال يېزا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

▲ ئالدىڭىزدىكى دۈشمەندىن ئانچە قورقۇپ كەتمەڭ، ئەڭ خەتەرلىكى كەينىڭىزدىكى دۈشمەن. ئۇدۇلدىن كەلگەن خەنجەرنى توسقىلى بولغان بىلەن، كەينىڭىزدىن ئۇرۇلغان پىچاقنى توسقىلى بولمايدۇ.

— غەيرەتجان ھامۇت

ئاپتور: شىنجاڭ ساقچى ئوفىتسېرلىرى ئالىي تېخنىكومى 7- چوڭ ئەترەت 20- تارماق ئەترەتنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## ئەقىل سۆيگە تويۇنغان تەرمىلەر

▲ تۇرمۇش — تەسەۋۋۇردا قايتىلىنىدۇ، تەپەككۇردا يېڭىلىنىدۇ، تەشەككۇردا بىر ئىزدا توختاپ قالىدۇ.

▲ باشقىلار ھۆرمەتلىسۇن دېسەڭ، دىلىڭ تۈزلەنسۇن، بىلىڭ ئېگىلسۇن.

▲ ئاجىزلىق هامان بىر كۈنى ئاشكارىلىنىدۇ.

▲ ھەسەتخورغا ھەممە ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ قايسى جەھەتتە بىلىمى كەم بولسا، شۇ ئىشتا ئاسانلا چىنىپ قالىدۇ.

ـ سەلىيجان روزى

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى كومپيۇتېر فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئەجدادلىرىمىز تارىختا ئىسىملىرىنى پەقەت تاش ئابىدىلەرگىلا ئويماستىن، قەبىھە ياۋلارنىڭ مۇدھىش يۈرەكلىرىگىمۇ ئويۇۋەتكەچكە، ئۇلارنىڭ نامى مەڭگۈ ئۆچمىگەن.

ـ ئابلىز توختىۋەلى

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە لوپ بازار ئوتتۇرا مەكتىپىدە

▲ كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئۇقۇشماسلىقتىن ساقلىناي دېسەڭ، ئېغىزىڭنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇر.

ـ ئايشەمگۈل ئابدۇكېرىم

---

ئاپتور: بورتالا تېببىي مەكتەپ 2006 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىر يېڭى كىيىم كىيسەڭ ئۇستىۋېشىڭ، بىر يېڭى كىتاب ئوقۇساڭ مىڭەڭ(پىكىر ـ ئىدىيەڭ) يېڭىلىنىدۇ.

ـ مۇھەممەتنىياز ئەلقۇت(ئۇيغۇر بەگ)

---

ئاپتور: جياڭسۇ ئۆلكىسى خەنجياڭ ئوتتۇرا مەكتىپى شىنجاڭ سىنىپى 2005 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ساختا مۇھەببەتتە قىزلار مال ـ دۇنيا،ئوغۇللار نام ـ ئابرۇي قوغلىشىدۇ.

▲ سەن ياخشى كۆرگەننىڭ ئارتۇقچىلىقنى، سېنى ياخشى كۆرگەننىڭ بولسا كەمچىلىكىنى كۆپرەك كۆرسەن.

▲ ئەرلەر ئايالالار ئارقىلىق كۆتۈرۈلىدۇ ھەم چۈشۈرۈلىدۇ.

▲ توي قىلغاندىن كېيىن ئۆزۈڭدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلالىغان چېغىڭدىلا ، ئاندىن تۇرمۇشلۇق تۇرمۇش بولىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ تاشقى قىياپىتىگە قاراپلا بەختلىككەن دېمە، بەلكىم ئۇلار دەردىنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ كېتەلىگەنلەردۇر.

▲ ئەر كىشى يوق ئۆيدە بالا بۇزۇلىدۇ، ئايال كىشى يوق ئۆيدە ئەر.

▲ چىرايى گۈزەللەرنى شەھەردىن، قەلبى گۈزەللەرنى سەھرادىن ئىزدە.

ـ ئابدۇللا ياقۇپ

---

ئاپتور: جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى موڭغۇلكۈرە ناھىيە چىگرا مۇداپىئە جولاڭ ئەترىتىدە ئوفىتسېر

* * *

▲ ئۆزىگە تايىنىش ئادەمنى پىشىرىدۇ، ئۆزگىگە تايىنىش چۈشۈرىدۇ.

ـ روزىتوختى مەھمۇت

---

ئاپتور: خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىنگلىز تىلى 2005 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ساڭا دەردىنى كۆپ تۆكىدىغان ئادەم بىر بولسا سېنى ئالداۋاتقان، يەنە بىر بولسا ساڭا ئىشىنىدىغان ئادەمدۇر.

ـ نۇرمۇھەممەت مىجىت

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى 2004 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تەدبىر ـ تەقدىر بەرگەن قىلىچ.

ـ ئابلەت مۇھەممەت كۈيزار

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئالمىت يېزا سۈگەتلىك كەنت پاشالىق ھويلا مەھەللىسىدە دېھقان

▲ تەن ئاجىزدا قۇۋۋەت يوق، روھ ئاجىزدا ئەقىل.

ـ ئابدۇللا ناسىر

---

ئاپتور: توقسۇ ناھىيە ئۆگەن يېزا تورلۇق كەنتىدە دېھقان

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ ئاتا ـ ئانىلار ھەرقاچان پەرزەنتلەرگە دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ، لېكىن پەرزەنتلەر دۇئانى ئاتا ـ ئانىلار ئۆلگەندە ئاندىن قىلىشىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ پوزىتسىيىسىنى توغرىلاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، ئاۋۋال ئۆزىنىڭ پوزىتسىيىسىنى توغرىلاش.

▲ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتسەكلا ، ئوخشاش بىر ئىشتىن پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان نەتىجىگە ئېرىشەلەيمىز.

ـ بەھرىنىسا ئادىل (دىلەفكار)

ئاپتور: «شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»نىڭ خادىمەسى

* * *

▲ قىزىڭىزنىڭ چىچىنى ئۇزۇن قويۇپ بەرسەڭ ئۆزىگە زىننەت بولىدۇ؛ ئوغلۇڭىزنىڭ بېشىنى قويۇپ بەرسەڭ ئەلگە ئىبرەت بولىدۇ.

— مەھمۇتجان يانتاق

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

## تەپەككۇر سەپىرىدە...

▲ كۈتۈلمىگەن ئىشتىن كۈتۈلمىگەن نەتىجىگە ئېرىشىسەن.

▲ قارىساڭ ھەممە نەرسە تىل، قەلبىڭ ئاچچىق قاغجىراقلىق ئىچىدە ياشايسەن. بۇ دەل بەخت ئىچىدىكى بەختسىزلىك.

▲ كىشىلىك ھايات بىر قارىساڭ سۈزۈك ۋە تىپتىنچ دېڭىزغا، بىر قارىساڭ ئۇپۇقتىكى چەكسىز تۇمانغا، بىر قارىساڭ قايناق بازارغا، بىر قارىساڭ دەھشەتلىك گۆرىستانغا، بەزىدە دەل ئۆزۈڭگە ئوخشايدۇ.

▲ ئۆتكەن كۈنلەر چۈشكە ئوخشايدۇ، ئوخشىمايدىغىنى ئەسلىمە.

▲ ئۇشۇق ئېلىنغان بىر قەدىمىڭنىڭ مۇكاپاتى ياكى جازاسى باردۇر.

▲ بىز باشقىلارنى پەقەت ئۇنىڭغا يېتىشەلمىگەندىلا ھەسرەت ۋە ھەسەت ئوتىدا توختىماي تىللايمىز.

▲ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت — بەدەل تۆلەپ ئېرىشكەن نەرسەڭنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولماي ئۇسال چىقىشى.

▲ ھايات ھېچكىمگە قانائەتلىك جاۋاب بەرمەيدۇ. شۇڭا بىز ھاياتقا قانائەت قىلماي ئۆتۈپ كېتىمىز.

— شەمسىقەمەر ئەبەيدۇللام

ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيە بازىرى ئاھالىلەر 3-رايونى ئورگىنىنىڭ ۋاقىتلىق خادىمەسى

## تۈن تىۋىشلىرى

▲ ھۆرۈن دېھقان يەردىن، بىشەم خوتۇن ئەردىن قاقشايدۇ.

▲ ھاياتلىقىڭدا ئۈچ نەرسىنى ياخشى تاللا: ئوقۇيدىغان كىتابنى، كەلگۈسىدىكى ئايالىڭنى، يېقىن قوشناڭنى.

▲ قىزلارنى شەيتانغا ئوخشىتالىغىنىڭ بىلەن ئاناڭنى شەيتانغا ئوخشىتالمايسەن.

— قاسىمجان ئەمەت

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

* * *

▲ يېزىق تىلىڭىزنىڭ گۈزەللىكىدىن ئاز ئادەم، ئېغىز تىلىڭىزنىڭ گۈزەللىكىدىن كۆپ ئادەم زوقلىنىدۇ.

— ئايتىللا ئەلى

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە يېڭىشەھەر ناھىيە سىللىي 2-ئوتتۇرا مەكتەپ 2-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ دۇنيادا باشقىلاردىن قەرز ئالغىلمۇ، قەرز بەرگىلىمۇ بولمايدىغان مۇنداق ئۈچ نەرسە بار: ئۇ، ھاياتلىق، ۋاقىت ۋە تالانتتىن ئىبارەت.

— ئەھمەتجان قاسىم

ئاپتور: مەكىت ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە تارىخ مۇئەللىمى

▲ رىقابەتتە ئىككى ئادەمنىڭ بىرى كۈچىيدۇ، بىرى ئۆزىگە تەجرىبە توپلايدۇ.

— تۇرسۇن ھەسەن

ئاپتور: مەكىت ناھىيە قورما يېزا تېرىممەھەللە كەنتىدە دېھقان

▲ ساۋاقداشلىق، ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ ياخشى ئالبوم.

— ئەھمەتجان دىلمۇرات

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا

▲ ئارتۇقچە يېقىنچىلىق بىر بولسا دوستلۇقنىڭ، يەنە بىر بولسا سىر ئېلىشنىڭ ئىپادىسى.

— ئىمىننىياز ھەسەن

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە ئايباغ يېزا تۆۋەنكى ئەلمىقۇدۇق كەنت مەكتىپىدە تىل-ئەدەبىيات مۇئەللىمى

▲ ئانا - ئۆينى، ئاتا دۇنيانى كۆرىدۇ.

— مۇھەممەت رەھىم قۇزۇرىي

ئاپتور: شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 3-يىللىق 22-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## نازۇك تۇيغۇلار

▲ كەينىڭدىن تولا غەيۋىتىڭنى قىلغانلىق، چۈشىنىسەڭ، سەندىن قورققانلىق.

www.uyghurkitap.com

▲ سىرىڭنى بىر ئادەمگە دەپ بەرگىنىڭ شۇ ئادەمگە ئىشەنگىنىڭ. لېكىن شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئادەم ئالدىدا تىلىڭ قىسقىرايدۇ.

▲ ئاز سۆزلەيدىغان ئادەمنىڭ سەن بىلمەيدىغان سىرى كۆپ بولىدۇ.

▲ قىلغىنىمنى بىلمىدى دېگىنىڭ، سېنىڭمۇ پۇرسەتپەرەسلىكىڭنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

▲ قىلغاننى شەرەپ دېمە، باھالىغۇچىلار ئەتراپىڭدا.

▲ ئادەمنىڭ قورسىقى ئالدىدا بولغىنى ئۈچۈن، شەخسىيەتچىلىك ھەممىنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ ئىشىدىن سۆيۈنگىنىڭ، ئەمەلىيەتتە بىر قېتىم ئۆز يېتەرسىزلىكىڭنى ھېس قىلىپ يېتەلىگىنىڭدۇر.

▲ باشقىلار جاۋاب بېرەلمىگۈدەك سوئال تەييارلىيالىغىنىڭ، ئۇلارنىڭ ئەقلىي چېكىنى بىلىپ يېتەلىگىنىڭدۇر.

▲ يېڭىلىقنى ئىنتىلگىنىڭ ــ كەلگۈسىگە ئىنتىلگىنىڭ، يېڭىلىق ياراتقىنىڭ ــ قىممىتىڭگە قىممەت ياراتقىنىڭ، يېڭىلىقنى ھۆكۈم قىلغىنىڭ ــ ئۆز ئەقلىڭنى سىنىغىنىڭ.

▲ پۇرسەت سەن ياراتقان قىممەت ئۈستىدە مانا مەن دەپ جىلمىيىپ كۈلۈپ تۇرىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ «ئەمدى سېنى چۈشەندىم» دېگىنى، ئەمدى سېنىڭ مەن بىلىدىغان سىرىڭ قالمىدى، دېگىنى.

▲ يەر ئادەمگە ھەممىنى بېرىدۇ، لېكىن بىر كۈنى بەرگىنىنى سەن بىلەن قوشۇپ يەپ كېتىدۇ.

▲ چىدىماسلىق ـ يېڭىلگەنلىكىنىڭ دەلىلى.

▲ باشقىلارنى يالغان سۆزلەپ مەلۇم ۋاقىت ئالدىيالايسەن، لېكىن چىنىپ ئۇسال بولغىنىڭدا پۇشايمىنىڭنى ئالدىيالمايسەن.

ــ قۇربانجان توختى ھۆرمىتي

---

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە بۇلاقسۇ يېزا ئاشلىق پونكىتىنىڭ خادىمى

## كەۋسەر تامچىلىرى

▲ سەن ئۆزۈڭگە نېمە كېرەكلىكىنى بىلمىگىنىڭ بىلەن، دۈشمىنىڭ بىلىدۇ.

▲ زېمىن تار ئەمەس، كۆڭلىمىز تار.

▲ «ئەزەلدىن» دېگەن سۆز ياراتقۇچىدىن باشقا ھېچكىمگە ياراشمايدۇ.

▲ ھەقىقەت ئۆزىگە ئەقىدە قىلغانلارنى رەھىمسىزلەرچە سىنايدۇ.

▲ مىللىتىڭىزگە بولغان مۇھەببىتىڭىز سىزگە تاپشۇرىدىغان تۇنجى ۋەزىپە: ئۆزىڭىز ۋە ئائىلىڭىزگە بولغان مەسئۇلىيىتىڭىزنى كامىل ئادا قىلىش.

▲ دۈشمەنىنىڭ كەملىكىنى تونۇشتىن بۇرۇن، دۈشمەنىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىۋال.

▲ ئۈزلۈكىدىن ئۆگەنگەنلەردىن ئىقتىدارلىقلار كۆپ چىقىدۇ، تۈزۈم سەۋەبىدىن ئۆگەنگەنلەردىن ئىش كۆتىدىغانلار.

▲ مەن بۈگۈنكى دۇنيا ۋەزىيىتىدىن بىلىۋالغان بىر ھەقىقەت شۇكى، ياماندىن قورقمايدىغان ھېچكىم يوق.

▲ بەزى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىنىڭ ھەل بولۇشى سىياسىي مەسىلىسىنىڭ ھەل بولۇشىغا باغلىق بولسا، يەنە بەزى خەلقلەرنىڭ سىياسىي مەسىلىسىنىڭ ھەل بولۇشى تۇرمۇش مەسىلىسىنىڭ ھەل بولۇشىغا باغلىق.

▲ ئۇنى مەن يوقاتىمسام، ئۇ مېنى يوقىتىدۇ دەيدىغانلار، داۋاملىق باشقىلارنى دۈشمەن ئورنىدا كۆرىدىغانلار.

▲ ئىجادىيەتچىلەر ئۈچۈن مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە جۈرئەتتىنمۇ ئارتۇق تەلەپ بولمايدۇ.

▲ مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىنىڭ يۈرىكى ئېتىقاد، ئەخلىتى مىللەتچىلىك.

▲ ياراتقۇچى بىزگە قالدۇرغان ئىشلارنى بىز ياراتقۇچىغا قالدۇردۇق. شۇڭا بۇ زاماندا ئاجايىپ چاندۇق.

▲ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئۆزى ئۈلگە بولىدىغانلار بۇ زاماننىڭ پەيغەمبەرلىرىدۇر.

▲ ئادەم ياشاش ئۈچۈن تاماققىلا ئەمەس، ساۋاققىمۇ موھتاج.

ــ ئابدۇقەييۇم مۇھەممەت ھەۋزىي

---

ئاپتور: گۇما ناھىيىسىدە

※ ※ ※

▲ تارىختىن مەلۇمكى، كۈچلۈكلەر زومىگەرلىكتە، ئاجىزلار ھاماقەتلىكتە يېقىن.

ــ ئابدۇلېتىپ تۇرسۇننىياز

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

▲ باشقىلارنىڭ ساڭا بەرگەن نەرسىلىرىنى پەقەت ئىككىلا تۈرگە ئايرىساڭ كۇپايە: بىرى، ئاۋۋال بەدەل تۆلەپ ئاندىن ئېرىشىدىغان نەرسىلەر. يەنە بىرى، ئېرىشكەندىن كېيىن بەدەل تۆلەيدىغان نەرسىلەر.

ــ مەرھابا قاسىم

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات ـ تارقىتىش فاكۇلتېتى ئاخبارات

2006-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تەپەككۇر بىلەن ئۆتكەن ھايات چاچنى چۈشۈرگىنى بىلەن، تەپەككۇرسىز ئۆتكەن ھايات باشنى چۈشۈرىدۇ.

▲ ئوغۇللىرى بۇزۇلغان مىللەتنىڭ قىزلىرى چوقۇم تاۋارغا ئايلىنىپ بولغان بولىدۇ.

— ئابدۇراخمان ئابدۇكېرىم ئەرچىن

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات 2006-يىللىق 3-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئالىي مەكتەپتىن چىككەن ئوقۇغۇچىلار بىر بولسا ئەل بايلارنىڭ، يەنە بىر بولسا ئەل كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرى.

— ئابدۇقەييۇم مۇھەممەتئېلى

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ 2-يىللىق 10سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەرلەرنى كېيىپ-ساپا، ئاياللارنى جەبىر-جاپا، بالىلارنى تەنە-تاپا كاردىن چىقىرىدۇ.

▲ ھاۋالە قىلىش — بىراۋنى ئەدەپ بىلەن ئاۋارە قىلىش.

— گۈلزار ئابدۇۋەلى(ياۋاگۈل)

---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە چاھارباغ بازار باشلانغۇچ مەكتىپىدە مۇئەللىمە

▲ كۆز ئۆزىگە ئىشىنىدۇ، قۇلاق باشقىلارغا.

— گۈلزار ئوسمان

---

ئاپتور: ج ك پ ئىلقا ناھىيىلىك كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ خادىمەسى

▲ زامانغا قاراپ دوست تۇتۇش نادانلارنىڭ، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش دانالارنىڭ ئىشى. شۇڭا ئۇلار پەرقلىق.

▲ كىتاب قولىمىزدىن چىققان گۆھەر، ھاراق قولىمىزدىن چىققان زەھەر.

▲ ناخشىلىرىمىز تۈز سالمىغان ئۇماچقا، ياشلىرىمىز ئېتىلالمىغان قوماچقا ئوخشاپ قالمىسۇن.

— مۇھەممەت تۇرسۇن

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 4-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 3-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىراۋنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىش ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتسە، ئاخىرى غەيۋەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

— ئابلەتجان توختى

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئاخبارات 2005-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىر يۇرتنىڭ گۈزەللىكىنى دەل-دەرەخىگە قاراپ بىل، بىر مىللەتنىڭ قىياپىتىنى ياشلىرىنىڭ ئەخلاقىغا قاراپ.

— ئابدۇۋەلى ئەلى

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزا ساقچىخانىسىدا ساقچى

▲ كۆڭ چىققۇچە ئۇخلىغانلىق ، ياراتقۇچىنىڭ «نىسۋە يوقلىمىسى»دىن ئۆتەلمەي قالغانلىق.

▲ مەھبۇبىڭىزنى ئايغا ئوخشاتقىنىڭىزدا شۇنىڭغا دىققەت قىلىڭكى، ئاي گاھى پۈتۈن، گاھى يېرىم.

— خەلىل ھۇسەن مۇجاۋىرىي

---

ئاپتور: قىرغىز، ئاقچى ناھىيە سەپەرباي يېزىسى قارابۇلۇڭ كەنتى قۇزابېشى كەنتىدە دېھقان

▲ ئوغۇلنى ئەركە باقساڭ ۋاپاسىز، قىزنى ئەركە باقساڭ ھاياسىز بولۇر.

— جاھانباي ماشەك

---

ئاپتور: قىرغىز، ئاقچى ناھىيە «ماناس» ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئىجادىيەتچىسى

▲ مىڭ ئاڭلىدىم، قۇلىقىمغا كىرمىدى، بىر يولۇقتۇم، ئېسىمدىن چىقمىدى.

▲ ئەقىل چىراغ، دوستۇڭ ئەينەك، دۈشمىنىڭ سايىدۇر.

▲ ئىچى تارنىڭ يولى تار.

▲ ئاناڭنى تولا سۆزلىدى دېمە، ئۆزى تارتقان ھەسرەتنى ساڭا كەلمىسۇن دەيدۇ.

▲ ئادەم سەممىيتى، مىللەت مەدەنىيىتى بىلەن ھۆرمەتلىكتۇر.

— ئالىم سەمەت

---

ئاپتور: شايار ناھىيە گۈلباغ يېزا خاندان كەنتىدە دېھقان

▲ رەقىبىڭنىڭ ئۈستۈنلىكىلا سېنى ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىتىدۇ.

— تۇرسۇنجان قاسىم

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنت قارىياغاچ مەھەللىسىدە دېھقان

▲ پۇرسەتنى تونۇشقا ئەقىل، تۇتۇشقا كۈچ(تالانت)كېرەك.

▲ غەلبىنىڭ يېرىمى پۇرسەت، يېرىمى پاراسەت.

www.uyghurkitap.com

▲ چىرىك جەمئىيەتتە ئۆپرايدىغىنى يەنىلا زېھنىي كۈچ.

▲ ئۆيىمىز باشقا، يولىمىز باشقا.

▲ زامانىۋى قۇللۇق — ئۆزىنى تونۇماسلىق، ئۆزگىنى بىلمەسلىك.

▲ پەقەتلا ئەجدادلاردىن تەسەللى تاپىدىغان، ئەۋلادلارغا ئۈمىد باغلايدىغانلارنىڭ بۈگۈندىن نېسۋىسى يوق.

▲ ئاجىزلار سەنئەتتىن، ئاقىللار پەلسەپىدىن تەسەللى تاپىدۇ.

▲ ئەخمەقلەرنىڭ كۆزى نەگە باقسا ئۆزى شۇيەرگە بارىدۇ.

▲ خۇراپاتلىق، ماھىيەتنى بىلمەي ئىشەنگەن نەرسە.

▲ باللىقتا تەسەۋۋۇر، ياشلىقتا خاراكتېر، ياشانغاندا پاراسەت يېتىلىدۇ.

— ئابلەت روزى

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە خۇشئاۋات يېزا بۇكىمەچلىك كەنتىدە دېھقان

▲ تۇخۇمغا قونغان چىۋىننى تىللاشتىن بۇرۇن، تۇخۇمنىڭ ساق ياكى ئەمەسلىكىگە قاراڭ.

— ئەزىزەگۈل ئىمىنىياز

ئاپتور: شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى مالىيە باشقۇرۇش 2006ـ يىللىق 2ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ دوستۇڭنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى باشقىلارغا ئېيت، ئەيىبىنى ئۆزىگە.

▲ بىرىگە ئەڭ ئالدىراڭغۇ ئادەم، يەنە بىرىگە ئەڭ سۆرەلمە ئادەم ئاسانلا زىيان تارتىدۇ.

— ئوبۇلقاسىم ئەخمەت

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە يەكشەنبە بازار يېزا چاقلىق كەنت يېڭى ھويلا مەھەللىسىدە دېھقان

▲ بويتاق ئەر — يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەك.

— مۇھەممەدتجان قۇربان (شەررارىي)

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكائىنستىتوتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2006ـ يىللىق 9ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەقىل دادىغا، تىرىشچانلىق ئانىغا، پۇرسەت بالىغا ئوخشايدۇ. بۇ ئۈچى بىرىككەندە مۇكەممەل ئائىلىگە ئايلىنىدۇ. بۇ مۇكەممەل ئائىلە دەل مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

— ئايگۈل مۇھەممەت

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە 2ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1ـ يىللىق 2ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئۈنچى تەپەككۇرۇم

▲ سەن ئەقىل جېڭىدە يىلاندىن يول مېڭىشنى ئۆگەن، شۇندىلا رەقىبىڭنىڭ ئۆمرى سېنى قوغلاش بىلەن ئۆتىدۇ.

▲ ئاددىي ئېيتىلغان بىر ئېغىز سۆزمۇ سېنىڭ بىر ئۆمۈر يەتمەكچى بولغان نىشانىڭ بولالىشى مۇمكىن.

▲ ئۆزۈڭدىكى زېرىكىشنى تۈگەتمەي دېسەڭ، ئۆزۈڭ كىرىۋالغان قېلىپنى بۇزۇپ تاشلا.

— خۇشخۇي

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى باغۋەنچىلىك ئىنستىتۇتى 2005ـ يىللىق 1ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## مەھرۇملۇقتىن مەھكۇملۇققىچە

▲ كۈچۈڭنى ئويۇن ئورنىدا كۆرىدىغانلار ئاخىردا ئۆزلىرى تەقدىرنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ كۆزۈڭنى باشقۇر، شۇندىلا ئۆزۈڭنى باشقۇرالايسەن.

▲ سەمىڭىزدە بولسۇن، سىزگە كەلگەن پۇرسەت ئەڭ دەسلەپكى، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت بولۇشىمۇ مۇمكىن.

— گۈلزار سەئىدۇللا

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئاخباراتچىلىقى 2004ـ يىللىق 5ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ غەمزىنىڭ كۆپىنچىسى كۈلكىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

— ئابدۇغوپۇر ئىمىن

ئاپتور: بېگىسار ناھىيە ئەگۈس يېزا كاميا كەنتىدە دېھقان

▲ ئاددىي ئادەم بولساڭ بولىدۇ، بىراق كېرەكسىز ئادەم بولساڭ بولمايدۇ؛ ياۋاش ئادەم بولساڭ بولىدۇ، ئەمما غۇرۇرسىز ئادەم بولساڭ ھەرگىز بولمايدۇ.

— ھەمەرجان ھېكىم (ھارماس)

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە شاپتۇل يېزا كىچىك ئاقئېرىق كەنتىدە دېھقان

▲ ۋاقتى كەلگەندە ئالەم سىغقان كۆزۈڭگە بىر تامچە ياش سىغمايدۇ.

— شاھبانۇ ساتتار

---

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ناركوز 2007-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ قانۇنغا تايىنىپ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ، لېكىن پىكىرنى بىردەك، ھېسسىياتنى ئورتاق، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ.

— ئىلھامجان ئېرپان(روھلۇق)

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھىرىدە، ئوقۇغۇچى

▲ قىممەتنى يوقاتقان ھەرقانداق نەرسە، ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ھامان بىر كۈنى يوقىتىدۇ.

▲ ئۆي ئىچى خۇددى ھايۋاناتلار باغچىسىغا ئوخشايدىغانلار بىر بولسا تەتقىقاتچى، بىر بولسا نامرات دېھقان.

▲ سىز بەختلىكمۇ دەپ سورىغۇچىلار بىر بولسا بەختسىزلەر، يەنە بىر بولسا بەختىگىزگە كۆز قىزارتىۋاتقۇچىلاردۇر.

— سائادەتگۈل تۇرغۇن

---

ئاپتور: كونا شەھەر ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تەسراتلىرى

▲ ماختانساڭ ئەخمەقلىقىڭ، ماختالساڭ ئەخلاقلىقلىقىڭ.

▲ قىزنى ماختىساڭ ھازازۇللىشىدۇ، ئوغۇلنى ماختىساڭ ھاكاۋۇرلىشىدۇ.

▲ قىزلار كۆيسە كۈل بولىدۇ، ئوغۇللار كۆيسە قىزلار گۈل بولىدۇ.

— يۈسۈپجان مۇھەممەت

---

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەت 6-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 6-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## قەلبىم تۆككەن چېچەكلەر

بىراۋنىڭ تەلىمى بويىچە سەپنىڭ ئالدىدىمۇ ئەمەس، كەينىدىمۇ ئەمەس، ئوتتۇرىدا ماڭدىم. ھەر ئىش قىلسام ئوتتۇرا يولنى تۇتتۇم. «مەيدانسىز»، «ئىككى يۈزلىمچى» دېگەن ئاتاققا قالدىم. كەينىدە ماڭغانىدىم، «سۆرەلمە»، «دۆت» دېگەن نامغا ئېرىشتىم. ئىجتىھات قىلىپ سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىۋېدىم، «مەنمەنچى» دېگەن سادا قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلىدى. شۇندىلا، بىر قوۋمنىڭ سەركىلىرىدىكى ھەسرەتنىڭ، ئاۋامدىكى نادامەتنىڭ يىلتىزىنى تاپقاندەك بولدۇم.

— ئوسمان زاھىر

---

ئاپتور: قۇمۇل ۋىلايىتى ئىقتىسادىي ئۇچۇر مەركىزىنىڭ خادىمى

## قارا ئۇچقۇنلار

▲ ھەسەتخور ئادەم ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغانلىرىغا ئەمەس، باشقىلارنىڭ يوقىتىپ قويغانلىرىغا ئېرىشىشنى بەكرەك ئويلايدۇ.

▲ ئەرلەرنىڭ باي بولغاندا ئەڭ موھتاج بولىدىغىنى ئايال، ئەڭ تەس كۈنگە قالغاندا موھتاج بولىدىغىنىمۇ ھەم ئايال.

▲ سىياسىي ساپاسى تۆۋەن خەلقنىڭ ئىنسانىي ساپاسىمۇ تۆۋەن بولىدۇ: دېھقانلىرى خارلىنىدۇ، زىيالىيلىرى يارىلىنىدۇ، ئوتتۇرىدا قالغانلىرى زارلىنىدۇ. نەتىجە قازانغانلىرى ۋە ئوزۇپ چىققانلىرى قارىلىنىدۇ.

▲ چۈشەنمىگەن دوستۇڭنى بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە چۈشىنىسەن: سېنى چۈشەنمىگەن دوستۇڭ بېشىڭغا بەخت قۇشى قونغاندا چۈشىنىدۇ.

— روزى سوپى ئۆچتېكىن

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا مەكتىپى 2008-يىللىق باھار پەسىللىك قوش تىل 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ تارىخ ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىككى خىل كىشى چىقىدۇ بىرى، رېئاللىقتىن قاقشايدىغانلار، يەنە بىرى، كەلگۈسىنى يارىتىدىغانلار.

— ئۆمەرجان سالام

---

ئاپتور: شايار ناھىيە «مەشئەل» كىتابخانىسىنىڭ خادىمى

## تەپەككۇر ئۇنچىلىرى

▲ بۈگۈنى بىلەن ھېسابلىشىپ، كەلگۈسىنى ئويلىمىغانلار — ئاشنى ئۆزى يەپ، باللىرىنى ئاچ قويغۇچىلاردۇر.

▲ ھە دېسىلا ئۆزۈڭنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرما، بولمىسا خاسلىقىڭ نابۇت بولىدۇ.

▲ مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەتكە ياكى مەينەتچىلىككە ماڭغانلىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز كىتابخانا بىلەن قاۋاقخانىلارغا قاراڭ.

▲ مەنپەئەتكە تاقاشقاندا گاچىمۇ تىل چىقىدۇ.

▲ ھاراق ئىچىپ ئەخلەتلەر ئارىسىدا ياتقانلارنى كۆرسەم «دەل جايىنى تېپىپسەن» دېگۈم كېلىدۇ.

— مەريەم سوپى

---

ئاپتور: باي ناھىيە ياتۇر يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىمە (MI)



# مائارىپ دوقمۇشىدىكى خىياللار

**تەلئەت قادىري**

ئوقۇتقۇچىلار كۆپ ھالدا «ئوقۇغۇچىلار بىر پارچە ئاق قەغەزگە ئوخشايدۇ، ئۇنى قانداق رەڭدە بويىسا شۇنداق رەڭدە بويىلىدۇ» دەيدۇ. بۇ گەپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنىڭ بىرخىل ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئورنى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. ئوقۇغۇچىنىڭ ئورنى بولسا پاسسىپ ئورۇندا قارالغان. بىراق، بىز بۇ «بىر پارچە ئاق قەغەز»نى زادى قانداق بوياۋاتىمىز؟ ياخشى بويالغانلىرىنى ئۆزىمىزگە تەۋە قىلىپ، ناچار بويالغانلىرىنى قەغەزگە ئارتىپ قويۇۋاتامدۇق ـ قانداق؟ بۇنداق قىلىساق ئادالەتسىزلىك بولماسمۇ؟ بەزى تەجرىبە سىنىپلار، تەجرىبە مەكتەپلەر ھە دېسىلا قالتىس ئالقىشلىنىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇلار ھەر خىل تىپتىكى ئوخشىمىغان قەغەزنى ئەڭ ياخشى بوياپ شۇنداق ماختاشقا سازاۋەر بولغانمۇ، ياكى بولمىسا سۈپىتى ناچارراقلارنى ئىلغۇۋېتىپ، ياخشىسىنى تاللىۋېلىش بەدىلىگە بۇ شۆھرەتكە مۇيەسسەر بولغانمۇ؟ مېنىڭچە، ھەقىقىي تەجرىبە ـ سىناق مەكتەپلەر ئەسلىدە ئادەتتىكى ماتېرىياللاردىن ئەڭ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلىسە ئاندىن بۇ شۆھرەتكە لايىق بولاتتى. بىراق ھازىرغىچە ئۇنداق بولغىنى يوق. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئادەتتىكى ماتېرىيال شاللىۋېتىلىپ، ئۇنىڭ دەردىنى ئادەتتىكى مەكتەپلەر تارتىپ كەلگەچكە، ئۇلار ھەرگىزمۇ كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. نۇقتىلىق ۋە تەجرىبە مەكتەپلەر مەيدىسىنى كېرىپ يۈرۈۋېرىدۇ. خۇددى «ھالۋىنى ھېكىم يېدى، تاياقنى يېتىم» دېگەندەك. بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل تەڭسىز مۇئامىلە باللارنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى چوڭايتىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ساغلام، باراۋەر ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە غۇرۇرىغا تەسىر يەتكۈزۈپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن تالاي «ئاق قەغەز» كۆڭۈلدىكىدەك بويالماي، مەكتەپ ۋە جەمئىيەتكە ئېغىر بېسىم پەيدا قىلدى. شۇڭا، ئوقۇتقۇچىدىن ئىبارەت «رەسسام» بىلەن ئوقۇغۇچىدىن ئىبارەت «ئاق قەغەز» نىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۇبدان ئويلاشماي بولمايدۇ.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «مائارىپ ـ بىر ـ ئىككى يىل كۆڭۈل بۆلىنىدىغان ‹ سېغىن كالا› بولماي، بىر قانچە ئەسىر نىشانلىنىدىغان ئىجتىمائىي بىناكارلىق»[1] دېگەنىدى. بىراق، بىزنىڭ مائارىپىمىز بۇنداق ئۇزاق مەزگىللىك، يىراق مۇساپىلىق نىشانلانماستىن پەقەت بىر نەچچە يىللىق ئۇلۇغۋار، دەبدەبىلىك غايىلەر بىلەنلا چەكلەنگەچكە، مائارىپ كۆپ ھالدا تەجرىبە ئېتىزىغا ئايلىنىپ قالدى. بىراق، مۇشۇنداق لايىھە ـ پىلاننى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارنىڭ ئەۋلادلارنىڭ تارتىۋاتقان زىيانلىرى بىلەن كارى يوق. ھەتتا يۇقىرىدىكى بىرەر مەنسەپدارنىڭ ئاغزىدىن ئۆزى بىلىپ ـ بىلمەي مۇنداقلا چىقىپ كەتكەن بەزىبىر مەسئۇلىيەتسىز گەپلەر تۆۋەندىكى ئالدىراڭغۇ، نەزەر دائىرىسى تار، يىراقنى كۆرەلمەس، پايدا ـ زىياننى ئېنىق مۆلچەرلىيەلمەيدىغان بەزى يەڭگىلتەك مەنسەپدارلارنىڭ ئاغزىدا بۇيرۇققا، قولىدا ھۆججەتكە ئايلىنىپ كېتىپ، بىر مەھەل شۇ بويىچە ئىجرا بولۇپ كېتىۋاتماقتا. دېمەك، بىزدە مائارىپقا كۆڭۈل بۆلىدىغانلارنىڭ

ئوربىتا ئىزدىنىش

بەزىلىرى ھەدىسىلا ئۇنىڭ نەتىجىسىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ، ھەرگىز ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلمايدۇ. ھەرقانداق بىر پەن ئۆزىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىدىن داجىپ كېتىدىكەن، ئۇنىڭ نەتىجىسى يامان خاراكتېرلىك ئايلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەممىگە ئايانكى، مائارىپنىڭ نەتىجىسىنى بىرەر زاۋۇتتا مەھسۇلات ئىشلەپ چىقارغاندەك ئۇنداق ئاسان كۆرگىلى بولمايدۇ. بىر مەكتەپنىڭ، بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ بىر بالىغا سىڭدۈرگەن رېئال تەربىيىسى، تەسىرىنى 20 ـ 30 يىلدا، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن كۆرۈش مۇمكىن. بىراق، بىز بۇيانىدىن يەم بېرىپ ئۇ ياندىن قوينىڭ قۇيرۇقىنى تۇتقاندەك، بۈگۈنلا، كىچىككەندە ئەتىلا نەتىجىنى كۆز ـ كۆز قىلىشقا، بۇ نەتىجىنى دەستەك قىلىپ ئۆزىمىزنى كۆرسىتىشكە ئالدىرايمىز. شۇڭا، مائارىپىمىزدا ئىسلاھات كۆپ، ھەرىكەت كۆپ، تەجرىبە كۆپ، بىراق ئۈنۈم ـ يەكۈن يەنىلا كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. مائارىپنى ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتى ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلۈش كەم. مەكتەپلەر بۈگۈن بىر خىل ئىسلاھاتنى يولغا قويسا، ئەتىسى باشقا ئىسلاھات بولۇۋاتقان، ئوقۇتقۇچى نېمە قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەيۋاتقان، ئۇنىڭ نەتىجىسى بىلەن ھېسابلاشمايۋاتقان. خۇددى ھەر يىلى مۇنچە مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى دەپ خەۋەر قىلىپ، ئۇنىڭ قانچىسى تۇتقانلىقى بىلەن ھېسابلاشمىغاندەك.

مۇنداق بىر ئىش ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ: بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ساپا مائارىپىنىڭ گېپى يېڭى ئوتتۇرىغا چىققاندا ئاجايىپ داغدۇغىلىق تەشۋىقاتلار بولۇندى. ئەمما ساپا مائارىپى ھەققىدىكى چۈشەنچىنىڭ يۈزەكىلىكىدىن شەكلەن پائالىيەتلەر بىلەن خاراكتېرلەندى. بەزىدە ئادەم بىر ئىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ قىلغانغا قارىغاندا بىلمەي قىلىش ئاسانغا توختايدۇ. شۇڭا ھەر كىم نېمىنى ساپا مائارىپى دەپ چۈشەنسە شۇنى قىلدى. بەزى جايلار ئارغامچا تارتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپلا ساپا مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرغان بولسا، بەزى جايلار دۇتار بىلەن راۋابنى بالىلارغا تۇتقۇزۇپ قويۇپلا ساپا مائارىپىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى. بەزى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نەق مەيدان دەرسلىرىدە بالىلارغا تەرخەمەك، پەمىدۇرلاردا بىر نەچچە تەخسە سوغۇق سەي تەييارلىتىپ كۆرۈپ، «بىزدە ساپا مائارىپى ئومۇملاشتى» دەپ سۆيۈنۈپ كەتكەندە، بىر چەتتە تۇرۇپ قاتتىق ھەيران قالغانىدىم. تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى، ساپا مائارىپىنىڭ گېپى ئوتتۇرىغا چىقىپ نەچچە ئاي بولار ـ بولمايلا مەلۇم رايوندا ساپا مائارىپىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلغاندا، نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالغانىدىم. چۈنكى، راستىنى دېسەم، شۇچاغدا ئۆزۈمدىن باشلاپ ھەممەيلەننىڭ ساپا مائارىپى ھەققىدە چۈشەنچىمىز تازا ئېنىق ئەمەس ئىدى. بۇنداق بىنورمال ئىشلار بىزدە نورماللىققا ئايلىنىپ كەتكەندى.

بىزنىڭ مائارىپىمىزدا ئىزچىللىق كەم. بىراق تەربىيە ئىزچىللىقنى قاتتىق تەلەپ قىلىدىغان روھىي بىناكارلىق. نېمىشقا مەكتەپلىرىمىزدىكى تەلىم ـ تەربىيىنىڭ ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ؟

بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى، تەلىم ـ تەربىيىنىڭ ئىزچىل بولالمىغانلىقىدا. بىزدىكى تەلىم ـ تەربىيە كۆپىنچە شەكىل ۋە ۋاقىت خاراكتېرىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىر ئايدىن يەنە بىر ئايغا ئۆتۈپ كەتسىلا بۇ گەپ يوقايدۇ. بۇنىڭغا ھەممەيلەن كۆنۈپ كەتكەن. بىر قېتىم تېلېۋىزوردىن مەلۇم بىر مەكتەپتە ئېلىپ بېرىلغان «سەممىيلىك تەربىيىسى پائالىيىتى»نى كۆرۈپ قالدىم. بىر سائەت ئۆپچۆرىسىدە داۋاملاشقان بۇ پائالىيەت ئارقىلىق بالىلار سەممىيلىكنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، بۇنىڭدىن كېيىن يالغان گەپ قىلمايدىغان، سەممىي بالا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدىلەرنى بېرىشتى، ھەتتا ئۇزۇن قىزىل لاتىغا ئىمزا قويۇشتى. ياخشى ئىشنى تەشۋىق قىلىش، تەشەببۇس قىلىش ئەلۋەتتە ياخشى ئىش. بىراق، ئۇنى مۇشۇنداق بىر ـ ئىككى قېتىملىق داغدۇغا قوزغاش بىلەنلا ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭغا ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىل كېتىدۇ. مۇبادا، بىز ئاشۇ قىزىل لاتىغا سەممىيلىك توغرىسىدا ئىمزا قويغان بالىلارنى بۇنىڭدىن كېيىن راست گەپ قىلىدىغان، سەممىي بالا بولىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلساق توغرا بولامدۇ؟ مەسىلە دەل مۇشۇ يەردە. سەممىيلىك مۇشۇنداق ئوڭاي ئىشقا ئاشىدىغان بولسا، جەمئىيەت ئۆزى دۇچ كەلگەن سەمىيمىلىك، ئادەمىيلىك جەھەتتىكى ئېغىر كىرىزىسنى مائارىپ ئارقىلىق ئاللىقاچان ھەل قىلىپ بولغان بولاتتى. بىراق بۇ، مائارىپنىڭ بىر ـ ئىككى كۈنلۈك پائالىيىتى ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشمايدۇ.

نېمىشقا بالىلار ئوقۇتقۇچىغا قەتئىي يالغان گەپ، ئەخلاقسىزلىق قىلماسلىق توغرىسىدا ۋەدە بېرىدىيۇ، مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپلا ئۆزى بىلگەننى قىلىدۇ؟ يەنە يالغانچىلىق، ئەخلاقسىزلىق قىلىشقا باشلايدۇ؟ چۈنكى، مەكتەپ يالغان سۆزلەشنى بالىلارغا بەزىدە ئۆزلىرى ئۆگىتىدۇ. بەزى مەكتەپلەردىكى تۈرلۈك يالغانچىلىق، كۆز بوياماچىلىق ھادىسىسى بالىلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا يۈز بېرىپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ. بىر قېتىم زور كۆلەملىك بىر مۇھاكىمە يىغىنىدا بىر ئوقۇتقۇچى: «بالىلىرىمىز بۇنىڭدىن كېيىن ئانچە ـ مۇنچە يالغان گەپ قىلىشنى ئۆگەنمىسە بولمايدىكەن» دېۋىدى، شۇ چاغدا زور كۆپچىلىك ئوقۇتقۇچى بۇ قاراشقا قوشۇلۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا بەزى دەرسلەردىكى (مەسىلەن: «ئۇر توقماق» دېگەن چۆچەكتىكى بوۋايغا ئوخشاش) ئاق كۆڭۈل ـ سەممىي ئادەملەرنى ئوقۇغۇچىلار دۆت، ھاماقەت، كالۋا قاتارىغا چىقىرىپ ئەيىبلەشتى. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. دېمەك، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە ـ پەزىلەت، ئەخلاقىي قىممەت قارىشىنى

تۇرغۇزۇش ۋە يېتەكلەشتە بەزىبىر بوشلۇق ۋە ئاجىزلىقلار مەۋجۇد. مەكتەپلەردىكى ئەخلاق - تەربىيە ئىشخانىلىرىغا تايىنىپلا بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەتتا بەزى مەكتەپلەردە بۇنداق ئىشخانىلارنى بالىلار «جازا ئىجرا قىلغۇچى ئورگان» دەپ ئاتىۋالغان. بۇنداق دېيىشنىڭ ئاساسى يوق دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇ نەرسە ئېنىقكى، مائارىپىمىزنىڭ ئاستا - ئاستا مىللىي ئەنئەنە، مىللىي مەدەنىيەت مۇھىتىدىن بارا - بارا ياتلىشىپ كېتىشى، ئەخلاقتا دائىر دەرسلىك مەزمۇنلىرىنىڭ ئەبجەشلىشىشى، ئۇزاقتىن بۇيان بىلىمگە زىيادە كۆچلەپ، ئەخلاققا سەل قاراش خاھىشى مائارىپىمىزدىكى ئەخلاقىي قورغاننىڭ ئۇلىنى ئاجىزلاشتۇرماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپلەردىن تارتىپ ئاتا - ئانىلار ۋە جەمئىيەتنىڭ قارىشىدا ھازىرغىچە بىلىمنىڭ، بىلىملىكنىڭ ئورنى ناھايىتى ئۈستۈن بوپكەلدى. ھەممەيلەن بالىلارغا «بىلىمىڭلا بولسا ھەممە ئىشنى قىلالايسەن، بىلىمىڭلا بولسا جان باقالايسەن» دېگەن گەپلەرنى قىلىشقا ئادەتلىنىپ، ئەخلاقنى ئانچە تەكىتلىمىدۇق. ئەمەلىيەتتە ئەخلاقتىن ئايرىلغان بىلىم بىر ئاپەتتۇر. چۈنكى بىلىم بىر ئات بولسا، ئەخلاق ئۇنىڭ تىزگىنى، تىزگىنسىز ئات ھەر قانداق يەرگە كېتىۋېرىدۇ. تىزگىنلىك ئات پەقەت دېگەن يەرگە ئاپىرىدۇ. مائارىپشۇناس خىربات: «ئوقۇتۇشتا ئەگەر ئەخلاقىي تەربىيە بېرىلمىسە، ئۇ پەقەت بىر خىل مەقسەتسىز ۋاستە بوپقالىدۇ؛ ئەخلاقىي تەربىيىدە ئەگەر ئوقۇتۇش بولمىسا ئۇمۇ ۋاستىدىن ئايرىلغان مەقسەت بوپقالىدۇ» دېگەنىدى.

دېمەك، بىلىم ئەخلاقتىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، ياكى ئەخلاقنىڭ رولى ئادەتتىكى ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىكەن، بۇ چاغدا بىلىمنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپرەك بولىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر نادان ئادەمنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنىدىن بىلىملىك، ئەمما ئەخلاقسىز ئادەمنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنى نەچچە ھەسسە كۆپ بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ، تارىختا كۆپ قېتىم ئىسپاتلانغان. شۇڭا، بىلىم بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتىگە سەل قارىماسلىق كېرەك. تۆۋەندىكى مىسالغا قاراپ باقايلى:

بىر ئاتا ئوغلىنى ئۆيلەركىچى بولۇپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ساڭا يۇرتىمىزدىكى ئىككى قىزنى تونۇشتۇراي، بىرسى ناھايىتى بىلىملىك، لېكىن ئەخلاقى ئانچە ياخشى ئەمەس؛ يەنە بىرسى ئانچە بىلىملىك ئەمەس، لېكىن تولىمۇ ئەخلاقلىق. سەن قايسىسىنى تاللايسەن؟

ئاتىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئوغۇل قىلچە ئىككىلەنمەستىن:

— كېيىنكى قىز بىلەن توي قىلاي، — دەپتۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سوراپتۇ ئاتىسى.

— چۈنكى بىلىملىك قىلماق تەس ئەمەس، ئەخلاقلىق قىلماق تەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوغلى.

دېمەك، مەكتەپ ۋە پۈتكۈل جەمئىيەت ئەخلاقنى، ئەخلاقنىڭ رولىنى مۇشۇنداق ئېنىق تونۇيالىغاندا ئاندىن بۇ مەسىلىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ. بىزدە «دەرەخ ئون يىلدا، ئادەم يۈز يىلدا يېتىلىدۇ» دېگەن گەپ بارغۇ. شۇڭا ئون يىلدا ئېرىشىدىغان نەرسىنىڭ پايدىسى بىلەن يۈز يىلدا ئېرىشىدىغان نەرسىنىڭ پايدىسىنى ھەرگىزمۇ سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

مائارىپتا ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك بولماسلىقىدىكى سەۋەبلەرنىڭ يەنە بىرى، بالىلار ئاساسەن كىتابلاردىكى غايىۋى، تەقلىدىي، رېئال ئاساسى كەم ياكى يوق قەھرىمان - ئۈلگىلەرگە كۆپرەك مۇراجىئەت قىلىدۇ. شۇڭا، سىنىپتا بۇلارنى ئوقۇغاندا ئوقۇغۇچىلار «مەنمۇ ئاشۇنداق بولىمەن» دەپ ۋەدە بېرىپ قويۇپ، كەينىدىن ئۇنتۇپ قالىدۇ. چۈنكى بۇ، تۇرمۇش ئاساسىدىن، ئەمەلىيەتتىن چەتلەشكەن جەريانسىز تەربىيە ۋە ئۆگىنىش بوپقالغان. شۇ سەۋەبتىن جەمئىيەت بىلەن مەكتەپ بىر - بىرىدىن بەكمۇ يىراقلاپ كەتكەن. مەكتەپ جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئېگىز قورغان ۋە قاشا تاملار بىلەن قورشالغان ئايرىم بىر دۇنياغا ئايلىنىپ، جەمئىيەت بىلەن بولغان زىچ ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان. شۇڭا، بالىلار بۇ دۇنيانىڭ ئىچىدە بىر خىل، دەرۋازىدىن چىققاندىن كېيىن يەنە بىر خىل، ئائىلىدە يەنە بىر خىل رول ئېلىشقا ئادەتلەنگەن. دېمەك، كۆپ ھالدا بىز ئائىلىدە كۆرگەن بالا مەكتەپتە يوق، مەكتەپتە كۆرگەن بالا جەمئىيەتتە يوق. مانا بۇ، بالىلارغا ھەقىقىي ئەخلاقىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشتىكى، بالىلارنى تەربىيىلەشتىكى ئۆز ئارا چەمبەرچاس باغلىنىشقا تېگىشلىك بولغان ئۈچ تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاللىقاچان چوڭقۇر ھالڭ شەكىللىنىپ، ئۇلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان چاتما كۆۋرۈكنىڭ چاك - چېكىدىن ئۈزۈلۈپ، ئۈچ دۇنيانىڭ ئۈچ تەرەپكە قېيسىپ قالغانلىقىنىڭ بەلگىسى. دېمەك، بۇنداق قىيساق دۇنيادا ھەقىقىي راۋۇرۇس، دۇرۇس پەرزەنتلىرىمىزنى ئىزدەپ تېپىش ۋە تەربىيىلەش، مېنىڭچە، ئاسان ئەمەس.

بەزى ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە بېرىپلا خۇددى سۇغۇرتا شىركەتلىرىگە قاتناشتۇرغاندەك خاتىرجەم بولۇشى تېخىمۇ خاتا. چۈنكى، مەكتەپ بۇنچىۋالا ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدۇ ھەم قولىدىنمۇ كەلمەيدۇ. شۇڭا، بەزى سەۋەبلىكلەر يۈز بەرگەندە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەسئۇلىيەتتىن قېچىش ھادىسىلىرى مانا شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپ بىر بالىنى سىزنىڭ، بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدەك ئۇنچىۋالا مۇكەممەل تەربىيىلەۋەتكىدەك ئىقتىدار ۋە تەربىيە مۇھىتىغا ئىگە ئەمەس. مېنىڭ قارىشىمدا، بىز بالىلىرىمىزغا ئائىلىدە بىرخىل گەپ قىلىمىز، مەكتەپ يەنە بىر خىل گەپ قىلىدۇ، جەمئىيەت بولسا يەنە بىر خىل گەپ قىلىدۇ. شۇڭا، بالىلار قايسىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئايرىشتا قىينىلىدۇ ۋە تېڭىرقايدۇ. مەسىلەن، مائارىپ ۋە ئائىلىدە

www.uyghurkitap.com

ئوقۇتقۇچى مۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ دېسە، ئائىلىدە ئاتا- ئانىسى قىلىدۇ، ئاتا- ئانىسى قىلما دېگەننى مەكتەپ قىلىدۇ... بۇنداق زىددىيەتلىك جەرياندا بالىلارنىڭ ئىدىيە ۋە خاراكتېرىدە بۇزۇلۇش يۈز بېرىدۇ.

سوقراتنى ئۆلۈم ئالدىدا «نېمە ئارزۇيىڭىز بار؟» دەپ سورىغاندا: «مەن بالامنىڭ ساغلام بولغان بىر جەمئىيەتتە ياشىشىنى ئارزۇ قىلىمەن» دەپتىكەن. بۈگۈنكى كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىققا نىسبەتەن بىز بۇ گەپتىن ئېغىز ئاچالامدۇق؟ شۇڭا، مەكتەپ تەربىيىسى، ئائىلە تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسى ھەققىدە بىر ئىزغا، بىر خىللىققا ئىگە بولماي تۇرۇپ ئۈنۈملۈك مائارىپتىن ئېغىز ئېچىش تەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدە ئائىلە مائارىپى ئاساسەن يوق دېيەرلىك. ئائىلىلەردە بالىلىرىمىزغا بەرگۈدەك مەنىۋى ئوزۇق تېخىمۇ يوق. ئازادە ئۆي، يېزىق ئۈستىلى، بىر دانە چىراغ، يېتەرلىك ماددىي شارائىت ھەرگىزمۇ بىر بالا ئۈچۈن ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ تولۇق شەرت- شارائىتى ھېسابلانمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى، سىز -بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا ئائىلە مائارىپى ئۈچۈن زادى قانچىلىك «خېمىر تۇرۇچ»نىڭ بار- يوقلۇق مەسىلىسى. بىزدە ئائىلىنىڭ شان- شەرىپى ئېڭى مەۋجۇدمۇ؟ سىز- بىز بالىلىرىمىز ئۈچۈن ھەققىي ئۈلگە بولالامدۇق؟ سىز- بىز قىلچە دۇدۇقلىماي «بالام سەن مەندەك بول» دېيەلەمدۇق؟ مۇشۇنداق دېيىشكە تىلىمىز بارامدۇ؟ ياكى ئۈنىمىز ئىچىمىزگە چۈشۈپ كېتەمدۇ؟ بالا كىمنى دوراپ چوڭ بولۇش كېرەك؟ مەسىلە دەل مانا شۇ يەردە. ستېنا خانىم ئۆزىنىڭ «ستېنا خانىمنىڭ تەبىئىي تەربىيىسى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازغان: «پەقەت ئادەملەرلا ئۆز بالىسىنى باشقىلارنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇرىدۇ، ھايۋانلار ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. رىم ئىمپېرىيىسى رىملىق ئانىلارنىڭ بالىلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلغانلىقىدىن ھالاك بولغان.

تەربىيە مەكتەپتە مۇئەللىملەردىن ئەمەس، بەلكى ئائىلىلەردە ئانىلاردىن باشلىنىشى كېرەك. بالىلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ئانىلار بىلەن مۇئەللىملەر جەزمەن ئۆزئارا ھەمكارلىشىشى، بالىلارغا بىرلىكتە تەربىيە بېرىشى كېرەك.

ئۇلۇغلارنىڭ بالىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يارىماس بولۇپ چىققان؛ ئاشۇ بالىلارنىڭ نەتىجىلىرى ئاتا- ئانىلىرىنىڭ نەتىجىلىرىدىن ناھايىتىمۇ پەرقلىق، ھەتتا ئەكسىچە بولغان. نېمە ئۈچۈن؟ ئىرسىيەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئۇلۇغلارنىڭ بالىلىرىمۇ ئۇلۇغلاردىن بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن ئۇلۇغلارنىڭ بالىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يارىماسلاردىن بوپقالىدۇ؟ بۇ، ئاشۇ ئۇلۇغلارنىڭ ئۆز كەسپىگە بېرىلىپ كېتىپ، خوتۇنى ۋە بالىلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە سەل قارىغانلىقىدىن بولغان، خالاس»[2].

بىز بالىمىز يامان يولغا كىرىپ قالسا ئۇنىڭدىن، بۇنىڭدىن كۆرۈپ باقمىز. ئەمەلىيەتتە، بارلىق مەسئۇلىيەت يەنىلا ئۆزىمىزدە. ئەگەر، ئىش سىز ئويلىغاندەك بولسا نېمىشقا ئەتراپىڭىزدىكى باشقا بالىلار ئۇنداق قىلماي، سىزنىڭ بالىڭىزدا بۇ ئىش كۆرۈلىدۇ؟ دېمەك بۇ، سىزنىڭ ئائىلە مائارىپىڭىزدا مەسىلە بار دېگەنلىك. نېمىشقا جەمئىيەتتە بىرەر كېسەللىك تارقىسا ھەممە ئادەمدە كۆرۈلمەي، بەلكى ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىز ئادەملەردە كۆرۈلىدۇ. مانا بۇ ئاچقۇچلۇق تەرەپ.

مائارىپىمىزدىكى كەم تەرەپلەر ئىچىدە يەنە ساغلام خاراكتېر يېتىلدۈرۈش، بالىلارنىڭ غۇرۇرىنى ساقلىماسلىق قاتارلىق تەرەپلەرنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. مۇبادا سىز مەكتەپتە ئانچە ياخشى ئوقۇيالمىغان بىر ئوقۇغۇچىنى «سىز مەكتەپتە قانداق ئوقۇغۇچى» دەپ سورىسىڭىز ، قىلچە ئىككىلەنمەي «مەن ناچار» دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. بىر سەبىي، پاك بالىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنى «ناچار» دەپ ئاتىشىنى مائارىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنى «ياخشى»،« ناچار » دەپ دەرىجىگە ئايرىشتىن ئىبارەت ئىنتايىن بىمەنە تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئاندىن ساغلام تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بىر گۆدەك بالىنىڭ مەكتەپ قوينىغا كىرىپ ئانچە ئۇزاققا بارمايلا «ناچار» دېگەن باھاغا ئېرىشىشى ئەسلىدە تولىمۇ خەتەرلىك ئەھۋال. چۈنكى، بۇ بالا بىر مەزگىل ئاشۇ ماركىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ يۈرىدىغان گەپ. سىز جەمئىيەتتە بىرەر ئادەمنى «بۇ ئۆتۈپ كەتكەن ناچار ئادەم» دېسىڭىز، بۇ گېپىڭىزنى ئاڭلاپ قالسا شۇ ئادەمنىڭ غەزەپلەنمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا جېدەللىشىشى مۇمكىن. بىراق مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىبىر سەۋەنلىكلىرىنى (گەرچە سەممىي نىيەتتە تەنقىدلىمەكچى بولسىمۇ) ئوچۇقتىن- ئوچۇق «سەن ناچار ئوقۇغۇچى» دەپ ئاتاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن (ئۆز ۋاقتىدا مەنمۇ ئۇنىڭدىن خالىي ئەمەس ئىدىم). ئوقۇغۇچىلارغا لايىقىدا ئىززەت- ھۆرمەت كۆرسىتىشنى بىلمەيدىغان مەكتەپ ئوقۇغۇچىلاردا غۇرۇر يېتىلدۈرۈش ئەمەس، كۆپ ھالدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىدىغان، خاراكتېرنى بۇزىدىغان جايغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئەستايىدىل ئويلىنىپ باقىدىغان بولساق، بىر بالىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقىلارنىڭ ئالدىدا تەپ تارتماستىن «مەن ناچار ئوقۇغۇچى» دەپ باھالىغانلىقى، ئەمەلىيەتتە ئۇ بالىنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسىنىڭ ئاللىبۇرۇن خىرەلەشكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىزدە بالىلارنىڭ مەخپىيەتلىكى، غۇرۇرىنى ساقلاش ئەزەلدىن يوق. مەكتەپكە ئەمدىلا كىرگەن بىر بالا كىچىككىنە خاتالىق ئۆتكۈزگەن ھامان گۇرۇپپا باشلىقى سېنىپ باشلىقىغا دەيمەن، دەپ ئۇنى قورقىتىدۇ؛ سىنىپ باشلىقى سىنىپ مۇدىرىغا دەيمەن، دەپ قورقىتىدۇ؛ سىنىپ مۇدىرى ئاتا- ئاناڭغا ياكى مەكتەپ مۇدىرىغا دەيمەن، دەپ قورقىتىدۇ. مۇشۇنداق قورقۇتۇپ باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئاخىرقى ھېسابتا

www.uyghurkitap.com

بالىلارنىڭ ئىدىيە- خاراكتېرىنى بۇزىدۇ ھەممە سېپى ئۆزىدىن چىقمىچى قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ بالىلار ئىزچىل تۈردە «زەنجىرسىمان باغلانغان قورقۇتۇش»تىن ئىبارەت بىر خىل دوگما، پاسسىپ باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ ئاستىدا ياشايدۇ.

ئەمدى بىز ئۆزىمىزنى ناھايىتى يىراقتىكى ئامېرىكا مائارىپى ھەققىدىكى بىر ماتېرىيالغا ئاغدۇرۇپ باقايلى. ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغان:

قىز ئوۋرەم ئامېرىكىدا ئوقۇۋېتىپتۇ. ئامېرىكىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەخپىيىتى ۋە غۇرۇرىنى ساقلاشقا شۇنچىلىك ئەھمىيەت بېرىشى مېنى بەك تەسىرلەندۈردى.

ئوۋرەم باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3- يىللىقىدا ئوقۇۋاتقاندا بىر كۈنى مۇئەللىم ئاتا- ئانىلار يىغىنى ئاچىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. مېنىڭمۇ ئوغلۇم بىلەن بىللە بېرىپ كۆرۈپ باققۇم كەلدى. ئوغلۇم مۇئەللىمگە تېلېفون بېرىپ سورىسا، مۇئەللىم مېنىڭ مەكتەپكە كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلسام بولىدىغانلىقىنى، ئەمما ئاتا- ئانىلار يىغىنىغا ئوۋرەمنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن قاتناشسام بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. ئوغلۇم چۈشەندۈرگەندىن كېيىن تېخىمۇ ھەيران قالدىم. ئەسلىدە ئامېرىكىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن جۇڭگودىكىدەك ئاتا- ئانىلار يىغىنىدا ئومۇمىي دوكلات بەرمەيدىكەن، ماختاش، تەنقىدلەش ھەتتا ئىسىملىرىنى ئوچۇق- ئاشكارا ئېلىپ بارمايدۇ، ئەكسىچە مۇئەللىم ئاتا- ئانىلار بىلەن ئايرىم- ئايرىم كۆرۈشىدىكەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىكى ئىپادىسىنىڭ قانداقلىقىنى ئاتا- ئانىسى (قانۇنلۇق قوغدىغۇچىسى)غىلا ئېيتىدىكەن. بۇنداق يىغىن بىر مەۋسۇمدا ئىككى قېتىم ئېچىلىدىكەن. مۇئەللىم ۋاقتىنى بېكىتىپ بولۇپ ئائىلە باشلىقىغا خەۋەر قىلىدىكەن. ھەر قېتىملىق سۆھبەت 15 مىنۇتتىن يېرىم سائەتكىچە بولىدىكەن. بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا- ئانىسى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، باشقا ئاتا- ئانىلار ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرمايدىكەن. يىغىندىن كېيىن ئاتا- ئانىلار ئۆز ئارا سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىنى سۈرۈشتۈرمەيدىكەن.

جۇڭگودىكى چېغىمدا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىر سىنىپ مەسئۇلىنىڭ ئاتا- ئانىلار يىغىنىدا ھەربىر قېتىمدىكى دىۋىزىيە دەرىجىلىك بىر قوماندانىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ: «بۇ قانداق گەپ — ھە، قىزىڭىزنىڭ نەتىجىسى نېمىشقا داۋاملىق تۆۋەن بولىدۇ؟ بىرنىڭ كاساپىتى مىڭغا دەپ، سىنىپىمىزنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسىنى قىزىڭىزلا تارتىپ كېتىۋاتىدۇ!» دەپ ئەيىبلىگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. ئون نەچچە مىڭ ئەسكەرنىڭ سەركەردىسى بولغان ھېلىقى قوماندان قولاقلىرىغىچە قىزىرىپ، خىجىللىقتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغانىدى. مەنمۇ ئىلگىرى ئوقۇتقۇچى بولغان، بىراق شۇ چاغدا ئاشۇ قوماندانغا ئىچىم ئاغرىپ، «بالىغا زادى كىم دەرس ئۆتۈۋاتىدۇ؟ ئوقۇغۇچىنىڭ نەتىجىسى تۆۋەن بولسا زادى كىم كىمنى ئەيىبلىشى كېرەك؟» دەپ ئويلىغانىدىم.

ئامېرىكىدا ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا ئېلان قىلمايدىكەن. نەتىجىسىنى رەتكە تىزىلدۇرۇش ئەسلا يوق ئىش ئىكەن. ئىمتىھان قەغەزلىرىنى ئوقۇغۇچىلار بىر- بىرلەپ ئوقۇتقۇچىدىن ئېلىۋالىدىكەن. بىر- بىرىدىن نەتىجىسىنى سوراشقىمۇ بولمايدىكەن ھەم سورىمايدىكەن.

مۇئەللىملەر ئاتا- ئانىلارغا ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجە كۆرسەتكۈچىنى ۋاقتى- ۋاقتىدا ئەۋەتىپ تۇرىدىكەن ھەم ھەر قېتىمدا «ئەگەر بالىڭىزنىڭ نەتىجىسىدىن رازى بولمىسىڭىز، بالىڭىزنى ئەيىبلىمەڭ، بالىڭىزنىڭ تىرىشچانلىقىغا، يەنە كېلىپ داۋاملىق تىرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىڭ. ئۇنىڭغا كۆپرەك ئىلھام بېرىڭ. ئۇ سىزنىڭ مېھرىڭىز ۋە ئىلھامىڭىزدىن خۇشاللىق تېپىسۇن. ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرسۇن» دېگەندەك سۆزلەر يېزىلغان بىر پارچە خەتنىمۇ قوشۇپ قويىدىكەن.

قاراڭ، ئامېرىكىدا بالىلارغا كىم بەكرەك كۆيۈنىدىكەن؟ سىزچە بۇ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى ئەركىلىتىپ بوش قويۇۋەتكەنلىكىمۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا قويىدىغان تەلىپى ئالاھىدە، بۇنداق ئالاھىدە قاتتىق تەلەپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن بولغان، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنى جازالىغانلىق ياكى ئۇلار بىلەن قىيىشقانلىق ئەمەس.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدە بالىلارنىڭ تۈرلۈك كەمچىلىك- ئاجىزلىقى ھەر قېتىملىق ئاتا- ئانىلار يىغىنىدا ئاتا- ئانىلارنىڭ ئالدىدا ئوچۇق- ئاشكارا ئۇقتۇرۇلىدۇ. مۇشۇنداق قىلسا قانداقمۇ يەنە بالىلاردا غۇرۇر يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ؟

بالىلار تۇرمۇشتا قانداق نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالىدۇ؟ دېگەن بىر پارچە «تەرمىلەر»دە تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنىدۇ:

«ئەگەر بالىلار تەنقىدلەش مۇھىتىدا ياشىسا، ئەيىبلەشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

ئەگەر بالىلار دۈشمەنلىشىش مۇھىتىدا ياشىسا، ئۇرۇشۇشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

ئەگەر بالىلار مەسخىرە قىلىش مۇھىتىدا ياشىسا، تەڭقىسلىقتا قېلىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

ئەگەر بالىلار ئىزا- ئاھانەت ئىچىدە ياشىسا، ھەسرەت چېكىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

ئەگەر بالىلار ئېغىرچانلىق مۇھىتىدا ياشىسا، كەڭ قورساقلىقنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

ئەگەر بالىلار ئىلھاملاندۇرۇش مۇھىتتا ياشىسا، ئۆزىگە ئىشىنىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

ئەگەر بالىلار مەدھىيىلەش مۇھىتىدا ياشىسا، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

ئەگەر بالىلار باراۋەرلىك مۇھىتىدا ياشىسا، ھەققانىيەتنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

ئەگەر بالىلار بىخەتەرلىك مۇھىتىدا ياشىسا، ئۆزىنى قەدىرلەشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.»[3]

ئەگەر بالىلار ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىنىدىغان ۋە دوستانە مۇھىتتا ياشىسا، بۇدۇنيادىن مۇھەببەت ئىزدەشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

يۇقىرىقى ھېكمەتلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىز بالىلارنىڭ قەلبىگە، ئىدىيىسىگە نېمە تېرىساق، ئۇلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولساق، ئالىدىغان ھوسۇلىمىزمۇ ئەلۋەتتە شۇ بولىدىغان گەپ.

بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى ھېكايە تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ: مەلۇم بىر بالىنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇش ئىپادىسى ئانچە ياخشى ئەمەسكەن. مۇئەللىم ھەر قېتىم بۇ بالىنىڭ دادىسىنى چاقىرتىپ بىر مۇنچە «شىكايەت» قىلىدىكەن. بىراق، دادا ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ھەر قېتىم ئوخشاشلا بالىسىغا «مۇئەللىمىڭ سېنى ئۆتكەنكىگە قارىغاندا خېلى ئىلگىرىلىدى دەيدۇ» دەيدىكەن. مۇشۇ ھالەت خېلى ۋاقىت داۋاملىشىپتۇ. ئاخىرى بۇ بالا ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان دادىسى ناھايىتى خۇشال بولۇپ ئۆيگە كەلسە شىرە ئۈستىدە بىر پارچە خەت تۇرغىدەك. قارىسا، ئۇنىڭغا «دادا، مېنى ئالىي مەكتەپكە مۇئەللىم ئەمەس بەلكى سىز ئۆتكۈزدىڭىز» دەپ يېزىقلىق تۇرغىدەك. دېمەك بۇ دادا بالىنىڭ قەلبىنى، غۇرۇرىنى، ئىززەت- ئابرۇيىنى ھەقىقىي چۈشەنگەن، پەرزەنت تەربىيىلەش جەھەتتە ئۆزىدە بىر قۇر تەربىيە سەنئىتىنى ھازىرلىغان دادىدۇر. شۇڭا بۇ، بالىنى كۈتۈلمىگەن پاجىئەدىن ساقلاپ قالالىدى.

مائارىپ بالىلاردا ساغلام خاراكتېر، ۋىجدان، غۇرۇر، نومۇس، شەرەپ تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمەيدىكەن، بۇنداق مائارىپتا تەربىيىلىنىپ چىققان بالىلارنىڭ ماشىنا ئادەمدىن پەرقى بولمايدۇ. سىز ئوقۇتقۇچى بولسىڭىز، بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىزگە گەپ ياندۇرغان چاغلىرىغا دۇچ كەلگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. مېنىڭچە، ئۇ بالا چوقۇم باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ غۇرۇرىنى ساقلاش ئۈچۈن شۇنداق قىلىشقا توغرا كەلگەن. چۈنكى، سىز ئۇنىڭ غۇرۇرىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئاياغ ئاستى قىلغان گەپ. شۇڭا، بەزى چاغلاردا ئادەم ئۆزىنىڭ غۇرۇرىنى ساقلاش تۈپەيلىدىن جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قالىدۇ.

دېمەك، مەكتەپلەردە ناھايىتى ئاز ساندىكى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇتقۇچى بىلەن زاكونلىشىشى، ئېھتىمال، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ غۇرۇرىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈكلىكىدىن بولسا كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا مەكتەپتە بالىلارنى ھە دېسىلا قۇرۇق ئېمىزگۈ بىلەن چوڭ قىلىدىغان ئىشلار ئېغىر. يەنى، «چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلماي دەيسىز؟»، «سىزنىڭ غايە ۋە ئارزۇيىڭىز نېمە؟...» دېگەندەك. بۇ خاتا ئەمەس. بىراق، بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپ جاپاغا چىداش، ئىرادىلىك ئادەم بولۇشتىن ئىبارەت قەيسەر خاراكتېر يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراش، مەغلۇپ بولۇش ھەققىدىمۇ بىلىم بېرىشى كېرەك. مەسىلەن، «سىز كەلگۈسىدە خىزمەت تاپالمىسىڭىز قانداق قىلىسىز؟»، «تىجارەتتە مەغلۇپ بولسىڭىز قانداق قىلىسىز؟...» دېگەندەك. بۇخىل تەربىيە گېزى كەلگەندە بىزنىڭ ئۇلارغا ئېلىپ بارغان بىرخىل قۇرۇق نەزەرىيىۋى غايە تەربىيىسىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولۇشى مۇمكىن.

## ستاتا مەنبەلىرى

[1] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى تولقۇز ھېكمەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003- يىل نەشرى 239- بەت.


[2] م. س. ستېبنا: «ستېبنا خانىمنىڭ تەبىئىي تەربىيىسى»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004- يىل نەشرى 1-، 2- بەتلەر.

[3] تەلئەت قادىرىي تۈزگەن: «بىز ئىزدەۋاتقان مائارىپ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002- يىل نەشرى 41- بەت.

ئاپتور: شائىر، ش ئۇ ئا ر ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى (M1)،(M3)

بۇ سان 2008- يىل 10- ئىيۇندا تىزىشقا يوللاندى، 30- ئىيۇلدا نەشردىن چىقتى.

تەھرىرلىگۈچى: قۇربان ماموت(M1)، رىسالەت مۇھەممەت(M2)، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن(M3)، بېكىتكۈچى: قۇربان ماموت(ئالىي مۇھەررىر)



# ھۆكۈمالار ئېيتىدۇ...

## تۇردى ھاجىم تېببىي ھېكمەتلىرىدىن

توپلىغۇچىدىن: تۇردى (ئەھمەد) ھاجىم (1863-1987) خوتەن دىيارىدا ياشاپ ئۆتكەن ھۆكۈما، ئۆمۈر جولىينى. ئۇنىڭ مول تىببىي تەجرىبىلىرى كەڭ جامائەتچىلىك ئارىسىغا تارقىلىپلا قالماستىن، تىببىي ھېكمەتلەر بىلەن ھايات ھېكمەتلىرى مۇجەسسەملەنگەن سۆز-ئىبارىلىرى ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ كەلمەكتە. تۆۋەندىكىسى ئۇنىڭ بىر قىسمى.

▲ سىھھەت (ساقلىق) تىلىسەڭ ئاز يە، ئىززەت تىلىسەڭ ئازدە (ئاز سۆزلە).

▲ ساغلاملىق نەپسى بىلەن، ئىززەت-ھۆرمەت گەپ-سۆزى بىلەن بولىدۇ.

▲ قاقلاپ، داغلاپ، بۇسلاپ پىشۇرغان تائاملار كېسەل باشلاپ كەلگۈسىدۇر.

▲ ئەتىگەنلىك ناشتاڭ سۇيۇق بولسا، بىر كۈن كۆڭلۈڭ يورۇق بولىدۇ.

▲ باش ئاغرىقى غەمدىن، بەل ئاغرىقى نەمدىن پەيدا بولغۇسىدۇر.

▲ ئالىملار مېڭىسىدىن، دېھقانلار تېرىسىدىن قېرىيدۇ.

▲ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ ئاساسى — مۆتىدىل ھايات كەچۈرۈشتىن كېلىدۇ.

▲ 100ياشتىن ئېشىپ ئۆمۈر كۆرۈش — ھەق ياشىغانلىق، 100ياشقا بارماي ئۆلۈپ كېتىش — ناھەق ئۆلۈم ھېسابلىنىدۇ. ناھەق ئۆلۈم سەۋەبىنى: يەنى، ئارتۇقچە ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپا؛ بەك تويۇنۇپ يەپ-ئىچىش ياكى ئاچ قېلىش؛ ئارتۇقچە غەم ياكى شادلىقتىن پەيدا بولىدۇ.

▲ ياش-قېرىلىقنىڭ ئۆلچىمى ئۈچ: بىرى، ئۈمىدۋارلىق، ئىككىنچىسى، تېنىك روھىي ھالەت، ئۈچىنچىسى، ساغلام چىراي-قىياپەتتۇر. مۇشۇ ئۈچ خىل ئالاھىدىلىك كەمدە بولسا يېشى 60تىن ئاشسىمۇ ياش ھېسابلىنىدۇ. ئەكسىچە بولسا، 30ياش بولسىمۇ قېرىغان ھېسابلىنىدۇ.

▲ دىنىي ئىسلامدا ئىستېمال قىلىش چەكلەنگەن نەرسىلەرنىڭ بەدەنگە پايدىسى يوقتۇر؛ چەكلەنمىگەن بارلىق مەۋجۇداتنى لايىقىدا ئىستېمال قىلماسلىق — كېسەلنى چاقىرغانلىقتۇر.

▲ ناشتىنى قولدىن بەرمىگەن كىشى — تېۋىپقا ھاجىتى چۈشمەيدىغان كىشىدۇر.

▲ ئىككى تائىپە بولمىغان يۇرتتىن كۆچۈپ كەتكۈلۈك: بىرى، كېسەل كۆرستىشكە تېۋىپ بولمىغان يۇرتتىن؛ يەنە بىرى، ئۆتنە-ياردەم قىلالىغۇدەك باي يوق يۇرتتىن.

▲ ئالىم يۇرتنىڭ تۈۋرۈكى، باي يۇرتنىڭ كۆڭلۈكىدۇر.

---

توپلىغۇچى: لوپ ناھىيە مەدەنىيەت يۇرتىدىن مەتتۇرسۇن مۇھەممەت (M2)

ئاتىلار سۆزى — ئەقىلنىڭ كۆزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق مىللىي ئۇسسۇل بايرىمىدىن كۆرۈنۈشلەر

— ئۆركەش جاپپار فوتوسى








《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008—6498
国内统一刊号：CN65—1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市胜利路193号
邮　　编：830001　电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

邮发代号：58—22　定价：5元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2008-يىل 4-سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008—6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65—1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت- ئېكسپورت (گۇرۇھ)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193-نومۇرلۇق قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22-58 باھاسى: 5 يۈەن

## جۇڭگو شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق مىللىي ئۇسسۇل بايرىمىدىن كۆرۈنۈشلەر

— ئۆركەش جاپپار فوتوسى

www.uyghurkitap.com



















